


•XINJIANG C[illegible]ATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ• مجلة حضارة شنجيانغ •



دىلشاد ئىبراھىم فوتوسى

# تەمبۇرچى دوستۇم ھۇسەنجان جامىيغا

## تېيىپجان ئېلىيېف

ھەق ئىدى بولسا لەقەم تەمبۇر ساڭا،
سەن ئۇنىڭغا جور، ئۇمۇ بەك جور ساڭا.

ئۆرگىلەي بارماقلىرىڭنىڭ شەۋقىدىن،
تىڭشىماس كىممۇ قاراپ مەغرۇر ساڭا.

سەن كەبى كىم سايرىتالايدۇ ئۇنى،
يا چىقارغانمۇ ئاتاپ ئۇيغۇر ساڭا.

ئەۋجىگە چىققىنىڭ بۇ بابتا جۇش ئۇرۇپ،
بۇ ئۇدۇم سىڭگەنلىكىن چوڭقۇر ساڭا.

ناخشىغا خوپ جىلۋە بەرگەچ بارمىقىڭ،
ئاڭلىغانىنىڭ ئالقىشى بەك زور ساڭا.

جامىيكام كەتكەن كەبى «بارىكاللا» دەپ،
روزى تەمبۇر روھى مەمنۇندۇر ساڭا.

نەغمىدە چالغان بىرەر پەدەڭ ئۈچۈن
يازسىمۇ ئاز نەزمىدىن مىڭ قۇر ساڭا.

1987- يىل 13- ئاپرېل

ــ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىدىكى نامايەندىلەرنىڭ بىرى: يېتۈك تەمبۇرچى، كومپوزىتور، «مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن مۇقام سەنئەتكارى» ھۇسەنجان جامىي ئەپەندى تەۋەللۇتىنىڭ 80 يىللىقىنى مۇبارەكلەيمىز

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(59 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2010 ـ يىل 2 ـ سان
(ئومۇمىي 302 ـ سان)



باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى (قوشۇمچە)**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
باشقارما باشلىقى- دەرىجىلىك مەمۇرى)

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۈسۈپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تەكلىپلىك مۇھەررىر ۋە
گۈزەل سەنئەت لايىھىلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىرى )


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا


## بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت

قىممەت ۋە ھىممەت ........................ يالقۇن روزى 2

## مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيىنىڭ سىرى

دەسلەپكى تەربىيىنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە مائارىپنىڭ ھەل قىلغۇچ ئاملىغا ئايلىنىشى ........................ تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 9

## تەپەككۇر كۆزى

بىلىم، تەپەككۇر، ئىنتىپاقلىق ..........ئوسمانجان مۇھەممەت پاسىئان 27

بىر پارچە رەسىم ئالدىدا......................ئابدۇنىياز توختى 33

دانالاردىن سۆز......................تەۋسىيە قىلغۇچى: ئەنۋەر مەڭلىك 35

تەپەككۇر مېۋىلىرى ........................قۇربان نۇر قاتارلىقلار 37

## سەھرا سۈرەتلىرى

سەھرا بازىرىدىكى ھېكايە .....(ھېكايە)......ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 43

## غۇرۇر ــ ۋىجدان بايرىقى

غۇرۇرنىڭ بايانى ........................ ئابلەت مۇھەممەت 50

## ئەدەبىيات دۇنياسىدىكى پارچىلار

«بۆرە توتېمى»: تەنقىد ۋە تەنقىد ..........ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى 57

## ھەيرانباغ تەرمىلىرى

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى ھېكمەتلەر ........نۇرشاد مەمتىلى قاتارلىقلار تەرجىمىسى 68

## ئۇستاز سۆيىتى

مەن كۆرگەن پروفېسسورلار......................زۇلپىقار بارات ئۆزباش 72



بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا دوكتورى: قۇربان مامۇت




## شۇۋۇلدىكى رازىخان

2001 ـ يىل 12 ـ مارت چۈشتىن بۇرۇن. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى كېرىيە بوستانلىقىغا قاراشلىق بىر نامرات يېزا. تۇتۇق ئاسماندىن توختىماي توپا يېغىپ تۇراتتى. ئەتىياز بىلەن قىش ئارىلىقىدا بولىدىغان مۇزدەك سوغۇق بەدەننى ھېلىدىن ھېلىغا جۇغ ـ جۇغ قىلاتتى. چاڭ باسقان يوپۇرماقسىز دەل ـ دەرەخلەر شۇمشىيىپ تۇراتتى. شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن قوشامداپ سېلىنغان ئاددىي ئۆيلەر بەكمۇ غېرىبانە كۆرۈنەتتى. ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان مەنزىرىلەر بىلەن تولغانىدى. قۇرۇق تېمىمۇ يوق، ھەممە يېرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان بىر مەكتەپنىڭ ھويلىسىدا مۇزدەك سوغۇقتا، كىيىملىرى يېلىڭ بىر مەسۇمە قىز مۇخبىرلار ئالدىدا نىمجان كەپتەردەك دىرىلدەپ تىترەپ تۇراتتى. بۇ مەسۇمە قىزنىڭ ئىسمى رازىخان ئىدى. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ يۈرىكى شامدەك ئېرىمەي قالمايتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسى تولىمۇ قىسقا، ئەمما، بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئېسەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە غەلىتە بولۇپ، ئەقىلگە پەقەت سىغمايتتى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاشۇ بىچارە قىزنىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى ھەم ئۇنىڭ مۇخبىرلار ئالدىدا دىرىلداپ تىترەپ تۇرغان ھالىتى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە ئىدى. مەن ئۇنى پات ـ پات ئەسلەيتتىم. ئۆرۈمچىدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى مەكتەپلەردە تەكلىپ بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا كىشىلىك ھايات قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش، توغرا قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش تېمىلىرىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە مىسال كەلتۈرەتتىم. رازىخاننىڭ ھېكايىسى مەن 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئاڭلىغان ئەڭ چوڭ خەۋەر ئىدى. مەن رازىخاننى كۆرگەندە 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغىنىمىزغا 71 كۈن بولغانىدى. كېلەچەككە ھەر دائىم ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان روھىي ھالىتىم 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا تېخىمۇ ئۈمىدكە تولغانىدى. ماڭا نىسبەتەن 21 ـ ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ قۇچاق ئېچىشى مۇمكىن بولغان بىرەر پارلاق مەنزىرىدىن دېرەك يوق بولسىمۇ، ۋۇجۇدۇمدا كۆرۈلگەن بۇ پىسخىكىلىق ھالەت كالېنداردىكى «چوڭ سەكرەش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەبىئىي ھاياجان ئىدى. مەن 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇشنى كالېندارچىلىق جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن

بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت

تاشقىرى چۈشىنىشكە ئامالسىز ئىدىم. 21- ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھەقىقەتەنمۇ ئادەتتىكى بىر ئەسىر ئالمىشىش ئەمەس، بەلكى مىڭ يىلدا بىر ئۆزگىرىدىغان ئېرا ئالمىشىش ئىدى. بىر ئېرادىن يەنە بىر ئېراغا قەدەم قويۇش ئىنسانىيەت تارىخىدىكى چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. ئەنە شۇنداق چوڭ ئېراغا ئاتلىغاندىن كېيىن قەلبىمنى لەرزىگە سالغان چوڭ خەۋەر— ئاشۇ مەسۇمە قىز رازىخاننىڭ ھېكايىسى بولغانىدى.

بۇ يىل، يەنى 2010- يىلنىڭ باشلىرى بىر كۈنى كەچتە ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ، تىزگىنەك بىلەن تېلېۋىزىيە قاناللىرىنى تاللاپ كۆرۈۋاتاتتىم. توساتتىن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2- يۇرۇش قانىلىدا دوكتور ماھنۇر ئەخمەتنىڭ نەق مەيدان خەۋىرى كۆرسىتىلىپ قالدى. دوكتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىللىق يىغىنى بىلەن سىياسىي كېڭەشنىڭ يىللىق يىغىنىغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى نەق مەيداندىن ئاڭلىتىۋاتاتتى. دوكتور ماھنۇر ئەخمەت ئارىلىقتا بۇ قېتىمقى «ئىككى يىغىن»دا «مەجبۇرىيەت مائارىپى» باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىكلەرنى ھەقسىز تارقىتىش توغرىسىدىكى قارارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇئان قەلب ئالبۇمىمدا رازىخاننىڭ سوغۇقتا، يېلىڭ كىيىملىرى بىلەن مۇخبىرلار ئالدىدا دىرىلداپ تۇرغان ھالىتى ئەكس ئەتتى. ئەگەر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى بالدۇرراق ئاشقان بولسا، بۇ قارار نەچچە ئون يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولاتتىدە، بەختسىز قىزچاق رازىخاننىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى يۈز بەرمىگەن بولاتتى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاشمىغان ئەھۋالدا بۇنداق قارارنى چىقىرىشقا ھەقىقەتەن ئىمكانىيەت يار بەرمەيتتى. بۇ تەرەپنى چۈشىنىشكە بولاتتى. يۈز بەرگىنىگە ئون يىل بولغان بۇ ھېكايىنى بىز 2001- يىل مارتتا كېرىيە ناھىيىسىدە ئاڭلىغانىدۇق. بىز دېگىنىم شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تەشكىللەنگەن دەرسلىك كىتابلارنىڭ ئوقۇغۇچى بېشىغا ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى ئون كىشى ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئابدۇرازاق سايىم تەشكىللىگەن بولۇپ، گۇرۇپپىنىڭ مەقسىتى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى «مەجبۇرىيەت مائارىپى» باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتابلارنى سېتىۋېلىشى قىيىن بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەپ مەركەزگە يوللاش، شۇ ئارقىلىق مەركەزنىڭ سىياسەت ۋە تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، دەرسلىكلەرنى ھەقسىز تارقىتىش قارارىنىڭ چىقىرىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئىدى. بۇ تىرىشچانلىقىمىز نەتىجىلىك بوپقالسا، تالاي نامرات ئاتا- ئانىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى يەڭگىللىگەن بولاتتى. ئابدۇرازاق سايىم يۇقىرىغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدىغان ئېسىل خىزمەت ئىستىلىغا ئىگە بولغاچقا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بۇ گۇرۇپپىنى تەشكىللىگەنىدى. بۇ گۇرۇپپىدا ئابدۇرازاق سايىم بىلەن مەندىن باشقا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن ئىلھام، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دىكتورلىرىدىن گۈلشەن ئابدۇرېھىم، مۇنىرە غوپۇر، مەمتىلى ئابلىز، مۇخبىر ئەنۋەر روزى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىدىن روشەن، ئىبراھىملار بار ئىدى. مەن ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ سۆز تېكىستىنى يېزىشقا مەسئۇل ئىدىم. بىز ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، كورلىدىن ئۆتۈپ قۇملۇق تاشيولى بىلەن خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىگە قەدەم قويدۇق. خوتەن تەۋەسىدە كۈندە دېگۈدەك توپا يېغىۋاتقان، ھاۋا سوغۇق كۈنلەر ئىدى. بىز نىيا ناھىيىسىدىكى ئىككى كۈنلۈك تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كېرىيىگە يېتىپ بارغان كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا كېرىيە ھاكىمى مەتسەيدى خۇدابەردى بىزگە كېرىيىنىڭ شۇۋۇل يېزىسىدا يۈز بەرگەن، دەرسلىك كىتاب بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر پاجىئەلىك ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. مەتسەيدى ھاكىمنىڭ دېيىشىچە، شۇۋۇل يېزىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر جۈپ ئاكا- سىڭىل بولۇپ، ئاكىسى 13 ياشتا، سىڭلىسى 11 ياشتا ئىكەن. ئۇلارنىڭ قولى قىسقا ئاتا- ئانىسى تېرىپ- تۆشەپ يىغقان پۇلنى ئىككى بالىسىنىڭ دەرسلىك كىتاب پۇلىغا تۆلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاكا- سىڭىل ئىككىسىگە 20 يۈەندىن جەمئىي 40 يۈەن كېمىپ قاپتۇ. دەرسلىك كىتابنىڭ پۇلىنى شىنخۇا كىتابخانىسىغا تاپشۇرىدىغان قەرەل توشۇپ كەتكەچكە، مەكتەپ بۇ ئىككىيلەندىن قالغان 40 يۈەننى تېزراق تۆلىۋېتىشنى سۆيلەپتۇ. ئاكا- سىڭىل ئىككىيلەن ئەھۋالنى ئاتا- ئانىسىغا ئېيتقاندىن كېيىن، دادىسى نائىلاج ئۈچ ئورۇق توخۇسىنى سېتىپ 20 يۈەن راسلاپ، ئىككى بالىسىغا 10 يۈەندىن تۇتقۇزۇپ، مۇشۇنى بولسىمۇ تۆلەپ تۇرۇڭلار، دەپتۇ. ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىچارىلىقىنى چۈشىنىدىغان بالىلارنىڭ ئارتۇق گەپ قىلىشقا تىلى بارماپتۇ. نومۇس تۇيغۇسى كۈچلۈك 13 ياشلىق ئوغۇل باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەنە خىجالەتچىلىك تارتىشنى خالىماي، ئۆزىنىڭ قولىدىكى 10 يۈەننى سىڭلىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، سەن قەرزىڭنى

تۆلنۈەتكىن، مەن بىر ئامال قىلمەن، دەپ سىڭلىسىنى مەكتەپكە يولغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى مەھەللىنىڭ سىرتىغا كېتىپتۇ. كەچتە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ جەسىتىنى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىۋالغان يېرىدىن تېپىپتۇ.

تاماق شىرەسىدە ئولتۇرۇپ بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان ھەممىمىزنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ كەتتى، 20 يۇەن پۇلنىڭ كەم بوپقالغانلىقى سەۋەبىدىن 13 ياشلىق بىر نوتا ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. جاپاكەش دېھقاننىڭ ئۈمىدىنى يەلكىسىگە يۈكلىگەن بىر ساغلام سەھرا بالىسى قارا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ھەر خىل ئويۇننى ئويناپ مەيدانلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈشكە، ۋېلسىپىتنى مىنىپ يېزا يوللىرىدا قويۇنداك چېپىپ ئويناشقا، مەكتەپ فورمىسىنى كىيىپ ساۋاقداشلىرى بىلەن «بىز بەختلىك ئەۋلاد» دېگەن ناخشىنى جاراڭلىق ئېيتىشقا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ شادلىق ئىلكىدە ئۇلارنىڭ مەڭزىگە سۆيۈشكە ھەقلىق بىر ئۆسمۈر بوينىغا ئارغامچا سېلىپ، توپا يېغىپ تۇرغان بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلاشقانىدى. مەن سەپەرگە چىقىشنىڭ ئالدىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇمغا مەكتەپنىڭ «بىر تەشتەكتىن گۈل ئەكېلىش» تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۈرۈمچى ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ يېنىدىكى گۈل بازىرىدىن 20 يۇەنگە بىر تەشتەك گۈل ئېلىپ بەرگەنىدىم. خىيالىمدا ئادەتتىكى بىر تەشتەك گۈل بىلەن ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان بىر سەبىي بالا بىر ـ بىرىگە روبىرو تۇراتتى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر 12 ـ مارت ئەتىگەندە شىۋۇل يېزىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاشۇ بىچارە ئوغۇل ئوقۇغان مەكتەپنى كۆرۈش، ئەھۋالنى ئېنىق ئۇقۇش، ئۆلۈۋالغان ئوغۇلنىڭ سىڭلىسىنى يوقلاش ئىدى. گۇرۇپپىدىكى بارلىق ئەزا بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ راستلىقىغا ئۆزلىرىنى ئىشەندۈرەلمەيۋاتاتتى. ئۇلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا باشلىرىنى چايقايتتى. ماشىنىلار كېرىيە ناھىيە بازىرىدىن يولغا چىقىپ بىر يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن شىۋۇل يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. مەكتەپ ئالدىغا كەلگەندە قارىساق چوڭ يىغىن ئېچىلىۋاتقانىكەن. بىر نەچچە ئېغىزلىق ئاددىي سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدىدىكى توپىلىق مەيداندا ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇغۇچىلار زوڭ ئولتۇرۇپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتچىلەرنىڭ مەكتەپلەرگە سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش» توغرىسىدىكى سۆزىنى ئاڭلاۋاتقانىكەن. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاۋازى سىنىپ بىناسىنىڭ ئۆگزىسىگە قويۇپ قويۇلغان كانايدىن ياڭراپ تۇراتتى. ھاۋا چاڭ ھەم سوغۇق ئىدى. بىز بارغاندىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى سۆزىدىن توختاپ ھەممىمىز بىلەن كۆرۈشتى. شۇ ئارىدا دىكتور مۇنىرە غوپۇر ھېلىقى قىزنى تېپىپ، يانغا تارتىپ پاراڭلىشىۋېتىپتۇ. مۇخبىر ئەنۋەر روزى تېلېكامېراغا ئېلىۋېتىپتۇ. سوغۇق ھاۋادا يېلىڭ كىيىنىۋالغان قىزچاق نىمجان كەپتەردەك دىرىلدەپ تىترەپ، بۇ ناتونۇش، ئەمما مېھرى ئۇتلۇق مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا قورۇنۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا جاۋاب بېرىۋېتىپتۇ. مۇنىرە غوپۇرنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ ئۆزىنى تۇتالماي قاپتۇ. بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان پاجىئەلىك ھېكايىنىڭ بىر ئاساسلىق پېرسوناژى بولغان قىزچاق تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ كەتكەنمۇ ياكى گۆدەكلىكىدىن بۇ پاجىئەنىڭ تراگېدىيىلىك قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر كۆزىدە بىر تامچىمۇ ياش يوق ئىدى. ئەمما سوغۇقتىن توختىماي تىترەيتتى. مۇنىرە غوپۇر ئۇنى ۋۇجۇدى بىلەن بولسىمۇ ئىسسىتىش ئۈچۈن باغرىغا بېسىپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا مەكتەپ مۇدىرى يىغىن ئەھلىگە بۈيۈك يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قىزى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دىكتورى گۈلشەن ئابدۇرېھىمنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتاب سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 2000 يۇەن ئىئانە قىلغانلىقىنى ئوقۇتۇردى. زوڭ ئولتۇرۇپ يىغىن تىڭشاۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار چاۋاك چېلىشتى. ئارقىدىن گۇرۇپپىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىئانە قىلىشتى. مۇنىرە غوپۇر رازىخان ئىسىملىك ھېلىقى قىزنى يېتىلەپ كېلىپ، گۇرۇپپىدىكى ھەممەيلەنگە تونۇشتۇردى. قىزنىڭ گويا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان ھالىتى قەلبىمىزگە ئورناپ كەتتى. قىزچاق چەمبەر شەكلىدە چۆرىدەپ قاراپ تۇرغان ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا توپىلىق مەيداندىن ئۈنۈپ چىقىپ قالغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكتەك ئۈن ـ تىنسىز تۇراتتى. تۇتۇق ئاسماندىن توختىماي توپا يېغىۋاتاتتى. ئاسمانمۇ توپا، يەرمۇ توپا ئىدى. ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قاپقارا قىسمەتنىڭ ئىلكىدە 11 ياشلىق رازىخان بۇ دۇنياغا قويۇلغان سوئال بەلگىسىدەك شۈمشىيىپ تۇراتتى. كۆزلەر نەملەشكەنىدى. ھېچكىم ئارتۇق گەپ قىلمايتتى.

بىز شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. كەچتە يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى، شائىر روزى سايىت (8 .9 .2001 ـ 1943) ۋە بىر قىسىم دوختۇر ئاغىنىلەر بىلەن «خوتەن مېھمانخانىسى»نىڭ ئايرىم خانىسىدا غىزالانغاچ پاراڭلاشتۇق. يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن شائىر روزى سايىت پاراڭ ئارىلىقىدا مەندىن ئۈرۈمچىدىكى يېڭىلىقلار ھەققىدە

سوراپ قالدى. مەن يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان ئۇچراتقان ئەڭ يېڭى خەۋەر سۈپىتىدە شۇۋۇلدىكى رازىخاننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىم. سورۇندىكىلەر ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلاندى. ئىرادىسى قاتتىق، ئەمما كۆڭلى يۇمشاق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. خەلقچىل شائىر روزى سايىت «بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. يىغىغا ئەگىشىپ يۆتىلمۇ تۇتتى. ئۇ ئۆزۈنىچە يۆتەلدى...»

يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىل 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە» ناملىق خاتىرىسىدە «خوتەن مېھمانخانىسى»نىڭ ئايرىم خانىسىدىكى سۆھبەت ئەھۋالىنى قىستۇرۇپ يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرنى بۇ پاجىئەلىك ھېكايىدىن ئەڭ دەسلەپ خەۋەردار قىلدى. بىز بىر ئايغا يېقىن ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ھۆججەتلىك فىلىم قىلىپ ئىشلەپ «ئىچكى ماتېرىيال» سۈپىتىدە ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا يەتكۈزدۇق. شۇۋۇلدىكى رازىخاننىڭ ئېچىنىشلىق ھېكايىسى ھۆججەتلىك فىلىمدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ خاتىمىسىدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن، قەشقەر ۋە قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ دەرسلىك كىتابلاردىن ھەقسىز بەھرىمەن بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئىلتىماس قىلدۇق. بۇ مەسىلىنى قايەرلەردىن، يەنە كىملەر، قانداق يوللار بىلەن ئىنكاس قىلىپ، ئىلتىماس قىلدى، بىز ئۇنىڭدىن بىخەۋەر. ئەمما، شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىشلەپ يۇقىرىغا يوللىغان ھۆججەتلىك فىلىم بەكمۇ تەسىرلىك، ئەمەلىي ھەم جانلىق ئىدى. كۆرگەن ھەر قانداق رەھبەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماي قالمايتتى. بىزنى خۇشال قىلغىنى شۇكى، بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 2002 ـ يىل 15 ـ سېنتەبىردىكى «شىنجاڭ گېزىتى» «200مىڭ نامرات ئوقۇغۇچى دەرسلىك كىتابلاردىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدۇ »دېگەن خەۋەر بېسىلدى. دەرسلىك كىتابلاردىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدىغان ئوبيېكتلار خوتەن، قەشقەر ۋە قىزىلسۇدىكى 200 مىڭ نامرات ئوقۇغۇچى ئىدى. بىز ئىشلەپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللىغان «ئىچكى ماتېرىيال»نىڭ بۇ خۇشاللىنارلىق خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مۇناسىۋىتى يوق دېگىلى بولمايتتى. بىزنىڭ گۇرۇپپىنىڭ خىزمىتى، تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتمىگەنىدى. بۇ خىزمەتتە ئابدۇرازاق سايىم ئالاھىدە رول ئوينىغانىدى. ئۇ، بۇ گۇرۇپپىنى تەشكىللىمەي، ئۆزى مەسئۇل بولغان دائىرىدىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسىمۇ بولىۋېرەتتى. لېكىن، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى ئىزدىنىپ يۈرۈپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن بۇ كادىر بىر قىسىم نانقېپى، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، ئىزدىنىپ ئىشلەش ئادىتى يوق كادىرلارغا پەقەت ئوخشىمايتتى. ئۇ قايسى ئورۇندا ئىشلىسە شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغۇدەك خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلغانىدى. ئابدۇرازاق سايىم 1996 ـ يىلى دېكابىردا ئاقسۇ ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيىلىك پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجىلىققا تەيىنلىنىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا چۈشكەن مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر ـ جاي ناملىرى ئىلمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئىشنىڭ رويابقا چىقىشىغا تۆھپە قوشقان. يەنى، بۇ ناھىيىنىڭ شۇ يىللاردىكى «كونا شەھەر» دېگەن نامىنى تارىختىكى ئەسلىي ئاتىلىشى بويىچە «ئونسۇ» دەپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مەمۇرىيەت ۋە قانۇن تەرتىپى بويىچە زېرىكمەي يول مېڭىپ ئەمەلگە ئاشۇرغان. كۆرىمىزكى، بىر قىسىم كادىرلار خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ۋەتەن ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت دەپ چۈشەنمەي ئىمتىياز دەپ چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ خەلققە مۇلازىمەت قىلىدىغان «چاكار» لىق بۇرچىنى ئۇنتۇپ، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشتىن باشقىنى ئارتۇقچە دەپ قارايدۇ. مەن بۇنداق مەسئۇلىيەتسىز كادىرلارغا ئەزەلدىن ئۆچ. ئۇلار ھوقۇقنى مۇلازىمەت دەپ ئەمەس، ماختىنىدىغان مەنسەپ دەپ چۈشىنىدىغانلاردۇر. بۇنداق كادىرلاردىن مەنلا ئەمەس پارتىيە، ھۆكۈمەتمۇ، ئاۋام خەلقمۇ بىزار.

مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، «مەجبۇرىيەت مائارىپى» باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك كىتابلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش توغرىسىدىكى سىياسەتنىڭ قارار قىلىنىشىدا، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا مۇۋاپىق يول بىلەن يەتكۈزۈپ كەلگەن كادىرلارنىڭ تۆھپىسى گەۋدىلىك ئىدى. ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئەمەس، خوتۇن ـ بالىلىرى ئۈچۈن تۇتىدىغان كادىرلارنىڭ خىيالى بولسا، بەزى مارىغان مۇشۇكتەك شەخسىي مەنپەئىتىنىڭلا كويىدا ئىدى. شۇڭا، كادىرلار ساپاسى مەسىلىسى ھازىر ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە بوپقالدى.

«مەجبۇرىيەت مائارىپى» باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىكلەرنى ھەقسىز تارقىتىش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان بۈگۈنكى كۈندە، 20 يۈەن كىتاب پۇلىنى تەييارلىيالمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئاكىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان بەختسىز قىز رازىخان ئاللىقاچان 20 ياشتىن ئاشتى. ئۇنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىدە يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بالىسى مەكتەپتە ئوقۇسا، چوقۇم دەرسلىكنى سېتىۋېلىش يۈكىدىن خالىي ھالدا ئوقۇيدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ غەم ـ غۇسسىسىز چوڭ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

# زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ

يېقىنقى يىللاردا شېئىر ـ قوشاقلاردا، سەھنە ـ ئېكرانلاردا «ئانىلار ئۇلۇغ»، «جاھاندا ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئانا»، «ئانا ھەممىدىن ئۇلۇغ» دېگەنگە ئوخشاش تەرىپ ۋە مەدھىيە سۆزلىرى خېلى كەڭ ئومۇملىشىپ قالدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، كىشلەرمۇ بۇ سۆزلەرنى دائىم دېگۈدەك ئىستېمال قىلىدىغان بولدى. كىشلەر ئانىلارنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق قارىغۇيۇق ئۇلۇغلايدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلار ئومۇمەن مۇنداق قارايدۇ: «ئانىلار توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغىدۇ؛ يەنە بالا ئېمىتىدۇ، بالىنى پەرۋىشلەپ چوڭ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلار ئۇلۇغ، ئانىلار ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك ئىنسانلار!»

قارىماققا، ئانىلارنى بۇنداق ئۇلۇغلاشنىڭ مەلۇم ئاساسى باردەك قىلىدۇ، ئەمما ئانىلارنى مۇشۇ ئۆلچەم، مۇشۇ شەرتلەر بويىچە ئۇلۇغلاشقا توغرا كەلسە، بۇنداق «ئۇلۇغلاش» چۈشەنچىسىدىن كەم دېگەندە مۇنداق تۆت تۈرلۈك زىددىيەتلىك پىكىر تۇغۇلىدۇ:

بىرىنچى، ئانىلار ئۇلۇغ بولسا، دادىلار ئۇلۇغ ئەمەسمىكەن؟ شۈبھىسىزكى، بۇ بىر ئورۇنسىز تالاش ـ تارتىشنى پەيدا قىلىشتۇر. بىلىش لازىمكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئائىللىرى ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولۇپ، ئەرلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغان ئەھۋال مەۋجۇد ئەمەس. ئۇلۇغلۇق ئادەمنىڭ جىنسى، يېشى، نەسەبى، مىللىتى ئاساس قىلىنىپ ئايرىلىدىغان مەسىلە ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى قانداقتۇر «ئۇچار قاناتلاردىن جان ـ جانىۋارلارغىچە بولغان پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىدىكى چىشى جىنسلىقلارغا ئورتاق بولغان تۇغۇش، بېقىش، ھىمايىسىگە ئېلىش، ئاسراش ـ پەرۋىش قىلىشتەك جەريان بىلەنلا چەكلەنسە كۇپايىلەنمەيدۇ.» ئانىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلۇغ ئانىلار بار، دادىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلۇغ دادىلار بار. ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ «ھەممىسىلا ئۇلۇغ» ئەمەس! ئانىلارنى ئۇلۇغلاپ ئاجايىپ پاساھەتلىك مىسرالارنى تۈزگەن، ئانىلارنى مەدھىيىلەپ ناخشا ـ قوشاقلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، بىز بۇنداق ھاياجانلىق ھېسسىياتنىڭ قانداق ھەقىقەتنى ئۆلچەم قىلىشنى لازىملىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق «بالا تۇغۇش» بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئىدىيىنى، ئۇلۇغ نىشاننى تۇغۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانا قىيىن تاللاشلارغا توغرا كەلگەندە توغرا يول تاپالايدىغان ئەقىل ـ پاراسىتى بىلەن، ئەۋلادلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىككىلەنمەي يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان جەڭگىۋار روھى بىلەن، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان ۋە قايىل قىلىدىغان پاكلىقى بىلەن، ھۆسنىگە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس لاتاپەت قوشىدىغان پەزىلىتى بىلەن، يىمىرىلمەس قورغاندەك ئېتىقادى بىلەن ئۇلۇغ بولىدۇ. بىرلا جۈملىگە يىغىنچاقلىغاندا، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى دادا، مەيلى ئانىغا نىسبەتەن بولسۇن، «ئۇلۇغ»لۇقنىڭ ئەڭ ئالىي شەرتى ـ خەلقچىللىق: قانچىكى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئادەم بولسا، شۇنچە ئۇلۇغ بولىدۇ... مۇشۇنداق شەرتنى ھازىرلىغان ئانا ئەمەس، بەلكى ئىنىكئانا بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئانىلار قارىغۇلارچە ھالدا ئۇلۇغلانسا ياكى ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» قىلا باغلاپ قويۇلسا، ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاجىزلاپ، ئۆزىگە قويىدىغان تەلىپى تۆۋەنلەپ، بىخۇدلىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ئانىلارنىڭ بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمايدىغان مەسئۇلىيىتى ـ ئائىلە ۋە مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان بالىلىرىنى جاپالىق ئەجىر، دۇرۇس تەربىيە بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغان يارامىلىق ئىزباسارلارغا، ئانا ۋەتەنىنىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالىدىغان، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كويىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ئەزىمەتلەرگە ئايلاندۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بالزاكنىڭ «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا» دېگەن مەشھۇر سۆزى دەل ئانىلارنىڭ مۇشۇنداق شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىشى ياكى ئادا قىلالماسلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان.

ئانىلارنى ئۇلۇغلاشتا ئۆلچەم ھېسابلىنىدىغان يۇقىرىقى شەرت ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، «ئۇلۇغ» دېگەن سۆپەتنى پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكى ئانىغا ئاتا قىلىۋېرىش ـ بىر مىللەتنىڭ قىممەت تارازىسىنىڭ مۇجمەللەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر ئانىلار قارىغۇيۇق ئۇلۇغلىنىپ، ئۇلارغا بىر تەرەپلىمە ھالدا مەدھىيە ئوقۇلىۋەرسە، ئانىلار ئارىسىدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش ئېڭى تېخى يېتەرلىك ئويغانمىغان مىليونلىغان نادان ئانا خاتا ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، ئائىلىدە ئەرلىرى بىلەن مەرتىۋە ۋە باراۋەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئاقىۋەت ئۇلغىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا «ئەر ـ ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر» دېگەن قانۇن تەشۋىقاتىنى خاتا چۈشىنىپ، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەممە ئىشتا تەتبىقلاشقا

ئۇرۇنۇش خاھىشى قوشۇلسا، «ئائىلە» دىن ئىبارەت ئىمارەتكە ئىچىدىن دەز كېتىشكە باشلايدۇ. ئېنىقكى، بىر ئائىلىدىكى بارلىق ئەزا ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇق، ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيەت مەۋجۇد. ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت «قانۇنىيەت»تىن ئىبارەت مۇقەددەس مىزان ئۈستىگە قۇرۇلغان. «قانۇن» بىلەن «قانۇنىيەت» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئاۋۋال قانۇنىيەتنىڭ مىزانىغا بويسۇنۇش، ئاندىن قانۇننىڭ نىزامىغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. ھەر قانداق ئائىلىدە بۇ خىل «قانۇنىيەت ئېڭى» ئاجىزلاپ، «قانۇن ئېڭى» كۈچىيىپ كېتىدىكەن، ئۇنداق ئائىلە رىقابەتلىشىۋاتقان رەقىبلەر سورۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىر ئائىلىدىكى ھەر بىر ئەزا ئۆزىنىڭ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان سالاھىيىتىنى ئېنىق تونۇسا، يەنى دادا دادىلىق، ئانا ئانىلىق، ئەر ئەرلىك، ئايال ئاياللىق، بالا بالىلىق سالاھىيىتىنى ئېنىق تونۇسا ۋە شۇ ئاساستا مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلسا، بۇنداق ئائىلە ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر جەمئىيەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرىدۇ.

«زامانىۋىلىشىش»نى يېتەكچى شوئار قىلغان ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئىنسان تەبىئىتىگە يېتەرلىك ھۆرمەت قىلىش، ئەر بىلەن ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتەك قەدىمىي مۇقەددەس تەڭپۇڭلۇق كۈنسايىن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك» شوئارى ئاستىدا ئەرلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ «ئائىلە»دىن ئىبارەت ئىللىق ئۇۋىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنى سىرتقا ئېتىۋاتقان ئاياللار كۈنسايىن كۆپەيمەكتە... مۇشۇنداق نامۇۋاپىق يۈزلىنىش سەۋەبىدىن بۇزۇلغان ئائىلىلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشماقتا. ئائىلە نىزامى جەھەتتە ئەركىنلەشكەن ئائىلىلەر ناھايىتى مۈشكۈل ئەخلاق كرىزىسىغا پاتماقتا. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قان كېچىپ قۇربان بېرىپ قولغا كەلتۈرىدىغان ئەركىنلىك بار، شۇنداقلا يەنە ئالقىنىڭدا تۇرسىمۇ، ئىككىلەنمەي چۆرۈپ تاشلىۋەتسە بولىدىغان ئەركىنلىكمۇ بار! شۇڭا، «ئەركىنلىك» مەسىلىسىنى ئائىلىگە تەتبىقلىغاندا، باشقىچە ئويلىشىپ بېقىش كېرەك. مېنىڭچە، ئەركىنلىكنى ئەمەس، «مەجبۇرىيەت»نى شوئار قىلغان ئائىلە — پالاكەتچىلىكتىن يىراق ئائىلىدۇر.

ئىككىنچى، ئانىلارنى قارىغۇيۇق ئۇلۇغلاش ھادىسىسى — ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانىلارغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك، ھەتتا ھاقارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئانىلار بارلىق ئانىغا ئورتاق بولغان «بالا تۇغۇش، بالا ئېمىتىش، بالا چوڭ قىلىش»تەك ئومۇمىي شەرت بىلەن ئۇلۇغلانسا، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ، باشقىلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۆيۈپ-پىشىدىغان، ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بېرىشكە توغرا كەلسە، ئىككىلەنمەي قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان پىداكار، باتۇر، غۇرۇرلۇق، مەسئۇلىيەتچان ئانىلارغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. ئانىلار ئارىسىدا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە كېچىلىرى كىرپىك قاقماي ئويلىنىپ، گۈزەل كېلەچەك، پارلاق ئىستىقبال ۋە غالىب ئاقىۋەتلەرنىڭ ئارزۇسىدا يىلاندەك تولغىنىپ، ئوت-ئاتەش بولۇپ يانىدىغان ئانىلارمۇ بار؛ تاڭ ئاتقۇچە ئەيش-ئىشرەت كۇلۇبلىرىدىكى كۆلچەكلەردە ئۈزۈپ، ئۆزگىلەرنىڭ كارىۋاتلىرىدا خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئېغىناپ، ئەر ۋە باللىرىنى نومۇس دەرياسىغا غەرق قىلىپ، ھاقارەت ئوتىدا كۆيدۈرۈپ پۇچىلاۋاتقان ئانىلارمۇ بار؛ ھايات - ماماتلىق سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن بارلىق پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ۋە بارلىق جاسارىتىنى نامايان قىلىپ ياشاۋاتقان مۇنەۋۋەر ئانىلارمۇ بار؛ يولدىن ئازغانلارنىڭ كېچىدە ئادىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن گۈلخان ياقىدىغان، ئۇلار ماڭماق بولغان چۆللەرگە قۇدۇق كولاپ ياشاشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئانىلارمۇ بار؛ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي شۆھرەتلىرىدىن ئىپتىخارلىنىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار روھىدىن كۈچ-مەدەت ئېلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ شەنىگە نۇر بېغىشلاش كويىدا ئىزدىنىپ ياشايدىغان پەخىرلىك ئانىلارمۇ بار؛ ئۆز ئەجدادىنىڭ قاتىلىنى ئۆز قوينىدا ھۇزۇرلاندۇرۇپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن لەنەتگەردى ئانىلارمۇ بار!

ئانىلارنى مۇئەييەن ئۆلچەم ۋە پرىنسىپ بويىچە ئۇلۇغلىماي، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش»تەك شەرتنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈنلا قارىغۇيۇق ئۇلۇغلاش — مىللىي پسىخىكىمىزدا پەرۋاسىزلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بىلىشىمىز كېرەككى، ئىنچىكە، پۇختا ئىش كۆرۈش روھى ئاجىز، پەرق تۇيغۇسى مۇجمەل، مەسىلىلەرنى ھەقىقەت نەزىرى بىلەن كۆزىتىشكە ئادەتلەنمىگەن بىر مىللەتنىڭ قىممەت تارازىسىدا كۆپ ھالدا «گۆھەر» بىلەن «تاش»نىڭ قىممىتى ئوخشاش! بىزگە ئوخشاش، يۈكسىلىشنىڭ كويىدا كېچە-كۈندۈز تىپىرلاۋاتقان بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇلۇغلاش ئوبيېكتىنى توغرا بېكىتەلمەي، «ئۇلۇغ» دېگەن بۇ ئالىي ماركىنى كىمگە چاپلاشنى ئاڭقىرالماي قايمۇقۇپ يۈرۈش بەكمۇ بىچارىلىكتۇر.

ناۋادا، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» تەك شەرتنى ھازىرلىغانلىقنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئانىلارنى ئۇلۇغلاشقا توغرا كەلسە، ئېسىمىزدە بولسۇنكى، جاللات شىبېك شىسەينىڭ ئانىسىمۇ بۇ ئۆلچەمگە پۇتۇنلەي چۈشىدۇ. ئاياللار تۈرمىلىرىدىمۇ بۇ شەرتنى ھازىرلىغان ئاياللار كۆرىمىز! ئەمما، ئاشۇلار «ئۇلۇغ ئانا» دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىمدۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئانىلارنى كەلسە ـ كەلمەس ئۇلۇغلاش ــ ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانىلارغا قىلىنغان ئوچۇق ھاقارەت.

ئۈچىنچى، ئانىلار «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى تۈپەيلى «ئۇلۇغ»دەپ سۈپەتلەنسە، بۇ سۈپەتلەش فىزىئولوگىيىلىك سەۋەب تۈپەيلىدىن پەرزەنت كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئاياللارنى كەمسىتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇغۇش ــ ئاياللارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئورتاق فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى. بىر جەمئىيەتنىڭ ئانىلارنى بۇنداق بىمەنە ئۇلۇغلىشى ئالدىدا، پەرزەنت كۆرەلمەسلىك قىسمىتىگە مۇپتىلا بولغان ئاياللار نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. گۇناھسىز ئاياللارنى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇنداق مەنتىقسىز ئۇلۇغلاش ھادىسىسىنىڭ باشقىلارغا كەلتۈرىدىغان بېسىمىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە نوقۇل ھالدا بالا تۇغۇپ ئانا بولۇش ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋىيە ياكى ساپا ئالدىنقى شەرت قىلىنمايدۇ، ھەتتا بۇ ئىش بەزى گاس ـ گاچا ئاياللارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەقلىنىڭ، روھىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولسىلا، نامىدىكى «ئانا» لارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشىنىڭ شارائىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. بىراق، ئۆز پەرزەنتىنى ئىنسانلەك ياشاشقا ئىگە قىلىشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلاش باشقا بىر گەپ. بۇنداق شارائىت ھەر بىر ئانىدا پاك ئەقىدە ۋە مۇئەييەن نىشان، بەلگىلىك ساپا ۋە سۈپەت، قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە جاپا ـ مۇشەققەتتىن، ھەتتا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان روھ ھەمدە ئۆزگە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر مەنىۋى كۆز بولغاندا ئاندىن ھازىرلىنىدۇ. مانا شۇنداق ئانىنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان بالىلار بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسىگە ھاياتىي كۈچ بولۇپ قېتىلىدۇ. بۇنداق شارائىتنى ھازىرلىمىغان ئانىلارنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى گېزى كەلگەندە بىر ۋاقىلىق تاماق ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي سېتىلىدۇ!

تۆتىنچى، ئانىلار «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى تۈپەيلى ئۇلۇغلانسا، بۇنىڭدىن «قانچە كۆپ بالا تۇغسا شۇنچە ئۇلۇغ ئانا، قانچە ئاز بالا تۇغسا، شۇنچە تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇلۇغ ئانا؛ تۇغمىسا، ئۇلۇغ ئەمەس» دېگەن بىمەنە يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. ئويلاپ باقساق، پادىچىنىڭ قىممىتى پادا سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز پادىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئانىنىڭ قىممىتى ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى، يەنى پەرزەنتلىرىنى زامانىنىڭ تەلىپى، مىللەتنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ يارامىلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئەگەر، ئانىلارنى ئۇلۇغلاشتا «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرت قىلىۋېلىنسا، ھەر قانچە بىلىملىك، ھەر قانچە پەزىلەتلىك ئايال بولسىمۇ، بۇ خىل ئۇلۇغلۇق شەرتىگە يېقىنلىشالمايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «يەتتە قىزلىرىم»، نوزۇگۇم، رىزۋانگۈللەر ئانا ئەمەس، بەلكى قىزلاردۇر. ئۇلار نەچچە ئەسىردىن بېرى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇلماي ئۇلۇغلىنىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار ھۆرلۈك ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۈرەش قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ھەممىدىن ئالىي بىلگەنلىكى، ئەلنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن قۇربان بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغلىنىدۇ. بىز يۇقىرىقى بىمەنە «شەرت» نى ئاشۇ ئۇنتۇلماس قەھرىمان قىزلىرىمىزغا قويۇشقا پېتىنالايمىزمۇ؟!

تەڭرى ئاتا قىلغان تەبىئىي ئىقتىدار ۋە ھەممە ئايالغا ئورتاق بولغان فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكنى چىقىش قىلىپلا «ئانىلار ئۇلۇغ» دېيىش ھەقىقەتەن كۈلكىلىك. ھەر قانداق قىز بالاغەتكە يەتكەندە فىزىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئانا بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن بىز ئۇلارنى «ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر»، «كاندىدات ئۇلۇغلار» دەپ ئېيتساق مۇۋاپىق بولامدۇ؟

بالا تۇغقان، ئېمىتكەن، چوڭ قىلغان ئانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، «ئانا» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە؛ شۇ تۈپەيلى ئانىلارنى قارىقويۇق ھالدا ئۇلۇغلاش ــ نورمالسىزلىق. ئەمما، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئانىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈشى، كۆتۈشى، ھەتتا «ئانام دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئانا» دەپ چۈشىنىشى ئۆزىنىڭ ئەركى. بۇنداق ھېسسىياتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. «ئانام ئۇلۇغ» دېگەن سۆز بىلەن «ئانىلار ئۇلۇغ» دېگەن سۆزنىڭ خاراكتېر ۋە مەنە پەرقى ناھايىتى زور. ئۆزىنىڭ ئانىسىنى ئۇلۇغ كۆرۈش بىلەن ئومۇمىي ئانىلارنى ئۇلۇغ كۆرۈش پرىنسىپال مەسىلە. بۇ يەردە ھېسسىيات بىلەن ھەقىقەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ياتىدىغان نازۇك پەرق مەۋجۇت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا مۇھەررىر، ئوبزورچى



# دەسلەپكى تەربىيىنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە مائارىپنىڭ ھەل قىلغۇچ ئاملغا ئايلىنىشى

تۇرسۇنمۇھەممەت توختى

## 1. تەخىرسىزلىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

20 ـ ئەسىردە ئىككى قېتىم مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېچىنىشلىق دۇنيا ئۇرۇشى ۋە سوغۇقچىلىق ئۇرۇشلىرى تۇپەيلى 187 مىليون ئادەم جېنىدىن ئايرىلىپلا قالماي، رەھىمسىز ئۇرۇش يەر شارىنى ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇرۇش ئاسارىتى پەيدا قىلغان تراگېدىيىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئازاب ۋە كۈلپەت ئېكىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، بۇ خىل ئازاب ئېكى ئۆز نۆۋىتىدە پارتلاش خاراكتېرلىك مۆجىزىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى يېڭى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. ئازاب ئېكى ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى ھەسرەت ـ نادامەت چېكىش ياكى ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشى بولماستىن، بەلكى قەھر ـ غەزەپنىڭ كۈچلۈك يالقۇنىدا ئىرادىنىڭ قايتا تاۋلىنىشى، تەجرىبە ـ ساۋاق ۋە يېڭى ئېنېرگىيىنىڭ توپلىنىشى، يېڭىچە روھ ۋە ھاياتىي كۈچنىڭ پەيدا بولۇشى، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە جاسارەتنىڭ قايتىدىن ئۇرغۇشىدەك ۋۇجۇدنىڭ قايتا يارىلىش جەريانىدۇر. ئادەم قاتتىق ھالاكەت سىنىقىغا دۇچ كەلگەندە، خورلۇق ۋە ۋىجدان ئازابى يۈرەكنى تىلغاندا غۇرۇر ھەققىي ئويغىنىش ھالىتىگە ئۆتۈپ، ۋۇجۇدنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تاشقىنىدەك، كەڭ كۆلەملىك رەھىمسىز ئۇرۇش ۋە جاھاننى قاپلىغان ئىس ـ تۈتەك بىر خىل رىتىم، تەكرار تۇرمۇش، ئادەت كۈچىگە كۆنۈكۈشتىن بىخۇدلىشىپ قالغان، تەپەككۇرى ئۇيقۇ ھالىتىكى كاللىلارنى سىلكىپ ئويغاتتى!

ئۇرۇش ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈك ۋە كىملىك، مەۋجۇدلۇق ۋە مەھكۇملۇق ھەققىدىكى مەنىۋى تولغاقلىرىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كەسكىن ھاياتلىق رىقابىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇرۇش يەنە كىشىلەرنىڭ ھاياتقا بولغان پوزىتسىيىسى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە ياشاش شەكلى، دۇنيا قارىشى، ئىدىيە ـ ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرىدا؛ پىكىر قىلىش يوللىرى، تەپەككۇر شەكلى، ئاڭ قۇرۇلمىسىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، زامانىۋى ئاڭ ۋە يېڭى مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ زامانىۋى چېقىنىنى پەيدا قىلماي قالمىدى. دېمەك، ئۆتكەن بىر ئەسىر ئازاب ۋە كۈلپەتلەرگە دېيەرلىك تويۇنغان بىر ئەسىر بولغىنىغا قارىماي، يەنە سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق تۈرلۈك ساھەدە ھەر قانداق بىر دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر مەيدانغا كەلگەن، تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتى ۋە ئومۇمىي كۆلىمى جەھەتتە يۇقىرى پەللە ھاسىل قىلغان دەۋر بولغۇچ بىر ئەسىر ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرى بۇ جەھەتلەردە غايەت زور ئۇتۇققا ئېرىشىپ، مەدەنىيەت جاھانگىرلىرىدىن بوپقالدى. تەرەققىي قىلغان ئەللەر يەر ۋە ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك دەۋرىگە، خام ئەشيا، سايمان، كاپىتالغا تايىنىپ قىممەت يارىتىدىغان سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، بىلىم ئىگىلىكىدىن ئىبارەت سېھرىي كۈچكە باي يېڭى بىر دەۋرنىڭ پەردىسىنى ئېچىشتەك مۆجىزىلىك قەدەملىرى بىلەن يېڭى ئېرا ۋە ئەسىرنىڭ مۇبارەك ئۇپۇقىنى كۈتۈۋالدى.

دۇنيانىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئىنسانىيەت گەرچە نەچچە مىڭ يىللىق يېزا ئىگىلىك دەۋرىنى

**مۇۋەپپەقىيەتلىك تەربىيىنىڭ سىرى**

بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، زامانىۋىلىشىشنىڭ قەدىمىنى ئالالمىغانىدى. 1775 ـ يىلى دۇنيادا تۇنجى هور ماشىنىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىرىنچى قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، قول سانائەت ئىگىلىكى تەبىئىي هالدا ماشىنا سانائىتى ئىگىلىكىگە ئورۇن بوشىتىشقا باشلىدى. هور دەۋرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پاراخوت ۋە پويىزنى ئاپىرىدە قىلىپ، قاتناش ـ ترانسپورت ۋە ئالاقە ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. ئامېرىكىلىق موللېرنىڭ 1837 ـ يىلى تېلېگراف ۋە خەۋەرلىشىش تېخنىكىسىنى، ئامېرىكىلىق بېلنىڭ تېلېفوننى، ئىتالىيىلىك ماركونىينىڭ رادىئو ۋە تېلېگراممىنى كەشىپ قىلىشى، سىمسىز رادىئو ۋە تېلېۋىزورنىڭ بارلىققا كېلىشى ئېلېكتر دەۋرىدىن ئىبارەت ئىككىنچى قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. 1946 ـ يىلى ئامېرىكىدا تۇنجى كومپيۇتېرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن كومپيۇتېر ۋە ئۇچۇر دەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچىنچى قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى باشلاندى. قىسقىغىنە 24 يىلدا كومپيۇتېر بەش ئەۋلاد يېڭىلىنىپ، 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە مىكرو كومپيۇتېر بارلىققا كېلىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق قورال سۈپىتىدە ھەممە ساھەگە كىرىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئىنتېر تورى دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىشىش، تورلىشىش . يەر شارلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىلگىرى كىشىلەر نەزىرىدىكى غايەت زور ھەم سىرلىق ھېسابلىنىدىغان يەر شارىنى «يەر شارى كەنتى»گە ئايلاندۇرۇپ قويدى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ باشقا ساھەلىرى، جۈملىدىن ئاتوم ـ يادرو تەتقىقاتى، ئالەم قاتنىشى، بىئو تېخنىكا ۋە گېن قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى، زامانىۋى ھەربىي تېخنىكا، قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق دېگەنگە ئوخشاش تۈرلۈك ساھەدىمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان مۆجىزە خاراكتېرلىك زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى سانائەت ئىنقىلابىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. ئۈچ قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن سانائەتلىشىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە كۆلەملىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى پەن ـ تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن زور دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈپ، غايەت زور ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ پارتلىشى، ئىنسانىيەتنى تۇنجى قېتىملىق زامانىۋىلىشىش دەۋرىگە باشلاپ كىردى. يېزا ئىگىلىكى دەۋرىدىن سانائەت دەۋرىگە ئۆزگىرىشتەك بىرىنچى قېتىملىق زامانىۋىلاشتۇرۇش بولسا سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەرلەشتۈرۈش ۋە دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى ئالاھىدىلىك قىلغان بولۇپ، 1998 ـ يىلى دۇنيادىكى 131 دۆلەت ۋە رايون ئىچىدە 27 دۆلەت ۋە رايون بىرىنچى قېتىملىق زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پۈتتۈنلەي، 37 دۆلەت ۋە رايون ئاساسەن، 45 دۆلەت ۋە رايون قىسمەن ئىشقا ئاشۇرغان.»[1] سانائەت ئىگىلىكىدىن بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە ئۆزگىرىش ــ ئادەم كۈچىنى ئادەم بايلىقى، پەن ـ بىلىم ئەقلىلىرىگە ئايلاندۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋە يەر شارىلاشتۇرۇشنى ئالاھىدىلىك قىلغان بولۇپ، نۆۋەتتە، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئىككىنچى قېتىملىق زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا.

ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە تېخنىكىنىڭ مۇھىملىقىغا قارىتا تونۇشى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندىلا بىلىم ئەڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى ۋە ئىگىلىك شەكلىگە ئايلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ بىۋاسىتە بايلىق مەنبەسىگە ئايلاندى. بىلىم ئىگىلىكى يېڭى تارىخىي دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۆزىگە تۈۋرۈك قىلغان سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق زور ئىنقىلاب ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس ئالۋىن توفلېر «ئۈچىنچى دولقۇن» ناملىق ئەسىرىدە، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر 800 ئەۋلاد ياشىغانلىقىنى مۆلچەر قىلىپ، ئالدىنقى 799 ئەۋلادنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن ئاخىرقى بىر ئەۋلادنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ ئاساسەن تەڭلەشكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. دەرۋەقە، ھازىرقى جەمئىيەتتە «كەسىپنىڭ تۈرىلا 30 مىڭ خىلدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر يىلى 600 دىن ئارتۇق يېڭى كەسىپ بارلىققا كېلىش بىلەن بىرگە يەنە 550 گە يېقىن كەسىپ ئەمەلدىن قېلىپ، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىنىشى ئىنتايىن تېز بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.»[2] يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ بىر يىلدا ياراتقان بايلىقى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا 19 ھەسسە كۆپ بولغان. ئۇچۇرلىشىش بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى بولۇپ، ئۇچۇر كەسىپىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىمۇ مىسلىسىز ئېشىپ، «دۇنيا بويىچە ھەر يىلى ئېلان قىلىنغان پاتېنت ئۇچۇرى بىر مىليون پارچىغا، پەن ـ تېخنىكا ئىلمىي ماقالىسى 20 مىليون پارچىغا يەتكەن. ھەر كۈنى تەخمىنەن 10 مىليارد ئۇچۇر مىقدارى ئېقىپ تۇرىدۇ ھەمدە 18 ـ 20 پىرسەنتلىك سۈرئەت بىلەن ئېشىپ بارىدۇ. ھەر خىل يېڭى تەپەككۇر، يېڭى قاراش، يېڭى چۈشەنچە ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ. ئامېرىكا دۇنيا بويىچە ئۇچۇر بايلىقى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى دۆلەت بولۇپ، 1967 ـ يىلى ئۇچۇر كەسىپى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %46تىنى، 1990 ـ يىلى %75 تىنى، 2000 ـ يىلى %90 تىنى ئىگىلەپ، دۇنيا بويىچە ئۇچۇر كەسپى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %35 تىنى تەشكىل قىلغان. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە يېزا ئىگىلىكىدە يارىتىلغان قىممەتنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى ئومۇمەن %5 تىن تۆۋەن، مۇلازىمەت كەسپىدە بولسا %10 تىن %20 ئارىلىقىدا، سانائەتتە يارىتىلغان قىممەتنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى %18 تىن %30 ئارىلىقىدا بولغان. ۋەھالەنكى، ئۇچۇر

كەسپىدە يارىتىلغان قىممەتنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى45%ـ 70% كە يەتكەن.»[3] مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1790ـ يىلى ئامېرىكىدا پاتېنت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ھازىرغا قەدەر 8 مىليون پاتېنت بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى بىر مىليون پاتېنت 85 يىل ئىچىدە، كېيىنكى بىر مىليون پاتېنت 8 يىل ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن. كۆرۈلۈپ تۇرۇپتۇكى، بۈگۈنكى كۈندە بىلىم ۋە تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تېز بولۇپ، ئىگىلىك تىكلەشتە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سالغانغا قارىغاندا بىلىم ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سېلىش تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئىقتىسادىي قىممەت ياراتماقتا. مۇشۇنداق تېز يېڭىلىنىپ بېرىۋاتقان دۇنيادا كىمكى بىخۇدـ بىپەرۋا، بىلىمسىز بولىدىكەن، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يەمچۈكىگە ئايلىنىپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

بۈگۈنكى دەۋردە دۇنيادىكى ماددىي بايلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلىمدىن كېلىدىغان بولغاچقا، بىلىم 21ـ ئەسىردىكى خەلقئارا رىقابەتنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىگە ئايلاندى. شۇڭا كىشىلەر يېڭى ئەسىرنى بىلىم ئىگىلىكىنى يېتەكچى قىلغان ئۈچۈر دەۋرى دەپ ئاتاشتى. 1996ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۆز دوكلاتىدا بۇ ئۇقۇمنى ئىشلەتكەندىن بۇيان ناھايىتى تېزلا ئومۇملىشىپ، كىشىلەرنىڭ نۇتۇقـ دوكلاتلىرىدا، ماقالەـ ئەسەرلىرىدە، تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئىبارىگە ئايلاندى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «بىلىم» بىزنىڭ ئەنئەنىۋى چۈشەنچىمىزدىكى بىلىمدىن تۈپتىن پەرقلىق بولۇپ، جانلىق، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، ئىجادىي ئېلېمېنتلارغا باي، قىممەت يارىتالايدىغان بىلىمنى كۆرسىتىدۇ. بىلىم بىۋاستە قىممەت يارىتىشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلانغاندىلا ئاندىن ئىگىلىك تۈسىنى ئالىدۇ. بىلىم ئىگىلىكى يېڭى بىلىملەرنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، تارقىتىش، ئىشلىتىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ يېڭى دەۋر پۇقرالىرىنىڭ ساپاسىغا قارىتا يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۈگۈنكى كۈندە كىمنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسا، شۇ ياشاش رىقابىتى ۋە تەرەققىيات مۇسابىقىسىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان، تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەرنىڭ پەرقى مەدەنىيەت، پەنـ تېخنىكا، مائارىپتا روشەن ئەكس ئەتتى. بۈگۈنكى كۈندە خەت تونۇمايدىغانلار ئەمەس، ئۆگىنىشنى، تەپەككۇر قىلىشنى، مېڭە ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغانلار ساۋاتسىز سانىلىدىغان بولدى. بۇ خىل يۇقىرى تەلەپ مەدەنىيەت ئاساسى، رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىز ئەللەرگە نىسبەتەن تۈركۈملەپ يېڭى ساۋاتسىزنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى رىقابەت ماھىيەتتىن ئالغاندا ئىختىساسلىقلار رىقابىتى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئاز ساندىكى ئىختىساس ئىگىسىگە تايىنىپ تەرەققىياتنىڭ مېۋىسىنى قولغا كەلتۈرۈش بىر خىل خام خىيال بوپقالدى. ھازىر تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى مىليونلىغان يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچى ۋە مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بولغاچقا، ئەمگەك كۈچى بايلىقىنى ئادەم كۈچى بايلىقىغا ئايلاندۇرۇش دەۋرنىڭ جىددىي تەلىپى ۋە تەقەززاسىغا ئايلاندى. ئەمدىكى مەسىلە، دەۋر تەلىپىدىن چىقالايدىغان يېڭىچە مېڭىلەرنى قانداق پەيدا قىلىش، مېڭىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قانداق ئېچىش، ئەقىلـ پاراسەتنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، زېھنىنى نېمىگە، نەگە قانداق ئىشلىتىش دېگەندەك ئەقلىي بايلىقلارنى ئېچىشقا قارىتىلىپ، ئادەمنى مەركەز قىلىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. بىر مىللەت توپىغا نىسبەتەن ئىلىمسىزلىك، شەيئىـ ھادىسىلەرگە سوئال ۋە گۇمانىي قاراش نەزىرىدە قارىيالماسلىق، مېڭە ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان، بىلىمنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرمايدىغان كىشىلەرنىڭ ساناقسىز بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ ئېغىر پاجىئەسى بوپقالدى.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە تېخنىكا ئىقتىدارى كۈچلۈك كىشىلەر بىلەن تېخنىكا ئىقتىدارى ئاجىز كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭىيىپ، ئىقتىساد ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىش ھادىسىسى كېلىپ چىقتى. قالاق— ئەنئەنىۋى ئىگىلىك شەكلىدە ياشاۋاتقان ئەل خەلقلىرى باراـ بارا دۇنيانىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يەر شارى بويىچە كىرىمى ئەڭ يۇقىرى كىشىلەر پۈتكۈل دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 20% نى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنى پۈتكۈل يەر شارىدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 86% تىنى ئىگىلىگەن. ئاشۇ ئاز ساندىكى سەرخىللار كىملەر؟ ئەلۋەتتە ئۇلار پەنـ تېخنىكا بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرغان، بىلىم ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىختىساس ئىگىلىرى، زامانىۋى كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلغۇچىلاردۇر. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە ياشاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، مەۋجۇدلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم يېڭى بىلىم ۋە ماھارەتلەر بىلەن ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. خەلقئارا نەزەر بويىچە قارىغاندا «قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل» دېگەن قاراشنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتتى. دىپلوم پەقەت قايسى مەكتەپتە ئوقۇغانلىق سالاھىيىتىنى بىلدۈرىدىغان قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. قىممەت ۋە ئۈنۈمدىن سۆز ئاچماي، ئۆزىنىڭ پالانى داڭلىق مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىكىدىن ماختىنىش مەسخىرىلىك ئىشقا ئايلاندى. ھازىر ئەمەلىي قابىلىيەتكە، قولىدىن ئىش كېلىدىغانـ كەلمەيدىغانلىقىغا قارىلىدىغان بولدى. ئەمدىكى كۈندە ئەقلىگە مۇراجىئەت قىلماي ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ياشاش پەقەت ھاماقەتـ ئەخمەقلەرنىڭ ياشاش مەنتىقىسى بوپقالدى. ۋاقىت ۋە پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلمىگەن، ئۆزىگە «مەن كىم؟» دېگەن سوئالنى قويمىغان، بۇ يولدا تىرىشمىغان، دەۋرنىڭ تىنىشىغا قۇلاق سالمايدىغان، ئاڭ

ھۆجەيرىلىرى يىگىلەشكە باشلىغان ئادەم ھالاكەتلىك تەقدىرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟ بەلكىم ئەقلىنى ئىشقا سېلىش، ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش ئۈمىد ۋە ئىشەنچىنى پارلىتىدىغان بىردىنبىر يول — چىقىش يولى بوپقېلىشى مۇمكىن.

بىلىم ئىگىلىكى كىشىلەردىن ئىجادىي روھ ۋە يېڭىلىق يارىتالايدىغان ئىقتىدارنى تەلەپ قىلدى. يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئەقلىي بايلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى بەلگىلەيدىغان ماھىيەتلىك ئامىلغا ئايلاندى. ئۆگىنىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ دەل يېڭىلىق يارىتىش بولۇپ، بۇ، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە جەريانىغا نىسبەتەن يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىلگىرىكى تەييار، پىششىق بىلىملەرنى ئىگىلەپ ۋە چۈشىنىپ قويۇش بىلەن ئىش تاگاتمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. يەنە بىر تەرەپتىن نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى، مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ قالايمىقان ئېچىلىشى ۋە بىر قىسىم بايلىقنىڭ خوراپ تۈگىشى، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كۆپىيىشى، يەر شارىدىكى قۇرغاقچىلىق ۋە قۇملىشىشنىڭ ئېغىرلىشىشى ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى كۈندىن-كۈنگە تارايتىپ ۋە قىيىنلاشتۇرۇپ، بىر نانى نەچچە ئادەم تالىشىپ يېيىشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ ئەسلىي قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلماي تەبىئەتكە قارىتا ھۇجۇمنى قانچە كۈچەيتكەنسېرى، تەبىئەتمۇ ئىنسانلارغا شۇنچە خىرىس قىلىپ، ئېغىر ئاپەتلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرماقتا. شۇڭا 1980-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات» چۈشەنچىسىدە تەبىئەت بىلەن مۇھىتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى، ھازىرقى ئەۋلادلار بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى تىرىكچىلىك ۋە تەرەققىيات مۇناسىۋىتى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭ-باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنداقلا تەرەققىياتنىڭ يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدىغانلىق مەسىلىلىرى شەرھلەندى. زاغىرا تىل بىلەن ئېيتقاندا، «سىجىل تەرەققىيات» — تەبىئەتكە قالايمىقان چېقىلماي، تەبىئەت بىلەن ئىناقلىقنى ساقلا، ئۆزۈڭنى، بۈگۈننىلا كۆزدە تۇتما، يەر شارىدا كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار؛ ماس-تەڭ تەرەققىي قىل، تەرەققىيات ئىلمىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلسۇن دېگەندەك مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. يۇقىرىقىدەك يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭى ئەھۋاللار نۆۋەتتىكى رىقابەتتە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولغانلىقى، ئەقىل رىقابىتىنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. شۇنداقلا، بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى تەڭشەپ، مەدەنىي جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىگە بولغان تەلەپ تېخىمۇ ئاشتى.

بىلىم ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن رىقابەت ۋە خىرىستىن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى، يەنى بۈگۈنكى كۈندە بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىدىكى ئەڭ زور توسالغۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى، ئەلۋەتتە مائارىپ ۋە تەلىم-تەربىيىنىڭ سۈپىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى دەۋرىدە مەكتەپتە ئوقۇمايمۇ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەجرىبىلەرگە ئاساسەن يەر تېرىغىلى، دېھقانچىلىق قىلغىلى بولىدىغان بولغاچقا، مائارىپنىڭ رولى ئانچە گەۋدىلەنمىگەنىدى. سانائەت ئىگىلىكى دەۋرىدە پەن-تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى رولى ھەقىقىي گەۋدىلىنىشكە باشلاپ، كىشىلەرنىڭ مائارىپنىڭ رولى ۋە ئورنىغا نىسبەتەن تونۇشى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى كۈچەيدى. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلانغاچقا، مائارىپنىڭ رولىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇڭا «مائارىپ ئىسلاھاتى ئەسرى» دەپ ئاتالغان 20-ئەسىردە ئۈچ قېتىم دۇنيا خاراكتېرلىك مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. مائارىپ، تەلىم-تەربىيىگە ئائىت بەھس-مۇنازىرىلەر يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ خەلقلىرى مائارىپقا غايەت زور بايلىقنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ، مائارىپ ئارقىلىق ئەقلىي بايلىقلارنى ئېچىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى. «مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. مائارىپ ئىدىيىسى، نىشانى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى جەريانىدا يېڭى بۇرۇلۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىپ، نۆۋەتتىكى مائارىپنىڭ نىشانى بالىلارنىڭ گۇمانىي تۇيغۇسىنى قوزغاپ پەرق ئېتىشى، خاسلىقى، ئىجادچانلىق تۇيغۇسى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىش، بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى بىلدۈرۈش، ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىش، ياشاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە ماسلىشالايدىغان يېڭىچە ۋۇجۇدلارنى پەيدا قىلىشقا قارىتىلدى. مائارىپ ئالدىن تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ رىقابەت كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىمۇ تېز ئېشىپ، ئىقتىسادى گۈللىنىپلا قالماي، دۇنيادىكى خوجايىنلىق ئورنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1557-يىلى گېرمانىيىنىڭ ساكس شىركىتى ئەڭ بالدۇر «مەجبۇرىيەت مائارىپى پەرمانى» نى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئارقا-ئارقىدىن باشلانغۇچ، تولۇقسىز ھەتتا ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك مائارىپقىچە «مەجبۇرىيەت مائارىپى تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. «ياپونىيىدە 1907-يىلغا كەلگەندە ئالتە يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشى نىسبىتى 99% تىن كۆپرەككە يەتتى. ئۇلار 1905-يىلىدىن 1960-يىلىغىچە بولغان 55 يىل ئارىلىقىدا مائارىپقا سالىدىغان مەبلەغنى 23

ھەسسە ئاشۇرغان. ئامېرىكىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىمۇ ئىقتىسادنىڭ ئالدىدا ماڭغان. 1900- يىلىدىن 1957- يىلىغىچە ئامېرىكىنىڭ ماددىي كۈچ كاپىتالى 4.5 ھەسسە ئاشقان بولسا، ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيىلەشكە سالغان مەبلىغى 8.5 ھەسسە ئاشقان (جۇڭگونىڭ كۆپ يىلدىن بۇيان مائارىپقا سالغان مەبلىغى 2% ئەتراپىدا ئايلانغان)».[4] دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى كۈچلۈك دۆلەتكە، ياپونىيىنىڭ دۇنيا بويىچە ئىككىنچى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنالىشىنى مائارىپتىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟

بۇ خىل خەلقئارا رىقابەتنىڭ خىرىسى جۇڭگوغا نىسبەتەن «نامرات ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەس»لىكىنى، بولۇپمۇ بىلىم ئىگىلىكى نامى بىلەن ئاتالغان ئۇچۇر دەۋرىدە پەن- تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايانمىسا ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان جۇڭگو مائارىپىنىڭ قالاق ۋە ئەنئەنىۋى رامكىلار ئىچىدە بىخسىپ، تۇنجۇقۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەمدى مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماي بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. بولۇپمۇ جۇڭگو رەھبەرلىرى 1978- يىلدىن باشلاپ ئىسلاھاتتىن كېيىنكى ئېچىۋېتىلگەن دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتكۈل دۇنيانى ئايلىنىپ، يەر شارىدا يۈز بېرىۋاتقان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنى بىۋاسىتە كۆرۈش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا دېڭ شياۋپىڭ: «مائارىپنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئېنىق قىلىپ: «بىر مىليارد ئاھالىگە ئىگە بىر چوڭ دۆلەتتە مائارىپلا تۇتۇلسا، ئىختىساسلىقلار بايلىقى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكتە ھېچ قانداق دۆلەت تەڭ كېلەلمەيدۇ... مائارىپنى تۇتمىغان رەھبەر قابىلىيەتلىك رەھبەر ئەمەس»[5] دەپ كۆرسەتسە، جياڭ زېمىن: «بۈگۈنكى دۇنيادا دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى جەھەتتىكى رىقابىتى ئىقتىسادىي كۈچ، دۆلەت مۇداپىئە كۈچى ۋە خەلقنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە. مەيلى قايسى جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچكە نىسبەتەن ئېيتايلى، ھەممىسىدە مائارىپ ئاساس ھېسابلىنىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش بىر مىللەتنىڭ روھى، يېڭىلىق يارىتىش بولمىسا ھاكىمىيەت، دۆلەت ھالاك بولىدۇ. شۇڭا بىز نەزەرىيىدە، تۈزۈلمىدە، پەن- تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشىمىز لازىم»[6] دەپ كۆرسەتتى. مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكى جۇڭگودىكى بىرمۇنچە سىياسىيون، مۇتەخەسسىس- ئالىم، پېداگوگنىڭ بېشىنى بىر يەرگە جەم قىلدى. ئۇلار جۇڭگو مائارىپىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، تېخىمۇ مۇھىمى، غەرب ۋە شەرقتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ ئىدىيىلىرى ۋە تاكتىكىلىرىنى ئىگىلەپ، «ساپا مائارىپى»نى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى يۆنىلىشىنى بەلگىلىدى. گەرچە 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ «ساپا مائارىپى» دىن ئىبارەت ئىسلاھات دولقۇنى كەڭ قانات يايدۇرۇلغان بولسىمۇ، 5000 يىلدىن بۇيان جۇڭگولۇقلارنىڭ قان- قېنىغا سىڭىپ، ئىدىيىسىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئەنئەنىۋى قاششاق روھ تۇيغۇسى مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىسىدە تېخى دېيەرلىك ئۈنۈم ھاسىل بولمىغان بولسىمۇ، بىراق مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىگە نىسبەتەن خېلى كۆپ سانلىق كىشىنىڭ تونۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى.

مائارىپ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرىدىغان بازا. ئىختىساسلىقلار بولسا مىللەتنىڭ پەخرى، ھاياتىي كۈچىدۇر. ستالىن 1941- يىلى بىر قېتىملىق زور ھەربىي پاراتتا نۇتۇق سۆزلەپ: «ھىتلېر بىزنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇ كىمنى يوقاتماقچى؟ ئۇ، پۇشكىن، تولستوي، تۇرگېنېفقا ئوخشاش گىگانتلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بىر مىللەتنى يوقاتماقچى؛ ئۇ، لومونوسوف، مېندېلېيېفقا ئوخشاش ئىلىم- پەن ئالىملىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مىللەتنى ھالاك قىلماقچى؛ ئۇ، چايكوۋسكىيغا ئوخشاش كومپوزىتورلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بىر مىللەتنى نابۇت قىلماقچى، بۇ مۇمكىنمۇ؟»[7] دېگەن. بۇ نۇتۇق ئەينى ۋاقىتتا خۇددى يانار تاغدەك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى خەلقلىرىنىڭ غايەت زور مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇپ، فاشىزمغا قارشى كۈرەش ئىرادىسىنى قالتىس ئاشۇرغان. دېمەك، بىر مىللەتكە نىسبەتەن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئاشۇنداق نامايەندىلەر مەدەنىيەت ئاسمىنىدا يۇلتۇزلاردەك چاقناپ تۇرالمىسا، خەلق مەنىۋى يۆلەك ۋە روھىي جاسارەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. مىللەتنىڭ دۇنياغا تونۇلغان نامايەندىلىرى بولمىسا دۇنيامۇ بۇنداق مىللەتنى تونۇمايدۇ، ئۇنتۇيدۇ. ئۇلارنى كىم يېتىشتۈرىدۇ؟ بۇ يەنىلا مائارىپقا باغلىق. يەنە كېلىپ بۈگۈنكى كۈندە ئاز ساندىكى ئىختىساسلىقلار بىلەنلا ئىش تاماملايدىغان بوپقالدى. دەۋر بۇنداق ئىختىساسلىقلارنى تۈركۈملەپ يېتىشتۈرۈپ چىقالايدىغان مائارىپقا تولىمۇ موھتاج بولماقتا. ماركس، ئېينىشتېين، دارۋىن ۋە فرېئۇددەك دۇنياۋى گىگانتلارنى ئاپىرىدە قىلغان يەھۇدىيلار مائارىپنى ئەڭ مۇقەددەس بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھەر 10 مىڭ ئىسرائىلىيىلىك ئىچىدىن 140 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىم يېتىشىپ چىققان. (ئامېرىكىدا ئون مىڭ ئادەمگە 80 نەپەر، ياپونىيىدە 10 مىڭ ئادەمگە 75 نەپەر ئالىم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك خادىم توغرا كېلىدىكەن.) 1901- يىلى نوبېل مۇكاپاتى تارقىتىلغاندىن باشلاپ 2001- يىلغىچە 680 نەپەر كىشى بۇ كاتتا مۇكاپاتقا نائىل بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلار 138 نەپەرنى ئىگىلىگەن. شۇڭا ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا

شەرقتە ھېچكىم چېقىلالمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى. پەلەستىننىڭ دۆلەت قۇرۇش يولىدىكى شۇنچە كۆپ بەدىلى، قان تۆكۈشلىرى نېمىگە ھېساب بولۇۋاتىدۇ؟ مۇبادا پەلەستىننىڭ پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ جەھەتتىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئىسرائىلىيە بىلەن باراۋەر بولغان بولسا، ئۇلار بۇگۈنكىدەك خورلۇق، بەختسىزلىك، كرىزىس پاتقىقىغا پېتىپ قالارمىدى؟

مۇتەپەككۇرىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «كىشىلەر ئۆيغىنىش دەۋرىدە بىر كۈن كېچىكسە، بىر يىل ئارقىدا قالىدۇ» دېگەنىدى. دەرۋەقە، بۈگۈنكىدەك مائارىپ ئويغىنىشى ھەرىكىتى بولۇۋاتقان، ھەممە ئەل مائارىپ ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا تەخىرسىز ئىزدىنىۋاتقان، قان ـ تەر تۆكۈۋاتقان مۇشۇنداق بىر دەۋردە مائارىپنى تونۇمىغان، ئىسلاھات پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان ھەر قانداق بىر مىللەت دەرھال ئويغانمايدىكەن، ھالاكەت سىنىقىغا دۇچ كېلىدۇ، ھاياتى كۈچتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ خەتەرلىك ۋە ئېچىنىشلىقتۇر.

## 2. غەربتە مائارىپ ئويغىنىشى ھەرىكىتىنىڭ جانلىنىشى ۋە دەسلەپكى تەربىيىگە نىسبەتەن تەخىرسىزلىكنىڭ كۈچىيىشى

ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن بىلىم ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى رولىنىڭ كۈنسېرى گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتۈشى، دەۋرنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. غەرب دۇنياسى مائارىپنىڭ ھەل قىلغۇچ ئاملغا ئايلانغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئەمدىكى دىققەتنى بىلىم ۋە ئەقىل ئىنقىلابىغا قاراتتى. يېڭى بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا ئادەمنىڭ ھەل قىلغۇچ ئاملغا ئايلىنىشى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك مائارىپ ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردە دەسلەپكى تەربىيە ھەققىدىكى بەھس ـ مۇنازىرىلەر جانلىنىپ، يېڭىچە ئىدىيە ـ قاراش ۋە نەزەرىيىلەر كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەنگلىيىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئاتاقلىق مائارىپ نەزەرىيىچىسى ۋە ئەمەلىيەتچىسى ئوۋېن 1816 ـ يىلى تۇنجى بولۇپ ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى تۇنجى بالىلار مەكتىپىنى قۇردى. گېرمانىيىنىڭ بالىلار تەربىيىسى بويىچە ئاتاقلىق پېداگوكى فروئېبېل 1840 ـ يىلى ئىيۇندا «بالىلار باغچىسى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم قوللىنىپ، بالىلار باغچىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىغاندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن بالىلار باغچىلىرى قۇرۇلۇپ، ياۋروپا ئەللىرىدە ناھايىتى تېزلا ئومۇملىشىشقا باشلىدى.

غەرب مۇتەپەككۇرلىرى، مائارىپ تەتقىقاتچىلىرى چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا، تەربىيىنىڭ قانداق بولۇشى بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك تەرەققىياتى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكى، بالىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئادەم بولۇپ چىقىش ـ چىقالماسلىقى كۆڭۈلدىكىدەك تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ كۆپ ساندىكى بالىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە تۇغما تالانتنى جارى قىلدۇرالماسلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەبنىڭ دەسلەپكى تەربىيە باسقۇچىدا ئۈنۈملۈك ۋە ئەتراپلىق تەربىيىگە ئېرىشەلمەي، تالانت ۋە ئەقىل ـ پاراستىنىڭ بىخ ھالىتىدىلا نابۇت بولغانلىقتىن كېلىپ چىققانلىقى، بالىنى قورساقتىكى ۋاقتىدىلا تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئائىلىنىڭ ئەمدىكى رولى «ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش» كە قارىتىلىشى كېرەكلىكى، بۇ دەۋردە بالا ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق تەربىيىگە ئېرىشەلمىسە، تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ قىممەتلىك پۇرسىتى ئۆتۈپ كېتىسە، بۇ خىل كەمتۈكلۈكنى كېيىن ھەر قانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ ھەرگىز ئورنىنى تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشلارنى بەردى.

ئەنگلىيە پەيلاسوپى ۋە پېداگوگى لوككې يېڭى ۋە ئۆزگىچە قاراشلىرى بىلەن بالىلار مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تەسىر كۆرسەتكەن نامايەندىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «مائارىپ ھەققىدە پاراڭ» ناملىق ئەسىرى كۆپ خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان تەسىرى زور ئەسەر بولۇپ، كىتابتا بالىلار تەربىيىسىگە ئائىت ئىجادىي قاراشلىرىنى مۇپەسسەل شەرھلىگەن. ئۇ ئالدى بىلەن ساغلام تەن بولغاندىلا ساغلام روھنىڭ بولىدىغانلىقى، ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ساغلام روھنى يېتىلدۈرۈشتىكى ھالقىلىق ئامىل ئىكەنلىكى، بالىلىق چاغدا تەسىر قىلغان ئىنتايىن كىچىك ئىشلار، جۈملىدىن ئوقۇغان بىرەر پارچە كىتابمۇ بالىنىڭ ئۆمۈرلۈك تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئۇ، كەڭ ئاتا ـ ئانىلارغا: بالىلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتمەسلىك، كەڭچىل بولۇش بىلەن قاتتىق بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مۇكاپاتلاشتا ئېھتىياتچان بولۇش، ئاز جازالاش، ئۈلگىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، بالىنىڭ يىغلىغىنىغا قاراپلا پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلماسلىق، ئۆگىنىشنى بىر خىل ۋەزىپە سۈپىتىدە بالىلارغا تاڭماسلىق، بالىنى تەقدىرلەش ۋە جازالاشتا ئالدى بىلەن بالىنىڭ قەلبىدە بىر خىل نام ـ ئاتاق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىش؛ قانداق ۋاقىت، قانداق سورۇندا بالىنى ماختىغاندا ئۈنۈمى چوڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىش، ئىمكانقەدەر كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ماختاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بالىنىڭ ئىلھامىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش، بالا تۇنجى قېتىم يالغانچىلىق قىلغاندا بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچىگەنلىكىنى بىلدۈرۈش، يالغانچىلىقنى ھەرگىزمۇ باشقا خاتالىقلار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويماسلىق... دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار قائىدىگە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇ يەنە: «ئويۇن ئويناش بالىلارنىڭ تۇغما قابىلىيىتى، لېكىن ئۇ ئۆگىنىش قىلماسلىقنىڭ باھانىسى بوپقالماسلىقى كېرەك. بالىدا

ئۆگىنىشتىن قېچىش ئەھۋالى كۆرۈلگەندە ئۇنى تۈزىتىشنىڭ ئۇسۇلى ئەكسىچە ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت. ئالدى بىلەن بالىنىڭ قانداق ئويۇن ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ، بالىنى شۇ ئويۇننى ئويناشقا، ھەتتا نەچچە سائەتلەپ ئويناشقا يول قويۇش كېرەك. ھەمدە بالىنى بۇ خىل ئويۇن ئويناشنى چوقۇم ئورۇنداش كېرەك بولغان ئىش دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا كۆپ ئۆتمەيلا بالىدا بۇ ئويۇندىن زېرىكىش پەيدا بولىدۇ- دە، ئۆگىنىشكە قايتىدىن كىرىشىدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ ئارزۇسى ھەددىدىن ئارتۇق قاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلاردا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇش پسىخىكىسى پەيدا بولىدۇ»[8] دەپ قارىغان.

ئۇۋېن دۇنيادا تۇنجى بولۇپ بالىلار مەكتىپىنى ئاچقان مائارىپ ئەمەلىيەتچىسى. ئۇ، ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئىرسىيەت، مۇھىت ۋە تەلىم- تەربىيىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىغان ھەم مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى بىرلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ دەسلەپكى تەربىيىنىڭ مۇھىملىقىنى مۇنداق بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان: 1. ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۇ تۇغۇلغاندىن باشلاپ تاشقى كۈچ تەسىرىدە شەكىللىنىدۇ. 2. ئادەم تۇغۇلۇشىدىلا ئۇنىڭدا تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغان تۇغما قابىلىيەت بولىدۇ. 3. كىچىكىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە ئۆمۈر بويى ئەسقاتىدۇ. 4. بالىلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى تەربىيە ئۇلارنىڭ زېھنىنى ئاشۇرىدۇ. 5. دەسلەپكى تەربىيە بىر خىل ئەقلىي مەبلەغ سېلىشتۇر. ئۇ، تەلىم- تەربىيە مەزمۇنىنىمۇ مۇنداق بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان: 1. تەنتەربىيە جەھەتتە بالىلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇزۇقلۇقىغا دىققەت قىلىش، چېنىقىشنى كۈچەيتىش. 2. ئەقلىي جەھەتتە بىۋاستە كۆزىتىشكە ئېتىبار بېرىپ، ھېسسىي بىلىشنى كۈچەيتىش، بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئويۇن ئويناشنى ئاساسىي پائالىيەت شەكلى قىلىش. 3. ئەخلاقىي جەھەتتە كوللېكتىپ ئەخلاق تەربىيىسىگە ئېتىبار بېرىپ، ئەيىبلەش، زورلاش ۋە جازالاشنى تەربىيە ۋاستىسى قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش. 4. ئېستېتىك جەھەتتە ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىغا ئېتىبار بېرىش. 5. ئەمگەك تەربىيىسى جەھەتتە بەش ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان بالىلار ئۆزلىرىنىڭ چامى يېتىدىغان ئاددىي ئائىلە ئىشلىرى ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى قىلىش.

گېرمانىيىلىك مائارىپشۇناس فروئېبېل بالىلار مائارىپ نەزەرىيىسى سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ھەر قايسى دۆلەتتىكى بالىلار باغچىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان نامايەندىلەرنىڭ بىرى. 19- ئەسىرنىڭ 50-، 60- يىللىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان بالىلار باغچىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن ھەم بۇ خىل قىزغىنلىق يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

ئۇ، «بالىلار باغچىسى» دېگەن نامنىڭ ئىجادچىسى بولۇپ، بالىلارنىڭ پائالىيەت سورۇنىنى گۈللۈك باغقا، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى باغچىدىكى گۈل- گىياھلارغا، باغچا مۇئەللىمىنى باغۋەنگە، بالىلارنىڭ تەرەققىياتىنى گۈل- گىياھ ئۆستۈرۈش جەريانىغا ئوخشاتقان. فروئېبېل بالىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، مىجەز- خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا «ئويۇن ئادەمنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئەڭ پاك روھنىڭ مەھسۇلىدۇر. بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئويۇن كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىشەنچ ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، ئويۇن ئارقىلىق بالىلارنىڭ بەدىنىنى چېنىقتۇرغىلى، سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرغىلى، بالىلارنىڭ ئويلىنىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ»[9] دەپ قاراپ، تەربىيە مەزمۇنىنى ئىمكانقەدەر ئويۇن جەريانىغا سىڭدۈرگەندە تەربىيە ئۈنۈمىنىڭ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بولۇپمۇ ئائىلە مۇھىتى ۋە ئاتا- ئانىنىڭ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تولىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، ئادەمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە تەربىيىلىنىشىمۇ تەبىئەتكە لايىقلىشىشى كېرەكلىكى، بالىلارنى زۆرۈر بولغان تۈرلۈك پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇپ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈش، بىۋاستە كۆزىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. «بارلىق ئۆز بېشىمچىلىق، بۇيرۇقۋازلىق، ھاكىممۇتلەقلىق ۋە چات كىرىۋېلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان مەشىق، تەربىيە ۋە ئوقۇتۇش توسالغۇلۇق، بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئەنگلىيە پەيلاسوپى برتراند رۇسسېلمۇ ئويۇن ئويناش بالىلارنىڭ «تۇغما تالانتى» ئىكەنلىكىنى، بىر ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان مەزگىلنى بالىنىڭ مىجەز- خۇلقى، ئەخلاق- پەزىلىتى شەكىللىنىدىغان ھەم تەرەققىي قىلىدىغان مۇھىم دەۋرى دەپ قارىغان. ئۇ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشتا ئېھتىياتچان بولۇشنى، كۆپرەك مۇكاپاتلاش، ئازراق جازالاشنى، بولۇپمۇ بالىنىڭ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلغاندا مۇكاپاتلىماسلىق لازىملىقىنى تىلغا ئالغان.

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ، پېداگوگ جون دېۋېينىڭ پراگماتىزم (ئۈنۈمپەزلىك) پەلسەپىسى ئاساسىدا ياراتقان ئوقۇغۇچىنى مەركەز قىلىشتەك پراگماتىزملىق مائارىپ نەزەرىيىسى ئامېرىكا مائارىپىغىلا ئەمەس پۈتكۈل دۇنيا مائارىپىغا زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ، بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئەقىل- پاراسىتىنىڭمۇ تەرەققىي قىلىپ بېرىشىدىكى سەۋەبنى، بالىلاردا ئەسلىدىنلا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدىغان يوشۇرۇن ئىمكانىيەتنىڭ بولغانلىقىدا، بۇ خىل يوشۇرۇن ئىمكانىيەتنى ئۈنۈملۈك قېزىشتىكى ئاچقۇچ مۇۋاپىق مۇھىت ۋە مۇۋاپىق يېتەكچى تەسىر كۆرسىتىشتەك مېتودنى جانلاندۇرالايدىغان ئاملىنىڭ

بولۇشىدا، دەپ قارىغان. باللارنىڭ تەبىئىي تۈيغۇلىرى ئىچىدە بولۇپمۇ ئىجاد قىلىش تەبىئىي تۈيغۇسىنىڭ ماھىيەتلىك ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ بۇ خىل يوشۇرۇن ئىمكانىيەتنى باللارنىڭ تەبىئىي تۈيغۇسىنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ، تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا باللاردا تىل، ئىجتىمائىي ئالاقە، ئىجاد قىلىش، تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش، سەنئەتنى ئىپادىلەش قاتارلىق تەبىئىي تۈيغۇلارنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قىممەتلىك يەكۈنگە ئېرىشكەن. ئۇ بۇ خىل تەبىئىي تۈيغۇلارنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تەربىيىلىنىش مۇھىتىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. جون دېۋېي ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى «ئىشلەش جەريانىدا ئۆگىنىش» تىن ئىبارەت دەپ قارىغان. باللارنىڭ تۆت ياشتىن سەككىز ياشقىچە مەزگىلىنى ئويۇن ئويناش دەۋرى دەپ قاراپ، بۇ باسقۇچنى بالا ئويناش ۋە ئىشلەش جەريانىدا ئۆگىنىدىغان ئالاھىدە باسقۇچ دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭ ياراتقان نەزەرىيىلىرى ئىچىدە «باللار قۇياش مەركەز تەلىماتى» ئەڭ دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھازىر مائارىپىمىزدا ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك ئىش مۇھىم نۇقتىنى يۆتكەشتىن ئىبارەت. بۇ بىر خىل ئۆزگىرىش، بىر خىل ئىنقىلاب. بۇنىڭدا باللار قۇياشقا ئۆزگىرىدۇ. مائارىپتىكى بارلىق تەدبىر باللارنى چۆرىدىگەن ھالدا يۈرگۈزۈلىدۇ. باللار مەركەز، مائارىپنىڭ تەدبىرلىرى ئۇلارنى چۆرىدىگەن ھالدا تەشكىللىنىشى لازىم. تەربىيە بولسا، باللار بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورتاق قاتنىشىش جەريانىدۇر.»[10] دېمەك جون دېۋېي بىز بۈگۈنكى كۈندە شوئار تەرىقىسىدە تەكىتلەۋاتقان كىتابنى، دەرسخانا ۋە ئوقۇتقۇچىنى مەركەز قىلىشتىن ئوقۇغۇچىنى مەركەز قىلىشقا ئۆتۈش مەسىلىسىنى بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىلا ناھايىتى چوڭقۇر شەرھلەپ، نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ بولغانىدى. شۇ ۋاقىتتىكى مۇتەپەككۇر ۋە پېداگوگلار ئوقۇتقۇچىنىڭ رولىنى «ئوقۇتقۇچى» دىن «يېتەكچى» گە ئۆزگەرتىشتەك ئىلغار تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

بولۇپمۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەرب ئەللىرى ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى تەلىم ـ تەربىيىنىڭ پۈتكۈل مائارىپنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەكلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. باللار مائارىپى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە قارىتا مۇكەممەل قانۇن ـ نىزام ـ بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلىپ يۈرگۈزدى. ئەنگلىيىنى ئالساق، ئۇلار ئەينى چاغدىلا ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى تەلىم ـ تەربىيىنى باھالاشنىڭ ئالتە تۈرلۈك ئۆلچىمىنى ناھايىتى ئېنىق ھالدا مۇنداق بېكىتتى: «1. ھەر بىر بالىنى تەربىيىلىگەن، ئاسرىغان ھەم بالىغا ئېتىبار بەرگەن بولۇش؛ 2. ھەر بىر بالىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى پىششىق بىلگەن بولۇش؛ 3. باللارغا تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى يارىتىپ، ئۇلارنى دەسلەپكى ئۆگىنىش تەجرىبىسىگە ئىگە قىلغان بولۇش؛ 4. باللارنى ئىزدىنىش، ئۆز قىزىقىشىنى ئىپادىلەش، ئۆزىنى كۆرسىتىش، ئەركىن تاللاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش؛ 5. باللارنى سوئال سوراش ۋە مۇزاكىرە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان بولۇش؛ 6. باللارغا ئۆگىنىش مۇھىتى ھازىرلاپ بەرگەن، ئىناق مۇناسىۋەتنى تىكلىگەن بولۇش.»[11]

ئەنگلىيىلىكلەر ئاتا ـ ئانا ھەم باشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆز قارىشى ۋە ھەركىتى بالىنىڭ ئەخلاق ئېڭىنىڭ يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ دەپ قاراپ، ئائىلىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. ھەتتا ئائىلە بىساتلىرىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ بالىغا ئۈنسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغان. بالىنى سەۋەبسىز ئەركىلىتىشكە قەتئىي قارشى تۇرغان. باللىرىغا مەقسەتلىك ھالدا جاپالىق مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. تەلىم ـ تەربىيىنىڭ مەزمۇنىنى تۈرلۈك ئويۇن پائالىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، باللارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئەركىن تەرەققىياتنى بوغىدىغان نامۇۋاپىق ئەھۋاللاردىن ئىمكانقەدەر ساقلانغان. 1972 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان مەكتەپ قۇرۇش قانۇنىدا ئەسلىھەلەرگە قارىتا مۇنداق ئۆلچەملەر بېكىتىلگەن: «1. باللارنىڭ سانى 40 نەپەر ئىچىدە بولسا 0.1 گېكتار يەر ئىشلىتىش، ھەر بىر ئاشقان 20 بالىغا 0.5 گېكتار يەر كۆپەيتىش؛ 2. ھەر بىر بالىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.3 كۋادرات مېتىر كۆكتۇل ئېچىش سورۇنى بولۇش، بۇنىڭ ئىچىدە كەم دېگەندە 3.7 كۋادرات مېتىر يەرگە ئاسفالت ياتقۇزۇلغان بولۇش؛ 3. ئويۇنخانا ھەر بىر بالىغا كەم دېگەندە ئۈچ كۋادرات مېتىردىن توغرا كېلىش؛ 4. يېتەرلىك ۋە مۇۋاپىق بولغان كىيىم قويۇش ئەسلىھەلىرى بولۇش ھەمدە كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ قۇرۇق تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ 5. ھەر بەش بالىغا بىر يۇيۇنۇش كۆلچىكى، ھەر 40 بالىغا بىر چوڭ يۇيۇنۇش كۆلچىكى بولۇش، ھەر 10 بالىغا بىردىن ئىشكاپ بولۇش؛ 6. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئېغىزلىقتىن ئىشخانىسى بولۇش، چوڭلار ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك ئۆيى ۋە تازىلىق ئۆيى بولۇش، شۇنداقلا سالامەتلىكنى ئاسراش ۋە ئايرىپ باشقۇرۇش خانىسى بولۇش؛ 7. قورال ـ جابدۇق ۋە ئەسلىھەلەرنى، بولۇپمۇ يوتقان ـ كۆرپە ۋە چوڭ تىپتىكى ئويۇنچۇقلارنى ساقلاشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەسلىھەلەر بولۇش؛ 8. پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەكتەپلەردە چۈشلۈك تاماق ئاشخانىسى بولۇش؛ يېرىم كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەكتەپلەردە يۇيۇنۇش ۋە قايناقسۇ قايىنىتىش سىستېمىسى بولۇش.»[12] ئۇلارنىڭ تەربىيىلەش سىنىپلىرى ئاھالە رايونى، گىلەم سېلىنغان رايون، مەشىق رايونى، دەرسخانا سىرتىدىكى ئويۇن رايونى، ئامبار رايونى، كۈتۈۋېلىش ۋە كۈتۈپ تۇرۇش ئۆيى، خىزمەت رايونى ۋە سالامەتلىكنى ئاسراش رايونى، ئاشخانا ۋە يۇيۇنۇش

كۆلچىكى، ئامموۋى ئەسلىھە ئۆيى دېگەندەك نۇرغۇن رايونغا بۆلۈنگەن بولۇپ، مىسالەن، مەشىق رايونىدا باللار ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىشى بويىچە قۇم ئويناشتىن رەسىم سىزىشقىچە تۈرلۈك پائالىيەتنى ئېلىپ باراالايدۇ، تۈرلۈك ئوقۇتۇش ئەسلىھەسىدىن خالىغانچە پايدىلىناالايدۇ. دەرىخانا سىرتىدىكى ئويۇن رايونىدا ھايۋانات بېقىش، زىرائەت ئۆستۈرۈش دېگەندەك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى يۈگۈرۈش، سەكرەش، يامىشىش دېگەندەك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناالايدۇ. ئامموۋى ئەسلىھە ئۆيدە باللار مۇنچىغا چۈشسە، كىر- قات يۇسا بولىدۇ. دېمەك بۇ يەرنىڭ باللار باغچىلىرىنى تەبىئەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە باللار دېيەرلىك تاللاش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى نۇرغۇن بىلىمنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىن بىۋاستە ئۆتكۈزۈش ئاساسىدا جانلىق تەجرىبىگە ئىگە بولاالايدۇ. ئەنگلىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە باللارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان مۇھىت يارىتىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىلىدۇ. باللارنىڭ دىققىتىنى تۈرلۈك جەلپكار ئۇسۇل ئارقىلىق ئەھمىيەتلىك بايقاش ۋە تەتقىقاتلارغا بۇرايدۇ. ئۇلاردا بىزدىكىدەك تارىختىن كېلىۋاتقان فېئوداللىق ھوقۇقچىلىق ئىدىيىسىنىڭ ھازىرقى زامان باللار مائارىپىدىكى ئۇدۇمى سۈپىتىدە باشقۇرۇش تايىقىنى ئېلىۋېلىپ، دۇنياغا كۆز ئاچقىنىغا تېخى نەچچە يىللا بولغان ئەشۇ نارەسىدە باللارنى ھەپسىگە سولىغاندەك بىر سىنىپقا سولاپ، ھەربىي تۈزۈم بويىچە رەتلىك ئولتۇرغۇزۇپ خەت، سان- سىپىر، تۈرلۈك ھېسابلاشنى ئۆگىتىدىغان؛ مەۋھۇم ۋە ئابستراكت ئۇقۇملارنى زورلاپ تاڭىدىغان، باال بىلمىسە باشقۇرۇش تايىقى بىلەن پوپوزا قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەشۇ سەبىي يۈرىكىنى مۇجۇيدىغان، بالىنىڭ كۆپ ۋاقتى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ھالدا سىنىپتا دىققەتتە تۇرۇپ دەرس ئاڭلاش بىلەن ئۆتىدىغان بۇرۇقتۇرما ھالەت ئەسلا مەۋجۇد ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ باللىرىدا يەسلى، باغچىنىڭ گېپى چىقسا چىرايىدا خۇشاللىق ئىپادىسى ئەكس ئەتسە، بىزدە كۆپ ساندىكى بالىنىڭ باغچىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن چىرايى تاتىرىدۇ. خۇددى دوختۇردىن، ئوكۇلدىن قورققىنىدەك يەسلىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەنلا بەزى باللار يىغلاپ قىيامەت قىلىشقا باشلايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ باللار باغچىلىرىمىز باللارغا ئاساسەن ئۆلۈك، جانسىز بىلىملەرنى ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان، باللارنىڭ تەبىئىتىنى چەكلەش قىلمىغاچقا، يەنە كېلىپ ئوقۇتۇش شەرت- شارائىتى تەبىئىي تەلەپتىن تولىمۇ يىراق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلاقلىرىنىڭ كۆزى ئېتىلىپ قالماقتا.

فرانسۇزلارمۇ «ئۇلۇغۋار غايىگە كېلىپ قەسەمياد قىلغانىدا، ئۇلارنىڭ نەزىرى زاكىسدا تېپىرلاۋاتقان بوۋاققا چۈشكەن.» [13] شۇڭا ئۇلار دەسلەپكى تەربىيىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، بارلىق مائارىپ ئائىلە ياشتىن بۇرۇن باشلىنىشى لازىم، ئۇنىڭدا چەكلىنىگەن رايون يوق، توسالغۇمۇ يوق دەپ قارىغان ھەمدە 1882- يىلىلا «مەجبۇرىيەت مائارىپى»نى قانۇن ئىزىغا سېلىپ، ئائىلە ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان باللارنى «مەجبۇرىيەت مائارىپ»ى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن ئىجرا قىلىشقا باشلىغان. دۆلەتنىڭ يىراق مۇساپىلىق ئوقۇتۇش مەركىزى 1939- يىلىلا پارىژدا قۇرۇلۇپ بولغان. ئۇلار تەربىيە مەسىلىسىدە ئالدى بىلەن باللارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاش ئۇلارنى ئۆگىنىشتىن زوق ئېلىشتەك مەنىۋى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ دەپ قاراپ، باللارنىڭ قىزىقىش- ھەۋەس تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشكە ئېتىبار بىلەن قارىغان. فرانسىيىلىك مائارىپشۇناس دىسىدۇخوي: «ئوقۇغۇچىغا ھەقىقەتنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەرگەن ئوقۇتقۇچى ياخشى ئوقۇتقۇچى ئەمەس. ياخشى ئوقۇتقۇچى ھەقىقەتنى قانداق بايقاشنى ئۆگىتىدۇ» دېگىنىدەك، فرانسۇزلار ئوقۇتۇش، تەلىم- تەربىيە مەسىلىسىدە باللارنىڭ پىكىر ۋە تەپەككۇر يوللىرىنى ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئەڭ ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ دەرسلىرى نەزەرىيىۋى دەبدەبىلەردىن خالىي ھالدا ئەمەلىيەت ۋە تۇرمۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. باللارنى تەن ۋە روھتىن پۈتۈلگەن ئادەم دەپ قاراپ، تەلىم- تەربىيىدىكى باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئۇلار ئۈنۈملۈك تەربىيە شەكىللىرى ئارقىلىق باللارنىڭ ئادەم بولۇش جاسارىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئوقۇش جەريانىدا ئۆزىنى تەربىيىلەش، نەزىرىنى دۇنياغا تاشلاش قاتارلىق تەرەپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. فرانسۇزلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تەبىئەت مۇزىيى ئىلىم تەھسىل قىلىدىغانلارنىڭ ماكانى، شۇنداقلا باللارنىڭ مەرىپەت تەربىيىسى قوبۇل قىلىدىغان سورۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار كىتاب ئوقۇشنى باللارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان جەريان دەپ قارايدۇ. «فرانسىيىلىك نۇرغۇن بالىنىڭ كاللىسىدا دادىسىنىڭ ئوبرازى كۆپ ھالدا كرېسلودا سوزۇلۇپ ئولتۇرۇپ پۈتىنى ئالمىغان ھالدا گېزىت كۆرۈۋاتقان ھالەت ئورناپ كەتكەن.»[14]

فرانسۇزلارنىڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇلار فرانسۇز تىلىنى مىللەتنىڭ جان تومۇرى دەپ بىلىپ، كىچىكىدىنلا باللارنىڭ روھىغا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق مىللەت ئېڭىنى ئۇلارنىڭ سەبىي ۋۇجۇدىغا يىلتىز تارتقۇزۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. فرانسۇز تىلىدا سۆزلىمەيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە ھەرىكەت قوللىنىپ، فرانسۇز تىلىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە تىرىشقان. فرانسىيىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ۋە تەسىر كۈچى كۈچلۈك دۆلەت بولغاچقا فرانسۇز تىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى بەش تىلنىڭ بىرى. نۆۋەتتە 26 دۆلەت فرانسۇز تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ قوللانماقتا. ب. خ. سېمونىك: «تىل بىر خىل تەقدىر پېشانە، مىللەت خىسلىتىنى ئىپادىلەيدىغان قورال، تارىختا ئۇنىڭ

ئۆزىگە تۇشلۇق ئورنى بار. ئۇنىڭ جانلىق ۋە ئىجادكرانە ئالاھىدىلىكى تۇرغۇزۇلغان» دېگەن سۆزى بىلەن 18 ـ ئەسىردە ياشىغان سېناك دېملاننىڭ: «ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىمەي چەت ئەل تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەت، تەدرىجىي ھالدا بىر مىللەت بولۇش ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىدۇ» دېگەن ھېكمىتىگە فرانسۇزلارنىڭ ئىخلاسى كۈچلۈك. ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بۈگۈنكى كۈندە تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاسسىمىلياتسىيىسى، ئۆچۈرلىشىش ۋە يەر شارىلىشىش دولقۇنى دېگەندەك تۈرلۈك سەۋەب نۇرغۇن تىلنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولماقتا. بىر خىل تىلنىڭ يوقىلىشى بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىشى بولۇپ، بۇ ھەقتە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى، نىگېرىيە يازغۇچىسى ۋوئوللىي: «تىلنىڭ يوقىلىشى شۇ تىل ساقلاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىمنى بىللە ئېلىپ كېتىدۇ» دېگەن. ئەپسۇس، «ئۆتكەن 300 يىل مابەينىدە دۇنيادىكى تىللارنىڭ يوقىلىش سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشكەن. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى 7000 خىلغا يېقىن تىل ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ يېرىمى يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. ئامېرىكا تىل ئىلمىي جەمئىيىتى يوقىلىش گىردابىدىكى تىللار كومىتېتىنىڭ رەئىسى كلاۋفۇرست: ‹بۈگۈنكى كۈندە ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر خىل تىل يوقالماقتا› دېگەن. مۆلچەرلىنىشچە، 21 ـ ئەسىردە نۆۋەتتە دۇنيادا بار بولغان 6800 خىلدىن ئارتۇق تىلنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يوقىلىپ كېتىدىكەن، (ئەگەر مۇشۇ سۈرئەت بويىچە بولسا) 200 يىللاردىن كېيىن بۇ تىللارنىڭ %98 ى مەڭگۈ يوقىلىدىكەن.»[15] بۈگۈنكى يەر شارىلىشىش دولقۇنى ھەر بىر كىشىگە نىسبەتەن ئانا تىلغا پۇختا بولۇش بىلەن بىرگە، زۆرۈر ۋە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان بىر ياكى بىر قانچە تىلنىمۇ بىلىش تەلىپىنى قويماقتا.

شەرقتە «مېيجى يېڭىلىقىدا كۆچۈش ھەرىكىتى»دىن كېيىن ياپونىيىلىكلەرنىڭ مائارىپقا نىسبەتەن تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ھەسسىلەپ ئېشىپ، بۇ ساھەدە مۆجىزە خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ياپونىيە پېداگوگىكى سىزىكى چىنوئىچىنىڭ باللاردا قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش ھەققىدىكى ئەتراپلىق ئىزدىنىشلىرى دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئۇ، بالىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئادەم بولۇپ چىقىش ـ چىقالماسلىقىدىكى سەۋەبنى تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغان ـ بولمىغانلىقىغا باغلىق؛ بالا تەربىيىلىگەندە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى تەربىيىلەش، ئاندىن قابىلىيەت يېتىشتۈرۈش كېرەك، قابىلىيەت بولسا بىرەر ئىشنى تەكرار قىلىش جەريانىدا يېتىلىدۇ دەپ قارىغان. ئۇ، ئادەمنىڭ پىسخىك ئاساسى ئىككى ـ ئۈچ ياشتىلا سېلىنىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ مەزگىلدىكى بالىنىڭ پىسخىك ھالىتى پۈتكۈل ھاياتقا نىسبەتەن بەلگىلەش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىنىڭ ئۈچ ياشلىق مەزگىلىدە ھەر قانداق نەرسە ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۈچ ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان مەزگىل بولسا ئادەمنىڭ مەنىۋى ئاساسىنىڭ شەكىللىنىش مەزگىلى دەپ قارىغان. ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ تەقدىرىگە ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكۈچى بولۇپ، دەسلەپكى تەربىيە باسقۇچىدا قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشنىڭ يادروسى — ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىتتىكى بارلىق نەرسىنى بالىغا ھېس قىلدۇرۇش، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىغا مۇھىتقا ماسلىشىدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك، دەپ قارىغان. تەربىيە مەسىلىسىدە ئىمتىھان نەتىجىسى ۋە نومۇر بالىنىڭ قايسى دەرىجىدە تىرىشۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيلا قالماي بەلكى ئىجادىي تۇيغۇلىرىنى بوغۇپ قويىدۇ. شۇڭا بالىغا پەقەت «ئۆگىنىش» نۇقتىسىدىن ئەمەس بەلكى قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش، بالىلارغا «قىلدۇرۇش» ئەمەس «قىلىش» نى خالايدىغان قىلىش لازىم. مانا بۇ ھاياتىي كۈچنى شۇنداقلا تۈرلۈك قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەسلىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەپ قارىغان. ئۇ، بالىدا قابىلىيەت يېتىلمەسلىكتە مۇنداق ئىككى سەۋەب بار، بىرى، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچنى بوغۇپ تۇرىدىغان مۇھىت مەۋجۇد، يەنە بىرى، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچنى تاۋلايدىغان ۋە كۈچەيتىدىغان مۇھىت يوق دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ئاتا ـ ئانىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «بالىنى ئەيىبلەۋېرىش بالىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى يوق قىلىۋېتىدۇ ھەم بالىنى تەرەققىيات مۇمكىنچىلىكىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. بالىنى ئەيىبلەۋەرگەندە ئۇنىڭ قارشىلىشىش پىسخىكىسى داۋاملىق كۈچىيىدۇ. ئۆزىنى قاتتىق كەمسىتىش پىسخىكىسى ئاخىرقى ھېسابتا بالىدا زوراۋانلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار، ئۇستاز بولغۇچىلار بالىنى ئۈمىدلەندۈرۈش تەرەپدارىدا پات ـ پات تەقدىرلەپ تۇرۇشى لازىم. ئەگەر بالىلىق مەزگىلىدە قابىلىيەت يېتىشتۈرۈشتە مەغلۇپ بولسا، كېيىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال كار قىلمايدۇ.»[16] دېگەن. ئۇ، باللارنى خۇشال قىلالايدىغان، دەرسخانا كەيپىياتىنى جانلاندۇرالايدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ ياخشى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى، كىچىك چاغدىكى تەسىرنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

دەرۋەقە نۇرغۇن ئالىم بۇ ھەقتە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئىشلەپ، قىممەتلىك يەكۈنلەرگە ئېرىشكەن. مەلۇم بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە: بۆرە تەرىپىدىن يەتتە يىل بېقىۋېلىنغان بۆرە قىز كامالا بۆرىگە خاس تەبىئەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، كېيىن بۇ قىزنى ئادەملەر توپىغا قايتۇرۇپ كېلىپ مەخسۇس تەربىيىلىگەن بولسىمۇ، بىر يېرىم يىل مەشىق جەريانىدا تۆت پۇتلۇق ھالىتىدىن مىڭ تەسلىكتە ئۆرە تۇرالايدىغان ھالەتكە يەتكەن. تۆت يىل تەربىيىلىنىش جەريانىدا ئاران ئالتە سۆز ئۆگىنەلىگەن. ئۇ يەنە يەتتە يىل ئىچىدە ئاران 45 سۆزنى تەلەپپۇز قىلالايدىغان بولغان. بىراق ئۇ بۇ خىل مۇھىتقا ماسلىشالماي 17 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن. كامالانىڭ

تۆت پۇتلۇق بولۇپ مېڭىشى، خام گۆش يېيىشى، كېچىدە ھۇۋلىشى، قىز بولسىمۇ مۇرىسىگە، كۆكسىگە نورغۇن تۈكنىڭ چىقىشى ھەرگىزمۇ تۇغما بولماستىن، بۆرىلەر توپى ئىچىدە ياشاش شارائىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كۈرۈك توخۇغا ئۆردەك تۇخۇمى باستۇرۇپ بەرسە ئۆردەك چۆجىسى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن مېكىياننى «ئانام »دەپ بىلىدۇ. بولۇپمۇ ھەر قانداق چۆجىگە نىسبەتەن تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىنكى بىر قانچە كۈنلۈك «تەسىرات»مەڭگۈلۈك بولىدىكەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك تەرەققىياتىدا ئىرسىي ئامىللار ئاساس، مۇھىت ۋە تەلىم تەربىيە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. يەنە كېلىپ ئادەم دەسلەپكى تەربىيە باسقۇچىدىن ئىبارەت تەربىيىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە ئىلمىي، ئۈنۈملۈك ۋە يېتەرلىك تەلىم- تەربىيە پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالسا، كېيىنكى تەرەققىياتى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارى مۆلچەرلىگۈسىز توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا ھازىر ئامېرىكا، ياپونىيىدەك تەرەققىي قىلغان ئەللەردە بالىلىق بولغاندىن كېيىن خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىپ بالا تەربىيىلەيدىغان ئانىلار بارغانسېرى كۆپىيىۋېتىپتۇ.

※ ※ ※

دەسلەپكى تەربىيە ئەمەلىيىتىدە زور ئۇتۇق قازانغان گېرمانىيىلىك كارل ۋىتېرنىڭ 1818- يىلى يازغان «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» ناملىق كىتابى دەسلەپكى تەربىيە ھەققىدە يېزىلغان دۇنيادىكى تۇنجى ھەم مۇكەممەل ئەسەر بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق دۇنيادىكى ئاتا- ئانىلارغا پەرزەنت تەربىيىلەشنىڭ يېڭىچە ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە ئائىت ئىدىيە- قاراشلىرى 200 يىل مابەينىدە ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي، تۈركۈملەپ تالانت ئىگىسىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. گەرچە ئۇنىڭ ئوغلى ئاجىز ھەم دۆلەيرەك تۇغۇلغان بولسىمۇ لېكىن كارل ۋىتېر ئەپەندى بالىنى قەتئىي تەربىيىلەش ئىرادىسىگە كېلىپ، بالىغا 15 كۈنلۈك بولغاندىن تارتىپ تىل ئۆگىتىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ تولىمۇ ئەستايىدىل ھەم ئىنچىكە تەربىيىسى نەتىجىسىدە كىچىك كارل بىر ياشقا كىرگەندە يۈز- كۆز، پۇت- قوللىرىنى يۇيۇش، چىش چوتكىلاشنى ئۆگىنىپ بولغان. تۆت ياشقا كىرە- كىرمەيلا كىتاب ئوقۇش، ماتېرىيال يېزىشقا باشلىغان. بەش ياشقا كىرگەندە بىر كەنتنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. ئالتە ياشقا كىرگەندە 30 مىڭدىن ئارتۇق سۆزلۈكنى ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۆگىنىۋالغان ھەم بوتانىكا، زوئولوگىيە، جۇغراپىيە پەنلىرىنى چۈشىنەلەيدىغان بولغان؛ ئەپسانە، رىۋايەت، تارىخ، ئەدەبىيات جەھەتلەردىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكەن. پىئانىنو- ئىسكرىپكا چېلىشنىمۇ ئۆگىنىۋالغان . كارل ئالتە ياشقا كىرگەن چاغدا فرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلاپ، بىر يىل ئىچىدىلا فرانسۇز تىل -يېزىقىدىكى تۆرلۈك كىتابنى بىمالال ئوقۇيالايدىغان بولغان. ئاندىن ئىتالىيە تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلاپ، ئالتە ئاي ئىچىدىلا ئۇ تىلنىمۇ ئۆگىنىپ بولغان. توققۇز ئاي ئىچىدە لاتىن تىلىنى، ئۈچ ئايدا ئىنگلىز تىلىنى، ئالتە ئايدا گرېك تىلىنى ئۆگىنىپ بولغان. مۇشۇ تىللارنى ئۆگىنىپ بولغاندا كارل ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن بولۇپ، يۇنان، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گرېتسىيە، رىم قاتارلىق دۆلەتلەردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيالايدىغان بولغان. ئۇ، توققۇز يېشىدا لېيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىغا، ئون يېشىدا گيۆتتىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 12 يېشىدا بۇرما سىزىقلار ھەققىدىكى ماقالىنى، 13 يېشىدا «ئۈچبۇلۇڭ ھەققىدە» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرغان. 14 يېشىدا ئالىي مەكتەپلەردە داڭلىق لېكسىيەلەرنى سۆزلىگەن ھەم پەلسەپە دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

كارل ۋىتېرنىڭ بىنورمال تۇغۇلغان بالىنى تەربىيىلەپ ئاشۇنداق ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۈرەلىشىدىكى سەۋەب، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ دەل ۋە جايىدا ئۈنۈملۈك تەربىيىلىگەنلىكىدە. ئۇنىڭدىكى قىممەتلىك روھ شۇكى، ئۇ، پەرزەنتىنى ئەتراپلىق تەربىيىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلە ئۆزىدە ئەتراپلىق ساپا يېتىلدۈرگەن، تەربىيىنىڭ ئىزچىللىقىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ھەممە ئىشنى مەقسەتلىك ھالدا ئالدىن پىلانلاپ، تەربىيىنىڭ مەزمۇنىنى ئىنچىكە، ئەتراپلىق لايىھىلىگەن. تالاي كىشى سەل قاراپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان «كىچىك ئىشلار» غىمۇ ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارىغان. تەربىيىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىدىن ساقلانغان. ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن دادىل ئىزدىنىپ، ئەھمىيەتلىك سىناقلارنى ئېلىپ بارغان. بالىدا ئىجادىي تۇيغۇ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قازغان، ئۆزىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى نامايەن قىلغان. بالىغا نىسبەتەن ئۆگىنىشنى بىر خىل بېسىم- يۈككە ئايلاندۇرۇپ قويمىغان، زورلاپ تاڭمىغان. ھەر بىر ئىشنى قىلىشتا بالىنىڭ شۇنىڭغا نىسبەتەن مايىللىقى ۋە قىزىقىشىنى قوزغىغان، بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئويۇن جەريانىغا سىڭدۈرگەن، جەمئىيەت ۋە تەبىئەتتىن ئىبارەت ھەققىي دەرسخانىدىن تولىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بولۇپمۇ ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولغان. ئۇ، بالىنىڭ ئۈچ ياشقا كىرگىچە چوڭ بولغاندىكى ئاساسىي مىجەز- خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرۈپ بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەچكە، دەسلەپكى تەربىيىنى بىر پۈتۈن تەربىيە باسقۇچىدىكى ئەڭ تەخىرسىز، ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مەزگىل دەپ قارىغان. شۇڭا پەرزەنتىنى «كىچىك بالا» دەپ قارىماي، ئۇنىڭغا كەلگۈسىنى كۆزلەپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان. قىسقىسى ئۇ ئەسلى- ۋەسلىنى بالا تەربىيىلەشكە قارىتىپ، تالاي قۇربان بېرىش بەدىلىگە كىچىك كارلنى ئەشۇنداق بىر تالانت ئىگىسىگە ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى 200

يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز قىممىتى ۋە ئىلغارلىقىنى يوقاتقىنى يوق.

ئەنئەنىگە كانىدەك يېپىشىۋېلىش تەرەققىياتنى چەكلەپ قويىدۇ، ئەنئەنىدىن ياتلىشىش مىللىي روھنى زەئىپلەشتۈرۈپ، كىملىك تۇيغۇسىنى خىرەلەشتۈرۈپ بارىدۇ. شۇڭا، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانغا لايىقلاشتۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم. كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ھەققىدىكى ئىلغار ئىدىيە، قاراشلىرىدىن جانلىق پايدىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. مىسال تەرىقىسىدە ئۇنىڭ بىر قىسىم قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم:

▲ مېنىڭ تەلىم-تەربىيە غايەم بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىش. بۈگۈنكى بالىلارنىڭ كۆپچىلىكى تولۇق تەربىيىگە ئېرىشەلمەيدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ تۇغما تالانتىنىڭ يېرىمىمۇ جارى بولمايدۇ. ئەگەر ئۈنۈملۈك تەربىيە ئۇسۇلى يولغا قويۇلسا، تۇغۇلغاندىكى تۇغما تالانتى 50% بولغان ئادەتتىكى بالىلارمۇ، تۇغما تالانتى 80% بولغان بالىلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

▲ ئادەم ساپال قاچىغا ئوخشايدۇ، كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھالىتى شەكىللىنىدۇ. بالىلىق مەزگىل ساپال قاچا ياسىلىدىغان سېغىزغا ئوخشايدۇ، قانداق تەربىيىلەنسە شۇنداق ھالەت شەكىللىنىدۇ.

▲ قۇلاق، كۆز، ئېغىز، بۇرۇن، تېرە قاتارلىق بەش ئەزا ئىنسانلارنىڭ تاشقى دۇنيانى سېزىشتىكى فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىدۇر. بالىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى تولۇق غىدىقلىنىپ بەرگەندە چوڭ مېڭە ھەر قايسى بۆلىكىنىڭ پائالىيىتىنى ئاكتىپ قوزغاتقىلى بولىدۇ.

▲ بالىلارنىڭ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئۆگىنىش داۋامىدا بالىلار بىلەن ھەر خىل ئويۇننى ئويناشتىن ئىبارەت. بولۇپمۇ بوۋاقلارنىڭ ئۈچ ياشتىن بۇرۇنقى ۋاقتى تىل تەرەققىياتىدىكى ئەڭ ياخشى مەزگىل بولۇپ، بۇ چاغدا بالىغا بالدۇرراق تىل ئۆگىتىش ئىنتايىن مۇھىم. بىر تىلنى ياخشى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇ خىل تىل-يېزىقتىكى كىتابلارنى ئوقۇپ چۈشىنىشتىن ئىبارەت. مەن بالىغا چالا گەپ-سۆز ۋە شېۋىلەرنى ئۆگىتىشكە قارشى تۇرىمەن. «مەم-مەم»، «جو-جو»، «ھاۋ-ھاۋ» قاتارلىق چالا گەپ-سۆزلەرنىڭ بالىلارنىڭ تىل تەرەققىياتىغا زىيىنى باركى، پايدىسى يوق. بالىلار ئەسلىدە ئۆگىنەلەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگەنمىگەندە ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىمۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ. بۈگۈنكى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلەپپۇزىدىكى نۇقسانلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ سەرپ قىلغان ئەمگىكى، ئۇلارنىڭ ئاكتىپ ئەمگىكىگە سەرپ قىلغان ۋاقتىدىن يەنىلا كۆپ بولۇۋاتىدۇ.

▲ ئەگەر چوڭلار بىلىم يەتكۈزۈش داۋامىدا قىيىن مەسىلىلەردىن ئېگىپ ئۆتۈپ كەتسە، بالىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىنتىلمەسلىكتەك يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

▲ تەلىم-تەربىيىدە مەجبۇرلىماسلىق — مەن تەشەببۇس قىلغان تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىدىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ. مېنىڭ قارىشىمچە، مەيلى نېمىنى ئۆگىتەيلى، ئالدى بىلەن بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ئىنتايىن مۇھىم. بالىنىڭ قىزىقىشى بولغاندا ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئويۇن شەكلى ئارقىلىق تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ مائارىپىمىزدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالمىغانلىقىمىزدا بولۇۋاتىدۇ.

▲ بالا تەربىيىلىگەندە ئاتا-ئانىلار كۈندىلىك خاتىرە يېزىشى، ئۇنىڭغا بالىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىش ئەھۋالى، تەرەققىياتىنى خاتىرىلىشى لازىم.

▲ بالىنىڭ ناچار قىلىقلىرى كۆپ ھالدا زېھنىنى قېزىپ سەرپ قىلىشنى بىلەلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ، زېھىن ئىسراپچىلىقىدۇر.

▲ كۆيۈمچان ئاتا-ئانا بالىنىڭ سوئال سورىشىدىن ھاياجانلانماقتا يوق، ئەكسىچە، زېرىكىش ھېس قىلىدۇ. ئەمما ھازىرقى ئەمەلىيەت شۇكى، دەل ئاشۇ ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نابۇت قىلىۋېتىپ، بالىسى مەكتەپكە بارغاندا ئاندىن ھەيرانۇ-ھەس بولغان ھالدا: «بالامنىڭ نەتىجىسى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا تۆۋەن» دېيىشىدۇ.

▲ بۈگۈنكى مائارىپنىڭ ئەھۋالى شۇنداقكى، تەلىم-تەربىيىنى باشلاشقا تېگىشلىك چاغدا، بىز ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز. بالىلارنىڭ ئەقىل سوراش روھى بىكاردىن-بىكار خوراپ ئۆتكەندىن كېيىن، بىز ئاندىن ئالدىراپ-تېنەپ ھەممىنى قارا-قويۇق بالىلارنىڭ مېڭىسىگە قاچىلاشقا ئۇرۇنىمىز. مانا بۇ دەل ئاتالمىش قاچىلاپ قويۇش شەكلىدىكى تەلىم-تەربىيىدۇر. بۇ خىل نامۇۋاپىق تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلىدا بالىلارنىڭ ئۆگىنىشتىن زېرىكىپ قېلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بىلىمنى قاچىلاپ قويۇش شەكلىدىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىي بىلىش ئىقتىدارى يوقىلىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلغىنى ئابستراكت قائىدە ۋە فورمۇلا بولۇپ، ئۇلارنى ئوقۇغۇچىلار ھەقىقەتەن چۈشەنمەيدۇ. مەن ئەزەلدىن بالىغا سىستېمىلىق تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارمىدىم ياكى دەرسلىككە ئاساسەن بەزى ئاساسىي بىلىملەرنى ئۇنىڭغا ئۆگەتمىدىم.

▲ نۇرغۇن ئاتا-ئانا بالام ئىش قىلالمايدۇ دەپ قاراپ ھەممىگە چات كىرىۋالىدۇ. نەتىجىدە نۇرغۇن بالا ئۆز قابىلىيىتىدىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاتا-ئانىلار بالىغا گەپ ئاڭلىتىش ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ھېكايىلەر بىلەن قورقىتىدۇ. بۇنداق قىلغاندا بالىنىڭ كاللىسى قورقۇنچلۇق ھېكايىلەر بىلەن تولۇپ كېتىپ، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمىگەندە روھىي قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. بالىنى جىن-شەيتانلارنىڭ گېپىنى قىلىپ قورقىتىش ئىنتايىن زىيانلىق. مۇشۇنداق خاتا تەلىم-تەربىيە ئۇسۇلى تۈپەيلى نۇرغۇن ئادەم ئۆمۈر بويى توخۇ يۈرەك بولۇپ قالىدۇ.

▲ مېنىڭچە، بالىنى ماختاش ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ئەمەس بەلكى

ھەرىكىتىگە قارىتىلىشى كېرەك. بالىنى كېلىسە- كەلمەس ماختىغاندا بالا ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن ماختىغانلىقىنى بىلەلمەي قالىدۇ. بالىدىكى ئىشەنچىنىڭ مەنبەسى ئاتا- ئانىنىڭ ئۈزلۈكسىز ماختىشىدىن كېلىدۇ. ماختاش — ماختالغۇچىدا شېرىن تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئۆزىنى توختىماي ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

▲ بالىنىڭ ئىشلىرىنى زىيادە كۆپ قىلىپ بېرىش، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېچ ئىشنى قىلالمايدىغان يارامسىز ئىكەنلىكى، چوقۇم ئاتا- ئانىسىغا تايىنىش كېرەكلىكى، بولمىسا ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان بىلەن باراۋەر. ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدە تاۋلىنىپ چوڭ بولغان كىشىلەرنىڭ ياشاش ئىقتىدارى، رىقابەت ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

▲ زەخىملەنگەن يۈرەك- قوللار ئاسان ساقىيىدۇ، ئەمما زەربە يېگەن ئىشەنچ ۋە ئېچىلمىغان جاسارەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشى تولىمۇ تەس. بالىلارنىڭ قەلبى گويا بىر پارچە ئاجايىپ تۇپراق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىدىيە ئۇرۇقى تېرىلسا، ھەرىكەتتىن ئىبارەت ھوسۇلنى ئالغىلى بولىدۇ. ھەرىكەت ئۇرۇقى تېرىلسا، ئادەتتىن ئىبارەت ھوسۇلنى ئالغىلى بولىدۇ. ئادەت ئۇرۇقى تېرىلسا، ئەخلاق- پەزىلەتتىن ئىبارەت ھوسۇلنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەخلاق- پەزىلەت ئۇرۇقى تېرىلسا ماختاشتىن ئىبارەت ھوسۇلنى ئالغىلى بولىدۇ.

▲ ئوغلۇمنىڭ شۇنچە ئۆگىنىپ خېلى نەتىجىگە ئېرىشەلىشىنىڭ ئاچقۇچى — ئۆگىنىش ھەۋىسىنىڭ ياخشى بولغانلىقى ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشكەنلىكىدە. مېنىڭچە، ئەگەر ئائىلە تەربىيىسى ياخشى بولمىسا، ھەر قانچە مۇنەۋۋەر مائارىپچى ئەستايىدىل تەلىم- تەربىيە بەرگەندىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ... تەبىئەتتىن قالسىلا مائارىپ ئىنسانلارنى قۇتقۇزىدىغان ئاساسلىق ۋاسىتە.[17]

دېمەك، غەربنىڭ مائارىپ ئويغىنىشى ھەرىكىتى، تەلىم- تەربىيەدىكى ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى غەرب دۇنياسىغا يېڭىچە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى كەڭ تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتتى ھەم دۇنيادىكى مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇلار بىز ئويغۇرلاردىكى «بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى» دېگەن ھېكمەتنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. بۇگۈنكى دەۋردە ئۇلار تەربىيە ۋە مائارىپ مەسىلىسىگە تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراپ، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى يولىدا تەخىرسىزلىك بىلەن ئىزدەنمەكتە. مائارىپى قالاق دۆلەت ۋە مىللەتلەر باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالماقتا. ئەقىل- ھوشى نورمال ئادەم بۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى ۋەزىنلىك سوئاللارنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. ھەقىقەتەن ئويلانماي بولمايدۇ. چۈنكى ئويغىنىش ئويلىنىشتىن باشلىنىدۇ.

## 3. تەخىرسىزلىك ۋە تەقەززالىق

مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مائارىپ ئىدىيىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا باغلىق بولغىنىدەك، ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمىمۇ ئىدىيىگە باغلىق بولىدۇ. خەلقىمىز مائارىپنى، دەسلەپكى تەربىيەنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى قايسى دەرىجىدە تونۇيدۇ؟ زادى قانداق قىلغاندا مائارىپنى ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرغىلى ۋە ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؟ بەزىگە نىسبەتەن بۇ ئادەمنى تەتۈر قىينايدىغان ۋەزنى ئېغىر سوئاللار بولسا كېرەك. بىز شۇ چاغقىچە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا بالا تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىپ كەلدۇق: بالىنى ئاچ- يالىڭاچ قويماي بېقىپ قاتارغا قوشۇش، مەكتەپتە ئوقۇتۇش، چوڭ بولغاندا ئۆيلۈك- ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشنى ئاتا- ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىق دەپ تونۇدۇق. ھاياتلىق رىقابىتىنىڭ ماھىيىتىگە نىسبەتەن تونۇشىمىز يۈزە، سېزىمىمىز گاللىشىپ قالدى. توغرىسى، ئۆزىمىزدە ئاتا- ئانا بولۇشقا مۇناسىپ ساپالارنى تولۇق ھازىرلىيالمىغاچقا، تەربىيە مەسىلىسىگە تەخىرسىز مۇئامىلىدە بولالمىدۇق ھەم ئەنئەنە پاتقىقىغا پېتىپ قالدۇق.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا بىزگە نىسبەتەن باغچا مائارىپى يېڭى شەيئى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، بۈگۈنگە قەدەر ئاز- تولا تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن تەلىم- تەربىيە شەكلى ئاساسەن ئوقۇش، يېزىش، ھېسابلاش، ئۇسۇل ۋە ناخشا ئۆگىنىشتىن ئىبارەت تار دائىرىدە چەكلىنىپ قالدى. بۇ خىل «بىلىم» بېرىش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى، بىلىش ۋە ياش ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلمىگەچكە، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماي ھەتتا روھىي بېسىم پەيدا قىلىپ، ئۆگىنىشتىن بىزار بولىدىغان روھىي ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى. مائارىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئويغۇنلىشالمايلا قالماي، يەنە بىر مۇنچە يېڭى ئىختىلاپ ۋە زىددىيەت كېلىپ چىقتى. بولۇپمۇ دەسلەپكى تەربىيە مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە ئويغىنىش، ئىدىيە جەھەتتە يېڭى كۈچ ھاسىل قىلىش دەۋر تەقەززا قىلىۋاتقان ئەڭ تەخىرسىز مەسىلىلەرنىڭ بىرى بوپقالدى. چۈنكى بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئاتا- ئانىلارنىڭ ساپاسى، بالىلارنىڭ روھىي ھالىتىدە ئەكس ئېتىدۇ.

جالالىددىن رۇمىي: «بالىلارنى يىلىكىدىن تەربىيىلەش كېرەك» دېسە، ۋىلىيامىس: «باللىق مەزگىل يېتىلىشنىڭ ئانىسى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. بىزنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىمىزدىمۇ، بۇ ھەقتە قىممەتلىك ئۆگۈت — نەسىھەتلەر قالدۇرۇلغان. ھازىر دۇنيادا بىرلىككە كەلگەن ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان قاراش شۇكى — بالىنى قورساقتىكى ۋاقتىدىن باشلاپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. پىسخولوگىيىلىك تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسىدىن مەلۇمكى، بالىنىڭ بىر ياشلىق مەزگىلى ئاڭلاش

ئىقتىدارى تەرەققىياتىنىڭ، ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق مەزگىلى تىل ئۆگىنىش ۋە ئېغىز تىلى مەشىقىنىڭ، ئۈچ ياشلىق مەزگىلى ھەرىكەت ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈشىنىڭ، تۆت ـ بەش ياشلىق مەزگىلى سۆز بايلىقىنى بېيىتىشىنىڭ، بەش ياشلىق مەزگىلى سان چۈشەنچىسى شەكىللىنىشىنىڭ، ئۈچ ياشتىن ئالتە ياشقىچە مەزگىل خاراكتېر شەكىللەندۈرۈشىنىڭ، بەشتىن ـ توققۇز ياشقىچە مەزگىل ئىجادچانلىقنى يېتىلدۈرۈشىنىڭ، ئون ياشتىن ئىلگىرى چەت ئەل تىللىرى ئۆگىنىشىنىڭ ئالتۇن مەزگىلى دەپ قارالماقتا. دېمەك دەسلەپكى تەربىيە دەۋرى بالىنىڭ پسىخىك ۋە مەنىۋى ئاساسى شەكىللىنىپ بولىدىغان تەربىيىنىڭ ئەڭ ھالقىلىق مەزگىلى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتىكى تەربىيە بالىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا بەلگىلەش خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەربىيە مەسىلىسىدە ھەرگىز «كىچىك» ئىشلار مەۋجۇد ئەمەس. ئۇ شۇنداق زىللىقنى، سەۋرچان ۋە ئەستايىدىل بولۇشنى، تېخىمۇ مۇھىمى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەپلاتون ئېيتقاندەك: «كىچىك ئىش ـــ ئادەتكە ئايلىنىدۇ، ئادەت ـــ خاراكتېرنى شەكىللەندۈرىدۇ، خاراكتېر تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ.»

ئويلاپ كۆرسەم، بىز دەسلەپكى تەربىيىدىن ئىبارەت ئەڭ زور، ئەڭ ماھىيەتلىك، ئەڭ كۆپ ئىزدىنىشكە تېگىشلىك مەنىۋى قۇرۇلۇشقا تولىمۇ سەل قاراپتۇق. ئاپتونوم رايونىمىزدا دەسلەپكى تەربىيىگە ئائىت بىرەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ بار-يوقلۇقى پېقىرغا نامەلۇم. لېكىن بىزدە بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىزدىنىۋاتقانلار ۋە مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار يوقنىڭ ئورنىدا. قوللانما نەشر قىلىنغىنى يوق. مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن باللار باغچىلىرى دەرسلىك كىتابلىرىنىڭ تۈزۈلگىنىمۇ يوق. يەنە كېلىپ تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىمىز قاتمال ۋە قالاق ھالەتتە تۇرماقتا. بولۇپمۇ ناھىيە، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاتا ـ ئانىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى زەئىپ روھىي ھالىتى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بىزدە باللىرىنى ئەمەس ئۆزىنى تەربىيىلەپ بولالمايۋاتقان، تېخى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلالمىغان، مائارىپنىڭ ئەھمىيىتى، ئىلمىي تەربىيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدىغان، جاھاندىكى زور ئۆزگىرىشتىن قىلچە خەۋىرى يوق، ئۆزىنىڭ بېكىك ۋە ساددا دۇنياسىدا ياشاۋاتقان، «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە مانتا يەيدىغان»، ئائىلىنىڭ رولىنى پەقەت «ئەۋلاد قالدۇرۇش» دەپ چۈشىنىدىغان ئاتا ـ ئانىلار ھېلىھەم سانسىز. بۇ بىر مىللەتكە نىسبەتەن تولىمۇ ئاچچىق رېئاللىق! بۇنداق ئائىلىلەردىن قانداق بالىلارنىڭ يېتىشىپ چىقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. گەرچە زامانىۋى دەۋردە ياشاۋاتقان بولساقمۇ ئېڭىمىز زامانىۋىلىقتىن تولىمۇ ئارقىدا قالدى. بۈگۈنكى كۈندە كەڭ ئاتا ـ ئانىلارغا بۇ خىل تەخىرسىزلىكنى ھېس قىلدۇرۇش، تەقەززالىق تۇيغۇسىنى قوزغاش، تېخىمۇ مۇھىمى پەرزەنتلەرگە، كەلگۈسىگە قانداق پوزىتسىيىدە بولۇش، قانداق تەربىيىلەش، ساپانى قانداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆستۈرۈشنى بىلدۈرۈش، مۇھىمى مائارىپ ئويغىنىشى ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ھەممە تەڭ باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر مەسىلە بوپقالدى. «دۇنيادىكى 100 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ رەت تەرتىپىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات كۆرسەتكۈچى 87 ـ ئورۇندا تۇرىدىكەن. مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتىن قارىغاندا 2001 ـ يىلى دۆلىتىمىزدىكى ساۋاتسىزلار سانى 85 مىليون 70 مىڭ بولۇپ، ئىلىم ـ پەن ساھەسى جەھەتتىن قارىغاندا، ئېلىمىز ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي ئىلىم ـ پەن ساپاسىنى ھازىرلاش نىسبىتى %1.4 ئىكەن»[18] بۇنىڭغا قاراپ بىزنىڭ ئىلىم ـ پەن ساپايىمىز قايسى دەرىجىدىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم.

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «ساپا مائارىپى» تەربىيىسىدە ئۇنىۋېرسال ساپا يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كۆچەپ تەكىتلەنمەكتە. بۇ يەردە باشقا ساپالارنى قويۇپ تۇرۇپ جىسمانىي ساپا ھەققىدە ئىككى قوۋۇز سۆزلەپ قويغۇم كەلدى. فىزىئولوگىيىلىك ساپا ئادەمنىڭ ساپا قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ئىچىدە زۆرۈر ۋە ئالدىنقى شەرت. شۇ كۈنلەردە باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىر سىنىپتىكى بىر نەچچە «دانلىق» بالىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپ ساندىكى بالىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ۋىجىكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ. بىر قىسىم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى كوچا ـ كويلاردا كۆرسىڭىز چوقۇمكى باشلانغۇچنىڭ بالىسى دەپ قالىسىز. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى پاراللېل يىللىقتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز زور پەرقىنى بايقايسىز. يېقىندا ناھىيىمىزنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان مەلۇم بىر ئۇيغۇر كەنتىگە چۈشۈپ بىر مەزگىل نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئىشلىدىم. كەنتتە 4012 نوپۇس بولۇپ، بىر جانغا 1.6 مودىن يەر توغرا كېلىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە نامراتلار 1206 نەپەر بولۇپ، 52 ئائىلىلىك نامراتنىڭ ئىسسىق جېنىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، ھۆكۈمەتكە قاراپ تۇرغانلار ئىكەن. كەنت باشلىقى: شۇ كۈنلەردە بەزى ئائىلىلەرنىڭ ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا گۆش دىدارى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئاز بىر قىسىم ئائىلىنىڭ قۇرۇق نان ۋە ئارىلاپ ئېتىلگەن «لەڭمەن» نى لازا ـ ئاچچىقسۇغا مىلەپ يەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، يېقىلغۇسىنىڭ تۈگەپ، سوغۇقتا قېلىۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنى مىڭ يۆلىسىمۇ ئەي بولمايۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلىقىغا باقماي بىر قىسمىنىڭ بىپەرۋا، بىغەملىكىدەك يۈرەكنى ئاچچىق قىلىدىغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. تەن ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى ئالدى بىلەن ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ۋە مۇۋاپىق چېنىقىشقا باغلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەقەللىي ساۋاتنى ھەممە دېگۈدەك بىلىدۇ. ساغلام تەن بولغاندىلا ئاندىن ساغلام

روھ، ساغلام ئەقىلگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھايات شامى پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان بۇنداق نامرات ئائىلىدە بالىنىڭ تەن ساپاسى، روھىي كەيپىياتى، مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش دەرىجىسى قانداق بولماقچى؟ ئۇلار بالىنى تېپىپ قويغىنى بىلەن تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشى ناتايىن. نامراتلىق بىر ئادەمنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي ئەقلىي تەرەققىياتىنىمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ. نامراتلىقنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە بىر مۇنچە ۋەھىمە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. تۈرلۈك ئاپەت نامراتلارغا يېقىن بولىدۇ. جاننى ئالىدىغان كېسەللىك ۋىرۇسلىرى ئالدى بىلەن نامراتلارنىڭ ئاجىز تېنىگە ھۇجۇم قىلىپ ماكانلىشىدۇ. ھازىر ئۇرۇش تۈپەيلى نامراتلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ بارماقتا. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا: «1- دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەنلەرنىڭ 5% ى نامراتلار ئىدى، 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا نامراتلار 60% نى ئىگىلىدى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا 80% تىن 90% كە بېرىپ يەتتى.»[19] ئەلۋەتتە، نامراتلىقنىڭ يىلتىزى كۆپ تەرەپكە چېتىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ نادانلىق، مائارىپقا، پەرزەنت تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك نامراتلىقنى ھەسسىلەپ قاتلىۋېتىدۇ. بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغانلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمەلدە كۆرسىتىدىغانلار تولىمۇ ئاز.

ئىلگىرى ياپونلارنى «ياپون پاكارلىرى» دەيتتۇق. لېكىن ھازىرچۇ؟ ئەھۋال بۇرۇنقىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. مەلۇم بىر تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە: مەملىكىتىمىزدىكى يەتتە ياشلىقتىن 14 ياشقىچە بولغان ئوغۇللارنىڭ ئوتتۇرىچە بوي ئېگىزلىكى ياپونىيىلىك ئوغۇللارنىڭكىدىن 2.88cm پاكار چىققان. ياپونىيە قۇدرەت تاپمىغان بولسا ئۇلارنىڭ بوي ئېگىزلىكىنىڭ بۇنداق ئۆسۈپ بېرىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ساغلاملىققا نىسبەتەن تەلەپمۇ ئېشىپ بارماقتا. 1988- يىلى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ساغلاملىققا «جىسمانىي ساغلاملىق، پسىخىك ساغلاملىق ۋە جەمئىيەتكە ياخشى ماسلىشىشتىن باشقا يەنە ئەخلاقىي ساغلاملىقنى قوشۇش كېرەك. بۇ تۆت تەرەپ تولۇق بولغاندىلا ئاندىن مۇكەممەل ساغلام ھېسابلىنىدۇ» دەپ تەبىر بەرگەن. ساغلاملىق ئۆلچىمى ئېشىۋاتقان شارائىتتا بىزنىڭ ساغلاملىق ئەگرى سىزىقىمىزنىڭ تۆۋەنلەپ بېرىشى دىققەتنى قوزغايدىغان ئىش، ئەلۋەتتە.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى 21- ئەسىردىكى مائارىپنىڭ تۆت چوڭ تۈۋرۈكىنى «بىلىم ئۆگىنىش، ئىشلەشنى ئۆگىنىش، ئورتاق ياشاشنى ئۆگىنىش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆگىنىش» دەپ كۆرسەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ تۆت خىل تەلەپ قانائەتكە ئېرىشكەندىلا ئادەم ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قېزىپ، يېڭىلىق يارىتىش تېپىدىكى ئادەمگە ئايلىنالايدۇ. ھازىر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى دۇنيادىكى ھەر قانداق نوپۇزلۇق قاراشتىن گۇمانلىنىش ۋە ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئامېرىكا ھازىر بالىلارنى ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپلا يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي، ئىجادچانلىق ئىقتىدارى كۈچلۈك قىلىپ تەربىيىلەشكە، ياپونىيەمۇ 1990- يىللاردىن كېيىن مائارىپنىڭ ئىسلاھات يۆنىلىشىنى ئوقۇغۇچىلارنى سوئال سوراشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە قاراتتى. ھازىر بىلىم بولسىلا كۇپايە قىلمايدىغان بوپقالدى. مۇھىمى، قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش، ئىزدىنىشكە نىسبەتەن كۆپ خىل قىزىقىشنى شەكىللەندۈرۈش، بىلىمنى تۇرمۇشتىن، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش تېخىمۇ مۇھىم بوپقالدى.

ھىندى ئوكياندا دېڭىز تاشقىنى يۈز بەرگەندە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋېتىدىغان ياۋروپالىق بىر قىزچاق دېڭىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىش- ئالامەتلەرگە قاراپ، مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، دېڭىز تاشقىنىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن سەزگەن ۋە ئەھۋالنى ئاپىسىغا ئېيتىپ، يۈز نەچچە ئادەمنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. 1994- يىلى 8- دېكابىردا قارامايدا يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتىدە 13 ياشلىق بىر قىزچاق كۇلۇبقا ئوت كەتكەنلىكىنى بالدۇر بايقاپ، كىشىلەر توپى بىلەن سىرتقا قاراپ يۈگۈرگەن، دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشكە پەقەت بىر نەچچە قەدەملا قالغان لېكىن ئۇ سومكىسىنىڭ كۇلۇب ئىچىدە قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ دەرھال كەينىگە يېنىپ كىرگەن. بۇ چاغدا كۈچلۈك ئوت يالقۇنى ئۇنى يالماپ كەتكەن. بىر سومكىغا جاننى سېلىپ بېرىش نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ مانا بۇ سېلىشتۇرما مائارىپ ۋە تەلىم- تەربىيە ئۇسۇلىمىزغا قانچىلىك نۇقسانلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش، مېخانىك ھالدا بىلىم قاچىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشتىن، دىققەتنى پىكىر ۋە تەپەككۇر يوللىرىنى ئېچىش، بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى بىلدۈرۈشكە بۇراش؛ نومۇر ئوقۇتقۇچىنىڭ «ئەڭگۈشتەرى»، ئوقۇغۇچىنىڭ «جېنى» دەپ قارىلىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي تۇيغۇلىرىنى تونجۇقتۇرىدىغان ئىمتىھان مائارىپىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ئۆز- ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان ھەممە بالىلارنىڭ قىزىقىشى، خاسلىقى، ئىجادچانلىقى، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئېتىبار بىلەن قارىلىدىغان، شۇنداقلا ئەتراپلىق تەربىيىلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ياشاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە، ئادەم بولۇش يوللىرىنى بىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىلىدىغان ساپا مائارىپىغا يۈزلىنىش تەكىتلەنمەكتە. ئۆلۈك يادلايدىغانلار كۆپ،

كاللا ئىشلىتىدىغانلار ئاز؛ كىتابىي بىلىمگە ئېسىلىۋالىدىغانلار كۆپ، جانلىق ئىشلىتىدىغانلار ئاز، مەجبۇرىي ئۆگىنىدىغانلار كۆپ، ئاڭلىق ئۆگىنىدىغانلار ئاز بولۇشتەك پاسسىپ ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىش تەكىتلەنمەكتە. ئۆگىنىش قىلىشنى بىلمەسلىك، كاللا ئىشلەتمەسلىك، پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىشنى بىلمەسلىك نادانلىقنىڭ ئىپادىسى بوپقالدى.

※ ※ ※

گېزىت ـ ژۇرناللاردىن چەت ئەللەرنىڭ مائارىپ، تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن، بىزدىكى مائارىپ، تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىغا ئائىت سېلىشتۇرما ماقالىلەرنى كۆرگىنىمدە پىكىر ـ خىياللىرىم ئويغانغاندەك، تەسەۋۋۇرۇم قاناتلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇلارغا كېپقالىمەن. گەرچە بۇ خىل ماقالىلەردە دەبدەبىلىك نەزەرىيىلەر، داڭلىق تەلىماتلار ئوتتۇرىغا قويۇلمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئوخشاش ـ چوشەك دېتاللاردىن ئەھمىيەتلىك ماھىيەتلەرنىڭ چېقىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم ئۆرنەكنى كۆرۈپ ئۆتۈشۈمىزگە ئەرزىيدۇ:

▲ يەھۇدىيلار بالىسى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن «بۈگۈن ئوقۇتقۇچىڭدىن نېمە سوئال سورىدىڭ؟» دەپ سورايدىكەن. ئامېرىكىدا بالىلار ئۆيۈن ئىچىدە ئۆگىنىدىغان بولغاچقا ئۇلار «بالام، بۈگۈن مەكتەپتە خۇشال ـ خۇرام ئۆتتۈڭمۇ؟» دەپ سورايدىكەن. شۇنداقلا بالىنىڭ ئىشلارغا ئاكتىپ قاتناشقان ـ قاتناشمىغانلىقى، ئەستايىدىل بولغان ـ بولمىغانلىقىغا ئېتىبار بىلەن قارايدىكەن. جۇڭگودا بولسا «مۇئەللىم بۈگۈن تاپشۇرۇق بەردىمۇ، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ، ئىمتىھاندا نەچچە نومۇر ئالدىڭ، نەچچىنچى بولدۇڭ، قانداق مۇكاپاتلارغا ئېرىشتىڭ؟» دەپ سورايمىز. مانا بۇ بىزنىڭ مائارىپ.

▲ جۇڭگو مەكتەپلىرىمۇ ئامېرىكا مەكتەپلىرىگە ئوخشاشلا «تەشكىللىك پائالىيەت» لەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ. جۇڭگودا پائالىيەت ئۇيۇشتۇرغانىكەن، چوقۇم قاتنىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ، «كوللېكتىپلاشمىغان كۆز قاراش» قا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە بولسا بالىنىڭ ۋە ئائىلە باشلىقىنىڭ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقى سورۇشتۇرۇلىدۇ، يەنى تاللاش ئەركىنلىكى بالىلاردا بولىدۇ.

▲ ئامېرىكىلىق بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن «مەن بىلمەيمەن، مەن قىلالايمەن» دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. جۇڭگولۇق بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن «مەن گەپ ئاڭلايمەن، ئاتا ـ ئانامنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاي» دېگەننى تەكىتلەيدۇ. جۇڭگودا گەپ ئاڭلاش تەربىيىسى كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئانا بۆشۈكتىكى بالىسىغا: «ئانائىنىڭ گېپىنى ئاڭلا» دەپ ئۆگىتىدۇ. چوڭلار يەسلى بالىلىرىغا: «تەربىيىچىنىڭ گېپىنى ئاڭلا» دەپ ئۆگىتىدۇ. بالا مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن باشلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، باشلىق بولغاندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ. شۇڭا كىشىلەرمۇ مۇستەقىل پىكىر قىلىشتىن مەھرۇم بولغان.

▲ غەربلىكلەر «بالام، سەن قىلالايسەن» دېيىش ئارقىلىق بالىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ. جۇڭگولۇقلار بولسا «بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ، ئۆزۈملا قىلاي» دەيدۇ. جۇڭگودا بالىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەيدىغان، ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان «بولمايدۇ» لار ناھايىتى كۆپ.

▲ جۇڭگولۇق ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى دەپ قارايدۇ، شۇڭا بالىلارنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلالايدۇ. غەرب ئەللىرىدە بالا دۆلەتنىڭ دەپ قارىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىنى ئائىلىدە تەربىيىلەشنى «دۆلەتنىڭ ھاۋالىسى بويىچە دۆلەتكە ئەۋلاد تەربىيىلەپ بېرىۋاتىمىز» دەپ قارايدۇ. شۇڭا بالىنى خالىغانچە ئۇرمايدۇ، تىللىمايدۇ. بالىنى خالىغانچە ئۇرۇش ـ تىللاش ئىنسانىي ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بۇ تەرەپلەرگە دىققەت قىلمىسا «خورلاش جىنايىتى» بىلەن سوتلىنىدۇ. جۇڭگولۇقلار بالىنىڭ تېنى، ئادىمىلىكى ۋە غورۇرىغا ئازار يەتكۈزۈش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ئادىمىلىكى ۋە ئىززىتىنى قوغدىماقچى بولىدۇ.

▲ جۇڭگولۇقلار بالىلاردىن «8 دىن 6 نى ئالسا قانچە قالىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايدۇ. ئامېرىكىلىقلار بولسا «8 دىن 6 نى ئالسا 2 قالىدۇ. 8 گە 6 نى قوشقاندىمۇ 2 بولۇش ئىمكانىيىتى بارمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايدۇ. ئەگەر مۇئەللىم «ھازىر سائەت دەل 12 بولۇپ، سائەت ئىستىرېلكىسى بىلەن مىنۇت ئىستىرېلكىسى جۈپلەشكەن بولسا، يەنە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن سائەت ئىستىرېلكىسى بىلەن مىنۇت ئىستىرېلكىسى يەنە بىر قېتىم جۈپلىشىدۇ؟» دەپ سوئال سورىسا، ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار دەرھال قولىدىكى سائەتنى بۇراپ يەنە قانداق چاغدا جۈپلىشىدىغانلىقىنى كۆرمەكچى بولىدۇ. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار بولسا دەرھال قىغىز ـ قەلەملىرىنى چىقىرىپ بىر توقاي فورمۇلا ئارقىلىق ھېسابلاشقا چۈشۈپ كېتىدۇ.

▲ ئامېرىكىلىقلار مۇرەككەپ مەزمۇننى ئاددىيلاشتۇرۇپ سۆزلەشكە، جۇڭگولۇقلار ئاددىي مەزمۇننى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ سۆزلەشكە ئامراق.

▲ جۇڭگولۇقلار چەت ئەللەرگە بارسا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدۇ، چەت ئەللىكلەر جۇڭگوغا كەلسىمۇ ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدۇ.

▲ ئامېرىكىلىقلار يولدىن كېتىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە، يولدا ماشىنا بولمىسىمۇ خېلى بىر يەرگىچە مېڭىپ، يېشىل چىراغ ياندا پىيادىلەر يولىدىن ئۆتىدۇ. جۇڭگولۇقلار چىراغقا ئەمەس، ماشىنىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قارايدۇ. ئامېرىكىلىقلار مال سېتىۋالغاندا ماللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۆزلىگەندىن سىرت يەنە ئۇنىڭ نۇرغۇن يېتەرسىزلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جۇڭگودا بولسا مالنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ئۆلىمىك ماتېماتىكا مۇسابىقىسىدە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تۇنجى بولۇپ كومپيۇتېرنى ئىجاد قىلغان.

▲ غەربلىكلەر ئەدەبىيات دەرسىدە «سىز بىر ئارالغا كېلىپلا دېگەندە يالاخوت خادا تاشقا سوقۇلۇپ پاچاقلىنىپ كەتتى، لېكىن سىز

بەختكە يارىشا ئامان قالدىڭىز ھەم بىر ئاماللارنى قىلىپ قىرغاققا چىقىۋالدىڭىز. بۇ بىر ئادەمسىز ئارال، ئۇنداقتا سىز بۇ يەردە قانداق قىلماقچى ۋە قانداق ياشىماقچى؟ بۇ ھەقتە بىر پارچە ماقالە يېزىڭ» دېگەندەك تەپەككۇرنى غىدىقلايدىغان، ئىزدىنىشكە ئۈندەيدىغان ماقالە تاپشۇرۇقلىرىنى بېرىدۇ. بىز بولساق «مېنىڭ دادام، مېنىڭ ئانام، مېنىڭ مەكتىپىم» دېگەندەك تېمىلاردا ئوقۇغۇچىلارغا ماقالە يازدۇرىمىز.

▲ جۇڭگولۇق بالىلاردا بالىلارغا خاس سەبىيلىك، ساددىلىق ۋە شوخلۇقلار كەمچىل. بالىلاردىكى ھەربىيلەرگە خاس تەشكىلچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىق «ئەركىن» يۈرۈپ كۆنۈپ قالغان ئەجنەبىيلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. جۇڭگودا مۇئەللىم دەرس سۆزلىگەندە بالىلار مىخلاپ قويغاندەك جىمجىت ئولتۇرىدۇ. سوئالغا جاۋاب بەرگەندە «ئىنجىل» نى يادلاپ بېرىۋاتقاندەك ئۆلچەملىك جاۋابنى سۆزدەك يادلايدۇ. چەت ئەللىكلەر بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقلانغان ھالدا «جۇڭگولۇق ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا بەكمۇ رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىدىكەن» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

▲ غەربتە بالىنىڭ قانتىس ياكى ئەمەلىي روشەن خاراكتېرى ۋە ئۆزگىچە ئەقىل- پاراسىتى بار- يوقلۇقىغا قاراپ ئۆلچىنىدۇ. بالىلارنىڭ مەسىلىلەرگە بەرگەن جاۋابى قانچە غەلىتە بولسۇن، «سىناپ كۆرگىنىڭىز ياخشى» دېگەن تەربىيىلەشكە ئېرىشىدۇ. جۇڭگودا بالىلار ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بەھس- مۇنازىرە قىلىشسا ئەدەبسىز ھېسابلىنىدۇ.

▲ غەربلىكلەر جۇڭگولۇق بالىلارنىڭ ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيدۈرگانلىقىغا ئەقلى يەتمەيدۇ. ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيگەن جۇڭگولۇق بىر بالا بىلەن ئەنگلىيىلىك 7 ياشلىق بىر قىزچاق ھويلىدا ئويناۋاتقانىكەن. بىر چاغدا ئەنگلىيىلىك قىزچاق ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا «قارىغىنە، ئىشتىنىڭنىڭ ئېغى يىرتىلىپ قاپتۇ، ئەدەبسىز!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. جۇڭگولۇقلار ئېغى ئوچۇق ئىشتان كوچا- كويلاردا خالىغانچە چوڭ- كىچىك تەرەت قىلىشقا قولايلىق، دەپ قارايدۇ، كىچىك بالىنىڭ چوڭ كوچىغا تەرەت قىلىشىنى ئەيىب ھېسابلىمايدۇ.

▲ غەربلىكلەر شەنبە، يەكشەنبىنى ئەڭ مۇقەددەس، ھېچقانداق كىشى دەخلى- تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان خۇسۇسىي كۈن دەپ قارايدۇ. جۇڭگودا بولسا بۇنداق كۈنلەردە نۇرغۇن ئاتا- ئانا بالىلىرىنى تۈرلۈك كۇرسقا ئاپىرىدۇ، بالىلارنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

▲ غەربلىك بالىلار ئوقۇشقا كىرىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆزى بېجىرىدۇ. جۇڭگودا بويى ئاتا- ئانىسىدىن ئېگىز يىگىت- قىزلارنىڭمۇ رەسمىيەتلىرىنى ئاتا- ئانىلىرى بېجىرىپ بېرىدۇ. جۇڭگولۇق بالىلار ئاتا- ئانىلىرىنى يۆلەنچۈك قىلىۋالغان.

▲ ئامېرىكىنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىدا بارلىق باب- ياپراق كىچىك- كىچىك ئابزاسقا بۆلۈنگەن. ھەر ئىككى- ئۈچ قۇرنىڭ ئارىلىقىدا ئادەمنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدىغان يېڭى- يېڭى قىستۇرما رەسىم ۋە ھەر خىل ئەقىلدار مەشىق بار. كىچىك ياپراقلار ئارىلىقىدىمۇ مۇقىم تاپشۇرۇق يوق. ھەر بىر باپتا كىچىك دەرس تېما تەتقىقاتى بولۇپ، تەپەككۇرنى يىغىنچاقلايدىغان ۋە مۇستەھكەملەيدىغان مەشىق ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا تەكرارلانغان ئوخشاش سوئاللار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىدا مۇقىم رامكا شەكىللەندۈرۈپ، سوئاللارنى كۆرسىلا مۇقىم ئۇسۇلنى ئويلايدىغان — ئېلېكترونلۇق مېڭىگە ئوخشاش ئەقىلدارنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. شۇڭا بىزنىڭ ئەسلىدىنلا ھەرىكەتچان چوڭ مېڭىمىز تۈرلۈك دەرسلىك كىتاب ئىچىدە چەكلىنىپ قالغان. بىز مۇرەككەپ ھېسابلاش، مېخانىك خۇلاسە، قىزىقى قالمىغان تەكرارلىنىشلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، ئادەمنى غىدىقلايدىغان يېڭى نەرسە ئىزدەشكە ئۇرۇنىمىز. كىتابلاردىكى سوئال دېگىنى ئىچىدە ئازابلىق تىركىشىپ، ئىجادىيەت ئەقىلدارىمىزنىڭ ئاز- ئازدىن خوراپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرىمىز... ئەمما بىزنىڭ چەكلىك چوڭ مېڭىمىزدە يەنە ماتېماتىكىلىق فورمۇلالار، سىنىپى ناھايىتى كىچىك بولغان باغلانما تەسەۋۋۇر سۈيىسى، ئاللىقاچان قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن ئەڭ ئېغىر ۋە تويا بېسىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان يېڭىلىق تۇيغۇمىزلا بار.

▲ ئامېرىكا ئوقۇغۇچىلىرى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنلا تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە ئۆگىنىدۇ، ئەمما ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئۇنچە تىرىشىپ كەتمەيدۇ.

▲ ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى «ساڭا ئېيتساق، ساڭا بېرىدىغان بۇ ئايلىق پارچە خىراجەت پۇلى خامچوتتىن ئېشىپ كەتتى! ماڭ، ماشىنا ئەينەكلىرىنى سۈرتۈپ، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنى تازىلا ياكى بولمىسا گۈللۈكتىكى چۆپلەرنى قىرقىپ چىق، شۇنداق قىلساڭ ساڭا يەنە ئازراق پارچە پۇل بېرىمىز» دەيدۇ. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى «پارچە پۇللىرىڭنى خەجلەپ بولدۇڭمۇ، يېنىڭدا پۇل قالمىغان بولسا كىتابخانىنىڭ تارتمىسىدىن ئۆزۈڭ ئېلىۋالغىن» دەيدۇ. ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلار ئاتا- ئانىسىغا «مەن يېتەرلىك پۇل يىغىپ بولدۇم، ئەمدى ساياھەتكە چىقىمەن» دەيدۇ. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئاتا- ئانىسىغا «ساياھەتكە چىقىمەن، ماڭا پۇل بېرىڭلار» دەيدۇ.

▲ ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى «سۆيۈملۈكۈم، ھازىر چوڭ يىگىت بوپقالدىڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىغا ئۆزۈڭ قارار چىقىرىشىڭ كېرەك، ھە دېسىلا بىزگە تايىنىۋالما» دەيدۇ. جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى «ھۇ، ئەدەبسىز، قانىتىڭ قاتقان ئوخشىمامدۇ، گېپىمىزنى قىتىغىمۇ ئالمايسەنا؟ ساڭا ئېيتىپ قوياي، ھەر قانچە چوڭ بويكەتسەڭمۇ سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەنىلا بالا، بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىشىڭ كېرەك» دەيدۇ.

※ ※ ※

تەلىم- تەربىيىنىڭ سۈپىتى كەڭ ئاتا- ئانىلارنىڭ ساپاسىغا، مائارىپنىڭ سۈپىتى قابىل مەكتەپ باشقۇرغۇچىلارغا، سەرخىل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا، مەكتەپ شەرت- شارائىتىغا، ئىلغار جەمئىيەت كەيپىياتىغا باغلىق. مۇنەۋۋەر، تەلەپچان ئاتا- ئانىلار ۋە مائارىپچىلارنىڭ بۈيۈك ئارزۇ- ئىستەكلەرنى كۆڭلىگە

پۈكۈپ ئەۋلادلار مەسلىسىنى ئەڭ چوڭ ئىشى دەپ بىلىپ، پەرزەنت تەربىيىلەش يولىدىكى تىرىشچانلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە قۇربان بېرىش روھى ۋۇجۇدلارغا ئىللىق سېزىم ئاتا قىلسا؛ خېلى كۆپ سانلىق كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا يىلتىز تارتقان قاششاق روھ، قالاق ئىدىيە، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك، شۇنداقلا ئادەمنى ئىلگىرى باستۇرمايدىغان مەنىۋى چۈشەكلەر كىشى قەلبىنى ئازابلايدۇ. چوڭ گەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلارنىلا ئېيتساق، مائارىپتىكى «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ھالقىلىق مەزگىلگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوقۇشسىز قېلىپ كۈننى كوچا ـ كوي، ئېتىز ـ قىر، كوچا ـ رەستىلەردە؛ تورخانا، سوغۇق ئىچىملىكخانىلاردا ئۆتكۈزۈۋاتقان، روھى زەئىپلىشىپ، تەقدىرنىڭ قارا كۆلەڭگىسى بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن ئاشۇ باللار؛ بالىنى تېپىپ قويۇپ ئىگە بولمايۋاتقان، تۇرلۇك كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئاجرىشىش تۈپەيلىدىن ئائىلىنى خانىۋەيران قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى سەۋەبلىك نۇرغۇن بالىنىڭ تىرىك يېتىمغا ئايلىنىپ بويۇن قىسىپ قېلىشلىرى؛ چاقىرتمىسا ياكى ئاتا ـ ئانىلار يىغنى ئاچمىسا مەكتەپ دېگەن جايغا قەدەم بېسىپمۇ قويمايدىغان، ئەدناسى، بالىسىنىڭ قايسى سىنىپتا، كىمنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خېلىلا كۆپلۈكى؛ ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش تېپىدىكى تەتقىقاتچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولىمۇ ئازلىقى، ئەكسىچە، ئون ـ يىگىرمە يىللاپ تەكرار ۋە ئوخشاش ئۇسۇلدا دەرس ئۆتۈپ ئىچى سىقىلىپ كەتكەن، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن ياتلاشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر قەدەر كۆپلۈكى؛ ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىرەر پارچە كىتاب، ھېچبولمىغاندا بىرەر پارچە ماقالە ـ ئەسەر بولسىمۇ ئوقۇپ قويۇش خىيالىغا كەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ سان ـ ساناقسىز بولۇشى؛ ئۆزىنى خېلى زىيالىي ساناپ يۈرگەن خېلى كۆپ ساندىكى كىشىنىڭ خىزمەت خۇلاسىسىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ يازالماسلىقى، ئۇنىۋان ئېلىش ئۈچۈن باشقىلارغا پۇل تۆلەپ ماقالە يازدۇرۇشلىرى... دېگەندەك بىر قاتار رېئال مەسىلە مەدەنىيەت ساپايىمىزدىكى نۇقسانلارنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ.

ئۇرۇق، تۇپراق ياخشى بولمىسا مايسىنىڭ يېتىلىشىمۇ ئاجىز بولىدۇ. ئۆينىڭ ھۇلى پۇختا بولمىسا بۇنداق ئۆي ئاسانلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. كۆچەتنى نوتا ۋاقتىدا ئەگكىلى بولغىنى بىلەن دەرەخكە ئايلانغاندا ئەگكىلى بولمايدۇ. بۇلاق سۈيىنى باشلىنىش نۇقتىسىدا قايسى تەرەپكە باشلىساق سۇمۇ ئېرىق بولۇپ شۇ يۆنىلىشكە قاراپ يىراق مەنزىللەرگە ئېقىپ كېتىدۇ. ئۆزۈمگە ئۆزۈم پىچىرلايمەن: 21ـ ئەسىرنىڭ شۇنچە كۈچلۈك ۋاڭ ـ چۇڭلىرىدىمۇ ئويغانمىغان بىزدىكى قانداق غەپلەت ئۇيقۇسى بۇ!؟

2008ـ يىل 4ـ فېۋرال، قورغاس

# نەقىل مەنبەلىرى


[1] «مائارىپ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2003ـ يىل ئىيۇل نەشرى، 11ـ بەت. مۇسا ئەھەد، ئەلى سابىر، مۇھەممەت ساۋۇت، قاھار ئوسمانلار تەرجىمىسى.

[2] «بالىلارنى ئورتاق تەربىيىلەيلى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2004ـ يىل فېۋرال نەشرى، 225ـ بەت. مۇختار مەخسۇت تەرجىمىسى.

[3] «مائارىپ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، 5ـ بەت.

[4] يۇقىرىقى كىتاب 19ـ بەت.

[5] «ئاساس مائارىپى دەرس ئىسلاھاتى پروگراممىسىنىڭ يەشمىسى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002ـ يىل ئىيۇل نەشرى، 32ـ بەت. ھىدايەت تىللا قاتارلىقلار تەرجىمىسى.

[6] «بالىلارنى ئورتاق تەربىيىلەيلى»، 5ـ بەت.

[7] ۋاڭ مېڭ: «يەر شارىلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ‹مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى› قۇرۇش ھەققىدە قىياس»، «مىراس» ژۇرنىلى 2007ـ يىل 1ـ سان. شۆھرەت مۇھەممەدىي تەرجىمىسى.

[8] لى لىجۇەن: «ئىنگلىزلار بالىلارنى قانداق تەربىيىلەيدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000ـ يىل مارت نەشرى، 91ـ بەت. ئىمىن ئەلى تەرجىمىسى.

[9] يۇقىرىقى كىتاب 110ـ بەت.

[10] يۇقىرىقى كىتاب 129ـ بەت.

[11] يۇقىرىقى كىتاب 153ـ بەت.

[12] يۇقىرىقى كىتاب 155ـ ، 156ـ بەتلەر.

[13] لىيۇفاڭ: «فرانسۇزلار بالىلىرىنى قانداق تەربىيىلەيدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000ـ يىل ئىيۇل نەشرى، 15ـ بەت. ئۆمەرجان مۇھەممەت تەرجىمىسى.

[14] يۇقىرىقى كىتاب 152ـ بەت.

[15] «تىل ئېكولوگىيىسىدىكى كرىزىس»، «بىلىم ـ كۈچ» ژۇرنىلى 2003ـ يىل 10ـ سان. مۇيەسسەر ئابدۇللا تەرجىمىسى.

[16] سىزىكى چىنوئىچى: «پەرزەنتلەردە ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005ـ يىل مارت نەشرى، 36ـ بەت. ئازادجان نىزامىددىن ئەنجانىي تەرجىمىسى.

[17] كارل ۋىتېر: «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002ـ يىل ئۆكتەبىر نەشرى 35ـ، 39ـ، 55ـ، 69ـ، 72ـ، 73ـ، 85ـ، 107ـ، 109ـ، 114ـ، 110ـ، 200ـ، 361ـ، 364ـ بەتلەر. ئابدۇرېھىم دۆلەت، ئادىل ئابدۇقادىر، جۈرئەت دۆلەتلەر تەرجىمىسى.

[18] «بىلىم ـ كۈچ» ژۇرنىلى 2004ـ يىل 6ـ سان 43ـ بەت.

[19] «تەرمىلەر» ژۇرنىلى 2002ـ يىل 8ـ سان 38ـ بەت.

[20] ۋاڭ مېڭ: «يەر شارىلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ‹مەدەنىيەت چوڭ دۆلىتى قۇرۇش› ھەققىدە قىياس»، «مىراس» ژۇرنىلى 2007ـ يىل 1ـ سان. شۆھرەت مۇھەممەدىي تەرجىمىسى.


---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 5ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە خىمىيە ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى



# بىلىم، تەپەككۇر، ئىتتىپاقلىق

— زۇلپىقار بارات ئۆزباشنىڭ بىلىم ئىگىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئائىت قاراشلىرىغا قارىتا ئويلىغانلىرىم

ئوسمانجان مۇھەممەت پاسئان

بىلىم ئىگىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش چاقىرىقىنى ئەجابىي مەنىدىن بىلىم ئىگىلىرىنى دىئالوگقا چاقىرىش دەپ ئۆزلەشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. بىراق، دىئالوگقا كىرىش ئۈچۈن دىئالوگ ئىشتىراكچىلىرى بولمىش بىلىملىكلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىشى شەرت. كونا كۆز قاراشلاردا بىلىم دېمەك — ھەقىقەت دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئېنىق جەريانى ۋە كەسكىن نەتىجىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىگە ئۆرۈنغۇچىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئۈمىدلىك ۋە خەيرلىك ئاخىرقى ھۆكۈمى بولىدۇ. شۇڭا، كۆپىنچە ھالدا، بۇنداق «بىلىم» بىلەن قوراللانغان «بىلىملىك» لەر ئۆزگىلەرگە ۋە ئۆزگىلەرنىڭ ئۆزگىچە «بىلىمسىز» لىكىگە تۈپتىن قارشى مەيدانىنى كەسكىنلىك بىلەن ئىپادىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ «بىلىملىك» ئىكەنلىكىنى خەتەرلىك چەكلىمىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئۇلار بۇنداق پوزىتسىيىگە تايانغان «ئىتتىپاقلاشتۇرۇش» چاقىرىقىنىڭ روھىنى ئاسانلا، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان «بىلىم» ياكى «ھۆكۈم» گە ئەسلىي ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئوبيېكتلىرى بولمىش ئۆزگىلەرنى بويسۇندۇرۇش دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. بىلىمنىڭ بۇنداق كونا مەنىسىدە كېتەرلىك ۋاقىت بىلەن ئېرىشىدىغان نەتىجە ئالدىنئالا بەلگىلىۋېلىنغان ياكى پەرەز قىلىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ خىل ئاتالمىش «بىلىم» دە ھېچقانداق يېڭىلىق بولمايدۇ.

مېنىڭچە، بىلىم ئىگىلەشتە بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىدىنمۇ ئىلگىرى تۇرىدىغان بىر ئالاھىدە باسقۇچ بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، بىلىمنىڭ ماھىيەتتە چەكلىمىسىز بىلىمسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىشتۇر. دەل مۇشۇ ئاڭقىرىش ئەمەلگە ئاشقاندىلا بىلىملىكلەر (ئۆزلىرىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار) نىڭ دىئالوگى ئەمەلگە ئاشىدۇ. دىئالوگنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بولسا، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ئىتتىپاقلاشقانلىقىنىڭ ئەڭ روشەن بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن.

1

بىزنىڭ دىئالوگقا ئەركىن ھالدا ئىشتىراك قىلالىشىمىزنىڭ ئۆزى، ئىدىيىدە مۇستەبىتلىك يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتتە بىلىمنى يوشۇرۇن كونترول قىلىپ تۇرىدىغان مەلۇم بىر يېتەكچى ئىدىيە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولسا، دىئالوگ پائالىيىتىمىزنىڭ دەل مۇشۇ ئىدىيىنىڭ توسقىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان بولىدۇ. بىراق، بۇ ئىدىيە ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنىۋى تۇپرىقىدا ئۆزىگە ماس ھالدا قايتا تەڭشەش ئېلىپ بارغان ھەممە تۇپراقنىڭ سىرتتىن ئۇزۇقلۇق قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى چەكلەپ قويغان بولسىچۇ؟ بۇ چاغدا، شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەينى جەمئىيەتنىڭ بىلىم ئىگىلىرى دەپ ئاتالغان كىشىلەر، ئەمەلىيەتتە بايا تىلغا ئالغان ئاتالمىش يېتەكچى ئىدىيىنىڭ شەرھلىگۈچىلىرى ھەممە ئۇنى جان- جەھلى بىلەن قوغدىغۇچىلارغا ئايلانغان بولىدۇ. گەرچە تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت ئىزدىنىشلەردە ئىدىيىنىڭ بۇنداق

تەپەككۇر كۆزى

چەكلىمىلىك كۈچى ئانچە ئاشكارا كۆرۈلمىسىمۇ، ئىدېئولوگىيە خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە كۆپىنچە بىلىم جۇغلانمىسى يەنىلا مەلۇم ئىدىيە ياكى كۆز قاراشنى يېتەكلىگەن ياكى چۆرىدىگەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان بولغاچقا، دائىم پىكىر ئىختىلاپلىرى ۋە ئىدىيىۋى مۇستەبىتلىك ھادىسىلىرىدىن خالىي بولالمايمىز. بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى كونكرېت ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**1. ئىجتىمائىي تېمىدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەردە تەسۋىرلەش يۆنىلىشى بولماسلىق. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھۆكۈم ۋە مەجبۇرىي يوسۇندىكى تەلەپ ـ ئىلتىجالار كۆپ بولۇش.**

بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئەسەر ئاپتورى ئۆزىنى ئەڭ توغرا ئىدىيىۋى مەيدانغا ۋەكىللىك قىلىۋاتىمەن، دەپ تونۇپ قالغانلىقىدا. ئىككىنچىسى، ئۇ ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىدىيىۋى مەۋقەنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىغا قەدەر يېتەكچىلىك كۈچىنى يوقاتمىغانلىقىدا. ئۈچىنچى، ئۇ يادرو قىلغان ئىدىيىنىڭ مۇستەبىتلىك خاراكتېرى بولغانلىقىدا. تۆتىنچى، ئاپتورنىڭ بىلىمىنىڭ نېمىلىككە قارىتىلغان چۈشەنچىسىدە ئۆزىنىڭكىنى مۇتلەق راست دەپ قارايدىغان بېكىنمىچىلىك خاھىشى ساقلانغانلىقىدا.

ئەمەلىيەتتە، تەسۋىرلەش يۆنىلىشى بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال «مۇتلەق ئىدىيە» قەسرى پاچاقلاپ تاشلىنىدۇ. بىرلا مۇتلەق ئىدىيە بولماسلىقى ئۈچۈن، ئىدىيىنىڭ كۆپلۈكى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇ پەقەت شەخسنىڭ ئۆزگىچىلىك خاراكتېرى ئويغانغاندىلا يۈز بېرىدىغان ئاكتىپ يۈزلىنىش بولۇپ، ئۆزگىچىلىك ماھىيەتتە ئىدىيىۋى كۆپلۈكنىڭ، ئىدىيىۋى كۆپلۈك جەمئىيەتنىڭ دىئالوگ جەمئىيىتى بولۇشقا قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. دىئالوگقا قاراپ ماڭغان ئېچىۋېتىلگەن جەمئىيەتتە شەخسلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى كىملىك تەرىپىدىن چەكلەپ قويۇلماستىن، ئەكسىچە، قەدەممۇ قەدەم ئاكتىپلاشتۇرۇلىدىغان ھەرىكەتچان جەريانغا ئايلىنىدۇ. بۇ چاغدا جەمئىيەت ۋە ئۇنى ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان كوللېكتىپ ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان چاقىرىق ھەمدە شوئار خاراكتېرلىك ئەسەرلەرگە موھتاج بولمايدۇ. ئۇلارنى تەبئىي ھالدا بىر يەرگە جەم قىلىدىغىنى ـ نوپۇزلۇق ئىدىيىمۇ ئەمەس. ئۇلار يەككىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدىن، ئىدىيىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىشنى ئىختىيارىي يوسۇندا تاللىۋالىدۇ. چۈنكى، ئىلغار ئىدىيىنىڭ ئاللىقاچان پۈتۈپ بولغان بولماستىن، ئەكسىچە، داۋاملىق ئېچىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشقا موھتاجلىقى، ھەمدە بىلىمنىڭ چېكى بولمايدىغانلىقى ئۇلارنى كەڭرى ئىزدىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن. شۇڭلاشقا، ئۇلاردا تولۇپ تاشقىنى قانداقتۇر ئۇلۇغۋار ھۆكۈم ۋە كونا كۆز قاراشلار ئەمەس، ئەكسىچە، ھەر قانداق بىلىم ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىدىن گۇمانلىنىدىغان سوئاللىق قەلبتۇر.

**2. تۈرلۈك ئىلىم مۇھاكىمىسى سورۇنى، ئەركىن سۆھبەت ۋە كىچىك تىپتىكى ئىلىم يىغىلىشىدا دىئالوگ بولماسلىق، ئەكسىچە، سۆز تېمىسى بىر قانچە ئادەمگە مەركەزلىشىپ قېلىش، ئەينى تۈپنى شەكىللەندۈرگۈچى بارلىق ئىشتىراكچىنىڭ ئۆزگىچە پىكرى ئېتىبارغا تەلەپ ئېلىنماسلىق.**

بۇ خىل خاھىشتىكى سۆھبەتتە، ئەمەلىيەتتە سۆھبەت ئۇيۇشتۇرغۇچى تەرەپنىڭ كۆڭلىدە ياكى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىنغان زاتلاردا سۆھبەت تېمىسىغا نىسبەتەن مەلۇم ئىدىيىۋى مەيدان مەسىلىسى ئاللىقاچان ئايدىڭلىشىپ بولغان بولىدۇ. ئۇلار سۆھبەتكە ئەنە ئاشۇ ئىدىيىۋى پوزىتسىيىنى شەرھلىگىلى ياكى قوغدىغىلى كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، باشقا سۆھبەت ئىشتىراكچىلىرىمۇ ئەركىن پىكىر قاتناشتۇرغۇچىدىن، بىردىنلا پاسسىپ تىڭشىغۇچىلىق ياكى كونا شەرھنى ياقلىغۇچىلىق تەرەپدارلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

مۇھاكىمە ياكى ئەركىن سۆھبەتنىڭ مەقسىتى ـ ئۇنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار يېڭىدىن بايقىغان ياكى كەسپىي ئىختىرا جەريانىدا ئۇشتۇمتۇت دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزگىچە ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقىشتۇر ۋە ياكى سۆھبەت ئىشتىراكچىلىرىغا ئورتاق بولغان ئومۇمىي ئىزدىنىش كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق بىلىمنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى بىلەن شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى ئارىسىدا ئۇنىڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەت تورى بارلىقىنى ئەسلەش، شۇ ئارقىلىق بىلىمنىڭ كىملىكلەشتۈرۈلگەن (ئۆزگىلەر تەرىپىدىن ئورتاق قوبۇل قىلىنغان) تەرىپىنى كەڭ قانات يايدۇرغان ئاساستا، ئۇنى سۆھبەتلەشكۈچىلەرنىڭ ئۆزگىچە شەرھلىرى ئارقىلىق ھەر بىر يەككىنىڭ خاسلىقىغا قايتۇرۇپ ئەكېلىشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرى سۆزلەش، قالغانلىرى ئاڭلاش قاتماللىقى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ھەقىقىي دىئالوگ مۇھىتىغا شارائىت ھازىرلىنىشى كېرەك. بۇ، قانداقتۇر ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ بىلىش، پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەسلىك دېگەندەك چۇۋالچاق نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىپ قېلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئىجابىي شارائىتتا ئىدىيىنىڭ، ئىدىيىنىڭ ئىچ ـ تېشىنى ئوراپ تۇرغۇچى بىلىمنىڭ، شۇنداقلا، بارلىق ئۆزگىچىلىكنىڭ پىكىرگە مەۋھۇم سايە تاشلاپ تۇرۇۋاتقان ھەقىقەتنىڭ «پۈتۈپ بولغانلىقى» دىن ئىبارەت مۇستەبىت خاراكتېرىنىڭ ئورنىنى ھەقىقەتنىڭ تېخى پۈتمەيۋاتقانلىقى، يەنى سۆزلەر ۋەكىللىكىدىكى بولۇۋاتقان ئىدىيىلەرنىڭ يۈز بېرىش ياكى بەرمەسلىك ئېھتىماللىقى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق يەككە ئىختىيارىي ھەمدە ئازادە كەيپىياتتا ئۆز ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلىرىغا چۆكۈش ئارقىلىق ئۆزگىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى بىلەن دوستانە ھالدا ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئېلىپ بارالايدۇ. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە سۆھبەت ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن

دىئالوگقا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەمدە مۇھاكىمە ئۇسۇلىنىڭ ئىشتىپاقلىق، باراۋەرلىكتەك دېموكراتىك تۈس ئېلىۋاتقانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىدۇر.

**3. جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي بىلىم زاپىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ كۆرسەتكۈچىگە ئايلانغان ھەر قايسى مەتبۇئات ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان ئىلىم ئورگىنالىرىغا قارىتا بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتماي، مەلۇم قاتلام ياكى دائىرىدە كۈچلۈك قوللاشقا ئېرىشىۋاتقان ساناقلىق ئىدىيىۋى ئۆلچەم ياكى ھۆكۈم خاراكتېرلىك بىلىم جۇغلانمىسىغا ئاساسەن ئەسەر ئىشلىتىش.**

تەپەككۇرنىڭ ھامان يەككە لىنىيە بويىچە شاخلاپ ماڭىدىغانلىقى ھەمدە بىلىمدىن ئىبارەت مەۋھۇم بايلىقنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقىدەك ئىچكى قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، نۆۋەتتىكى بەزى مەتبۇئاتلىرىمىزدا نېمە ئۈچۈن يېڭى پىكىر، يېڭى ئىدىيە، ئاۋانگارت بايقاشلار مەيدانغا كەلمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە قىسمەن جەھەتتىن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. يەنى:

بىرىنچىدىن، مەتبۇئاتلارنى بىۋاسىتە تۇتۇپ تۇرغۇچى خادىملار ۋە مەسئۇل كىشىلەر ئۆز بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئىدىيىۋى مەيدانىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ مەتبۇئات يۈزلىنىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يېڭىلىق ۋە ئىلمىي نەتىجە ھېسابلانسىمۇ، نۆۋەتتىكى يېڭى تەپەككۇر ئېھتىياجى ۋە ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ۋاقتى ئۆتكەن بىر قىسىم چۈشەنچە خاراكتېرلىك يەكۈنگە ئېسىلىۋېلىپ، مەتبۇئاتنى داۋاملىق بىر ئىزىدا ماڭغۇزىدۇ.

ئۈچىنچى، پېشقەدەم ئۇستازلار بىلەن ياش ئىزدەنگۈچىلەر ئارىسىدىكى نۆل نۇقتىدىن ئىجابىي يوسۇندا پايدىلانماي، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئاسانلا پىكىر ئىختىلاپى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ ـ دە، ئامالسىز مەلۇم تەرەپكە يان بېسىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا شۇ خىل ئىدىيىۋى ئۆلچەمنىڭ قوغدىغۇچىسى ياكى رەت قىلغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

تۆتىنچى، يەتمەكچى بولغان نىشان ناھايىتى كونكرېت ھەمدە ئالدىنئالا پىلانلىنىۋېلىنغان بولغاچقا، بىلىمنىڭ ئۈزلۈكسىزلىك خۇسۇسىيىتىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ.

بەشىنچى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش چاقىرىقىنىڭ ماھىيىتى چۈشىنىلمىگەنلىكى ۋە تولۇق مۇئەييەنلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەمەلىي خىزمەت جەريانىغا ئاكتىپ تەتبىقلىنىشى ئىنتايىن ئاجىز.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەر قايسى مەتبۇئاتتا جاپالىق ئىشلەۋاتقان خادىملارمۇ ئەمەلىيەتتە بىلىم ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان پەردە ئارقىسىدىكى بىلىم ئىگىلىرىدۇر. شۇنداق بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ بىلىمىنىڭ داۋاملىق ئېچىشقا موھتاجلىقى ھەمدە تەپەككۇرنىڭ ئۆز تىرەنلىرىدە داۋاملىق ئىنىدىۋىدۇئال شەخسنى چىقىش قىلىدىغانلىقىغا بولغان پوزىتسىيىسىمۇ دېموكراتىك تۈس ئېلىشى، مەتبۇئات يۆنىلىشىدە مەرىپەتلىك دىئالوگ (ئۆزگىچە ئىدىيىلەرنىڭ ئېتىراپى) ئاساس قىلىنىشى كېرەك. بولمىسا، نۆۋەتتە، بىلىمنىڭ ھەقىقەتكە ئايلىنىۋېلىشى تېزلىشىپ، ئۇنى يېڭىلاشنىڭ ئورنىغا ئاڭا بويسۇنۇش، ئاڭا ئەگىشىشتەك كوللېكتىپنىڭ مەرىپەت ئېڭى ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىزلايدىغان يېپىق ھالەت كۆچىيىپ كېتىدۇ.

## 2

ماقالىنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، بىلىم ئىگىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش چاقىرىقلىرى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىيەت تېمىسىدا توختىماي قەلەم تەۋرىتىۋاتقان بىر قىسىم مۇتەپەككۇرىمىز ئارىسىدا مەلۇم باغلىنىش بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. يەنە كېلىپ، بىلىم ئىگىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەسىلىسىمۇ، يىغىپ ئېيتقاندا يەنىلا ئىجتىمائىيەت تېپىغا كىرىدۇ. تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقان كىشىلىرىمىز بۇ خىل چاقىرىقلارنى ئاللىقاچان ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ بولغان بولىدۇ. چۈنكى، تەبىئىي پەنلەر مەسىلىلىرى كۆپىنچە ھەمكارلىق ئۈستىدە ھەل قىلىنىدۇ ياكى يەككە تەرەپتىن ھەل قىلىنغاندىن كېيىن كوللېكتىپ ئارقىلىق ئورتاقلىشىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ ـ دە، تېزلا ئۆزى تەۋەلەنگەن پەنلەرنىڭ ئايرىم تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە ئالدىنقى باسقۇچقا نىسبەتەن يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان ئىزدىنىش يولىغا ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، تەبىئىي پەنلەر خادىملىرىدا كەسىپ ۋە پەن ئېھتىياجى، شۇنداقلا، بىلىمنىڭ چېكى بولماسلىقتەك ئىدىيىۋى ئازادلىك سەۋەبىدىن ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئامىللىرى تولۇپ تاشقان ھېسابلىنىدۇ.

ۋەھالەنكى، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشلىرى ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى، تەپەككۇر شەكلى ۋە مەقسىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مىللىي كۇلتۇر ئامىللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆلگە ئېلىش ياكى تەتبىقلاشقا تېگىشلىك ئورگىنال نەتىجىلەر بولسىمۇ، بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى مەنىۋى ئېستېمال دەرىجىسى ھەمدە ئىجتىمائىي ساھەلەردە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ خاسلىقى نۇقتىسىدا يەنە يۇقىرى بېسىملىق خىرىس پەيدا قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىلگىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ بولغان بىلىملەرنىڭ، ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغان تۈرلۈك مۇلاھىزە تېمىسىنىڭ ھازىرقى كىشىلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ئومۇمىي كەيپىياتقا مۇناسىپ كېلىۋېرىشى ناتايىن. ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئاۋازى، ھەمدە ئۇ بويسۇنىدىغان ئىچكى رىتىمى بولىدۇ. ئەگەر، مەلۇم دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ساھەلەردىكى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولمايدىكەن، شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىدە زىددىيەتلىك ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەر پەيدا بولۇشقا باشلاپ، ماددىي تەرەققىيات بىلەن سىغىشالماسلىق، رىقابەتكە توغرا قارىيالماسلىق، مائارىپ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت، كۆڭۈل ئېچىش

قاتارلىق تەرەپلەردە مۇناسىۋەتلىك بىلىم ئىگىلىرى ئۆز ئارا چىقىشالماسلىق، ھەتتا بىلىم ئىگىلىرى بىلەن ئومۇمىي خەلق ئوتتۇرىسىدا ساپا جەھەتتە چوڭ پەرق قالماسلىقتەك سەلبىي ئىپادىلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

مېنىڭچە، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئىجتىمائىي تېمىدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ يېزىلىشى ۋە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشى دىققىتىمىزنى ئالاھىدە تارتىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەسەرلەردە تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولغان تېمىلار ئومۇمەن پۇبلىستىك تۈس ئالغان بولۇپ، ۋاقىتچانلىق خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك، جەمئىيەتنىڭ سەلبىي يۈزلىنىشىنى كونكرېت ھادىسە سۈپىتىدە مۇلاھىزە قىلىشى چەكلىمىسىز بولغاچقا، ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى مەۋجۇد مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئويلىنىشلىرىنى تېز خاتىرىلەپ جامائەتچىلىككە سۇنالايدۇ. شۇنداقلا، ئەسەرلەرگە قارىتا جەمئىيەت قايتۇرغان ئىنكاسلارغا ئۆز قەرەلىدە ئېرىشىپ ماڭىدۇ. بۇ تۈردە قەلەمكەشلەرنىڭ ھادىسىلەرنى تاللاش ۋە كۆزىتىش ئورنى ئوخشىمىغاچقا، مەلۇم خىل مەسىلە ھەققىدىكى ھەل قىلىش پىكىرلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلار كونكرېت ھادىسىگە قارىتا كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئاندىن ئۆز قاراشلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئاساستا جەمئىيەتكە ھۆكۈم تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى تېزلا شۇ خىل ھۆكۈمنى ياقلىغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا قارشى پىكىردە بولغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىغا تەڭلا ئۇچرايدۇ.

ئۇنداقتا، مەلۇم مەسىلىگە ئائىت ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شۇ خىل مەسىلىنىڭ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ماقالىدا ئېيتىلغىنى بويىچە ھەل قىلىنىش ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

بۇ سوئال بىزدىن ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى كونكرېت ئۈنۈمنى سۈرۈشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ماقالە ۋە ماقالىدە كۆزىتىلگەن ھادىسىنىڭ جەمئىيەتتە قانداق تەسىر پەيدا قىلىۋاتقانلىقىغا نەزەر ئاغدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزنىڭ بىلىم قارىشىمىز ھەمدە تەپەككۇرىمىزنىڭ قانچىلىك تورى بارلىقى ھەققىدە ياندىشىپ ئويلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىمىز. يەنى، ماقالە بىرىنچى تەرەپ، ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئىككىنچى تەرەپ، بىز بولساق ئۈچىنچى تەرەپ بولۇپ ئۇيۇشقان ھالدا شۇ ماقالىنى ئۆز بىلىم قۇرۇلمىمىز ۋە رېئاللىقنى كۆزىتىشتىكى ئۆزگىچە ئورنىمىزغا ئاساسەن قايتا باھالاپ چىقالايمىز. مەسىلەن:

بىرىنچى، مەزكۇر ماقالىدا شىكايەت قىلىنغان مەسىلە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلالامدۇ ـ يوق؟

ئىككىنچى، ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھۆكۈم خاراكتېرلىك چارىلەرنىڭ ئىلمىيلىكى قانچىلىك؟

ئۈچىنچى، ئاپتور ئوبيېكتىپ مۇلاھىزە داۋامىدا قانداق ئىدىيىۋى مەيدانني ياقلىغان؟ ياقلانغان ئىدىيىۋى مەيدان ئاپتورنى ئىلمىي تەپەككۇردىن چەكلەپ قويغان ئالامەتلەر بارمۇ؟

تۆتىنچى، ئاپتورنىڭ جەمئىيەتكە سۇنغان ھەل قىلىش چارىسى ياكى رادىكال ھۆكۈملىرى مەلۇم قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ياكى پىكىر ئۇسۇلىنى زىيانغا ئۇچرىتامدۇ ـ يوق؟

بەشىنچى، ماقالىنىڭ تەسۋىرلەش خاراكتېرى كۈچلۈكمۇ ياكى شىكايەت ـ ھۆكۈم خاراكتېرى كۈچلۈكمۇ؟

بىز يۇقىرىقى سوئاللاردا ئەسكەرتىلگەن نۇقتىلار بويىچە ئېڭىمىزدىن بىر ـ بىرلەپ جاۋاب ئىزدىسەك، ماقالىدىكى كۆز قاراشلارغىمۇ، رېئاللىققىمۇ ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە مەيدانىمىز بارلىقىنى، مۇشۇ ئۆلچىمىمىز بويىچە پەيدىنپەي جەمئىيەت ھەققىدىكى تىرەن ئويلارغا چۆكۈۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز. مانا بۇ، بىزنىڭمۇ ھەر قانداق مەسىلىگە قارىتا ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇش ئەركىنلىكىمىز ھەمدە شۇنداق ئىقتىدارىمىزنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە يەنە بىر مۇھىم ھالقا ئايدىڭلىشىدۇ. يەنى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلە باش تېما قىلىنغان ماقالە ـ ئوبزورلار ئەمەلىيەتتە قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ بىلىم زاپىسىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. شىكايەت ـ سەۋەب ـ نەتىجە ـ ھۆكۈمدىن ئىبارەت ماقالىدىكى تۆپ فۇنكسىيىلىك ئۆلچەم بىلەن باش تېما ماقالە يېزىلىشتىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇد. ھەتتا ماقالىدە شىكايەت قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئالللىقاچان ئويلاپ بولۇنغان، بىراق يېزىق ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقارمىغان تەرىپىلا بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن، بۇنداق ماقالىلەر ئېلان قىلىنىشى بىلەن تەڭلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ زور كۆپ سانلىقى ئاپتور خۇددى ئۆز كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالغاندەك، ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرىنى يازغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ.

بىلىمنىڭ ئۇزلۇكسىزلىكى ۋە چەكسىزلىكىدەك ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىنى يېزىش ياكى كۆڭلىدىكىنى خاتىرىلەش بىلەن بىلىم كاتېگورىيىسى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم زىت تەرەپلەر بارلىقىنى ئاسانلا ئويلاپ يېتەلەيمىز. ئالايلۇق، ئۇقۇم، ھۆكۈم، قائىدە، تېئورېما، فورمۇلىلار بەدىلىگە مەسىلە يېشىپ، نەتىجە چىقىرىدىغان تەبىئىي پەنلەردىمۇ بەزى يېشىملەرنىڭ بىرلا خىل ئۇسۇلى بولمايدۇ. ئۇلارمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەرتىپلەندۈرۈلگەن، رەتلەنگەن ئىلمىي تەسەۋۋۇر ۋە ماتېماتىكىلىق تەپەككۇردىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. بىراق، ئىلمىي تەسەۋۋۇر ۋە ماتېماتىكىلىق تەپەككۇرنىڭمۇ بەلگىلەپ بېرىلگەن ئۆلچىمى ياكى تۇتۇۋالغىلى بولىدىغان مۇئەييەن چېكى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەبىئىي پەنلەر خادىملىرىدىمۇ خۇددى سەنئەتكارلارغا ئوخشاشلا تولۇپ تاشقان ئىجادىي كۈچ ۋە مول فانتازىيە بايلىقى بولىدۇ. مۇھىمى، ئۇلار بۇنداق ھاياجانلاندۇرغۇچى مەنىۋىيەت ئامىللىرىنى ئىلمىي يەكۈنلەر ۋە قانۇنىيەتلەرگە سىڭىپ، تاۋلاپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن بىلىم ئوتتۇرىسىدا كۆپىنچە ھالدا زىتلىق كۆرۈلمەيدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدىن قالغان ئىختىرالىرىنىڭ زور كۆپ سانلىقى كېيىنكىلەر ئۈچۈن قىممەتلىك بىلىم بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

مەقسەتكە كەلسەك، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىنى خاتىرىلەش ياكى كۆڭلىدىكىنى يېزىش بىلەن ئۇنىڭ بىلىم كاتېگورىيىسىگە تەۋەلىنىشى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ مۇساپە ساقلانغان. چۈنكى، مۇلاھىزىمىزنىڭ ئوبيېكتى قىلىنغان شۇ خىلدىكى ماقالە- ئەسەرلەردە شەرھلەنگەن ھادىسىنى، شىكايەت قىلىنغان سەلبىي تەرەپلەرنى، ئۇنى ھەل قىلىش ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى ئوقۇرمەنلەر كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز ئويلىغانلىرى بىلەن بىردەك چىققانلىقىنى ھېس قىلسىلا، ئۇلارنىڭ ئەنسىزلىكى ۋە شۇ مەسىلىگە بولغان تەخىرسىز تۇيغۇسى بىردىنلا بېسىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى جىددىي ھالەتنى ساقلاۋاتقان ھەرىكەتتىكى تەپەككۇرىنى ئالدىدىكى تەييار مۇلاھىزىلەر ۋە توغرا بىلىنگەن ھۆكۈملەر توختىتىپ قويىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەن دەۋرنىڭ بىلىملىك مۇتەپەككۇرلىرىدىن سانىلىدىغان بەزى قەلەمكەشلەرنىڭ يازمىلىرىدىن ئۆزلىرى مەلۇم ئويلىنىشلارغا غەرق بولغان تەخىرسىز مەسىلىلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ھەمدە ھەل قىلىش سادالىرىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، بۇ خىل مەسىلە زور كۆپچىلىكنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتىپ بولغاندەك، جەمئىيەتتىكى ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار قاتلىمى بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئاللىقاچان چارە- ئاماللارنى تېپىپ بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ- دە، ئۆزىدىكى مۇشۇ مەسىلىگە تەۋە ئويلىنىشلىرى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى دەرھال باشقا تەرەپكە يۆتكەيدۇ.

دېمەك، ماقالىلەرنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى كونكرېت ئۈنۈمىنى يۇقىرىقىدەك سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش، بىزنىڭ بىلىم ۋە بىلىم ئىگىلىرىمىزگە بولغان چۈشەنچىمىزنى ئۆزىمىزدىن چىقىپ تۇرۇپ يېڭىلىشىمىزدا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەنە كېلىپ بىلىم ئىگىلىرىنى ئېتىپاقلاشتۇرۇش چاقىرىقلىرىنىڭ تولىمۇ يۈزە قاراشلاردىن تەركىبلىنىدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ئىتتىپاقلىق بىلىمنىڭ مۇقەررەر ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىدۇ.

## 3

بەزى مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ تەلىپىدىن قارىغاندا، بىلىم ئىگىلىرى بىلەن بىلىم ئىگىلىرىدىن باشقىلار دەپ روشەن ئىككى قۇتۇپقا ئايرىۋېتىشنى بىلىمنىڭ چەكسىزلىكى توسۇپ قالسا كېرەك. ئەگەر بىلىم ئۆزىگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى مۇتلەق كۈچنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلىسا، بىز بىلىم ئىگىلىرى ياكى بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمگە ئىگە بولمىغانلار ياكى بىلىمسىزلىكلەرنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق توسۇق بولمايدىغانلىقىنى تەن ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ ھەمدە بۇ نۇقتىدا مۇنداق بىر قانچە زۆرۈرىيەتكە تۇتۇلىمىز:

بىرىنچى، ئەگەر پۇبلىستىك ماقالە- ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى بىلىم ئىگىلىرى سانالسا، ئۇنداقتا، شۇ ئەسەردىكى مۇلاھىزە ۋە ھۆكۈمگە قايىل بولغان، ئۇنى قوللىغان ئوقۇرمەنلەرمۇ ئوخشاشلا بىلىم ئىگىلىرى سانىلىدۇ. چۈنكى، ئاپتورنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرى بىردەكلىككە ئىگە.

ئىككىنچى، ئەگەر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بىلىم ئىگىلىرى سانىلىدىغان قەلەمكەشلەر ماقالىلىرىدە ئوتتۇرىغا تاشلىغان شەرھ ھەمدە خۇلاسىلەرگە قارشى پىكىردە بولىدىغان ئوقۇرمەنلەر چىقسا، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا بىلىم ئىگىلىرى سانىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاپتور ئوتتۇرىغا قويغان شۇ مەسىلىگە قارىتا ئۆزگىچە ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئوخشىمىغان يېڭى نۇقتىلارنى بايقىغان، شۇڭا ئاپتورنىڭ قاراشلىرىنى رەت قىلغان.

ئۈچىنچى، شۇ خىل ماقالە- ئەسەرلەرگە بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتىدىغان، يەنى ئاپتورنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ياقلاش تەرەپدارىمۇ بولمايدىغان، قوللاپمۇ كەتمەيدىغان ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى كىشىلەرمۇ بىلىم ئىگىلىرى سانىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئاپتورلار كۆزىتىش ئېلىپ بارغان نۇقتىسى ھەمدە بايقىغان مەسىلە تەۋەلىنىدىغان ئىجتىمائىي توپنىڭ سىرتىدا ئۆز كەسپى ۋە قىزىقىشىغا ئائىت ئىزدىنىشلەر بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭغا قارىغاندا، بىلىم ئىگىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش چاقىرىقىنىڭ ئوبيېكتلىرىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق نوقۇل بىلىمگە قارىتىلغان ئەمەس. بۇ يەنە كېلىپ بىلىم ئىگىلىرىدىن باشقىلارنىڭ ئىتتىپاق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇنداقتا، بىلىمنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكى ھەمدە يۇقىرىقى بىر قانچە زۆرۈرىي نۇقتىلارغا ئاساسەن، ئىجتىمائىي تېمىدا قەلەم تەۋرىتىۋاتقان مۇتەپەككۇرلىرىمىزنى بىلىملىكلەر، ئەسەر سۇبيېكتلىرىنى بىلىمسىزلەر دەپ ئايرىش توغرىمۇ؟

يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال بىلىش ۋە بىلىم ھەققىدە كونكرېت مىسالغا ئاساسلىنىپ باقايلى.

بەزى مۇتەپەككۇرلار كىشىلەرنى بىلىم نۇقتىسىدىن مۇنداق بىر قانچە كاتېگورىيىگە ئايرىيدۇ:

ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلار.

ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار.

ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلار.

ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار.

مېنىڭچە، ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلار— ئەقىللىق، ئەمما سەممىي كىشىلەردۇر.

ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار — بىكىنمە، ئەمما قۇۋ كىشىلەردۇر.

ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلار— جۈشقۇن، ئەمما ساددا كىشىلەردۇر.

ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار— ھەقىقىي بىلىملىك كىشىلەردۇر.

ئۆزىمىزنىڭ بىلمەيدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز، بىلىمنىڭ تۈگىمەس ھەمدە يېڭىلىنىشچان خاراكتېرىنى چۈشەنگەنلىكىمىز بولۇپ، بىز بارلىق ئۆزگىلەر بىلەن مانا مۇشۇ بىلمەسلىك نۇقتىسىدا بىرلىككە كېلەلەيمىز ۋە ئىتتىپاقلىشالايمىز. بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئەمەلىيەتتە بىلىمسىزلىك باسقۇچىدىكى ئىتتىپاقلىق بولۇپ، ئۇنى مەرىپەت يولىدىكى كەملىك دەپ

قاراشقىمۇ بولىدۇ. بىز بۇ كىملىكىمىزگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بىلىم ھاسىل قىلىمىز. يەنى، ئۆزگىچىلىك يارىتىمىز. ئۆزگىچىلىكىمىز قانداقتۇر بىزنىڭ ئىنتىپاق ئەمەسلىكىمىزنى كۆرسەتمەستىن، دەل ئەكسىچە، بارلىق يەككىلىكنىڭ ئورتاق ھالەتتە مەرىپەتكە قاتنىشىش ئەركىنلىكى ئارقىلىق يۈز بېرىدىغان بېگى ۋە ئۆزگىچە بىلىملەرنىڭ بىللە مەۋجۇدلۇقىنى پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ، ھەقىقىي مەنىدىكى بىلىم ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، يۇقىرىقى سوئالنىڭمۇ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىغان بولىدۇ. چۈنكى، بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەرمۇ بىلىمنىڭ پۈتمەيۋاتقانلىقى ياكى چەكسىزلىكى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشلا بىلىمسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ـ دە، بىلىم (ئۆزگىچىلىك) ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىمنىڭ ئۆز تەبىئىتىدىكى بۇنداق ماسلىشىشچانلىق ئىنسانىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەنمۇ ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەت قۇرالايدۇ.

بۇلارنى كونكرېت چۈشەنچىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىككە كېلىنگەن تەپەككۇر تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندا، بىزگە تۆۋەندىكىدەك، بىر ـ بىرىدىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدىغان بىر قانچە خىل تەپەككۇر شەكلى ئۇچرايدۇ:

ئەپسانىۋى تەپەككۇر شەكلى.

دىنىي تەپەككۇر شەكلى.

ئەقلىي تەپەككۇر شەكلى.

ئىلمىي تەپەككۇر شەكلى.

تەنقىدىي تەپەككۇر شەكلى.

يۇقىرىقى تەپەككۇر شەكىللىرى بىر ـ بىرىدىن ماكان ۋە زامان قارىشى تۈپەيلىدىن پەرقلىنىش بىلەن بىرگە، تارىخىي تەرتىپ ۋە ئىلغارلىق بىلەن پاسسىپلىق جەھەتتىنمۇ ئۆز ئارا روشەن ئوخشىماسلىقلارغا ئىگە. بىراق، ئادەمنى تېخىمۇ ئويغا سالىدىغىنى، بۇ تەپەككۇر شەكىللىرى نۆۋەتتە تەپەككۇر تارىخىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ قەدەم باسقۇچلىرىغا ئايلانغان بولسىمۇ، بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىنسانىيەت ئارىسىدا يەنىلا تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدۇر. بىر خەلقنىڭ ئومۇمىي تەپەككۇرىنى ماھىيىتى ۋە ئىلمىي فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن يۇقىرىقى شەكىللەرنىڭ ياكى باسقۇچلارنىڭ مەلۇم بىرىگە تەۋەلەشكە بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، نۆۋەتتە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا كېتىۋاتقان تەپەككۇر باسقۇچى بولغان «تەنقىدىي تەپەككۇر شەكلى» بىلەن بىز مۇلاھىزىمىزدە قويۇپ بەرمەيۋاتقان «بىلىم» نىڭ ماھىيىتىنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق مەلۇم ئىجابىي يەكۈنلەرگە ئېرىشىش تامامەن مۇمكىن. شۇنداقلا، ئەپسانىۋى تەپەككۇر باسقۇچى بىلەن دىنىي تەپەككۇر باسقۇچىنىڭ كېيىنكى نۇقتىسىدا تۇرۇپ قېلىۋاتقان بىزنىڭ ئومۇمىي تەپەككۇر شەكلىمىز ئۈچۈن تەنقىدىي تەپەككۇر بىلەن بىلىمنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكىنى پاراللېللاشتۇرۇش ئارقىلىق تەپەككۇر شەكلىمىزدە مەلۇم جەھەتتىن سىلكىنىش پەيدا قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولۇشى ھەم ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى، تەنقىدىي تەپەككۇر ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئىلگىرىكى تەپەككۇر باسقۇچلىرىغا ئوخشاش شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان ھەقىقەتچىل بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇپ، پۈتكۈل دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە قاراتقان، يەنى، تەپەككۇرنىڭ تەبىئىتى ۋە ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان مۇستەقىللىق خاراكتېرىنى ياراتقان ئەڭ ئىلغار تەپەككۇر شەكلىدۇر. ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆزلۈكسىزلىكى ۋە ۋارىسلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئويلىنىشقا تۇتۇلغانلىقىدەك ئىجابىيلىقى، بىلىمنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مېخانىزمى بولىدىغانلىقى ھەمدە تەپەككۇرنىڭ ئۆزىنى توختاۋسىز تەنقىد (رەت) قىلىشقا موھتاجلىقى بىلەن ماسلىشىدىغانلىقىنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. يەنى تەپەككۇرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان رەھىمسىز تەنقىدى بىلىم ھاسىل قىلىدۇ. بىلىم ـ داۋاملىقى ۋە يېڭىلىنىشچانلىقى ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ يۆنىلىشىگە ئاساسەن، بۇ يەردە بىز ئىككىلەنمەيلا ھۆكۈم خاراكتېرلىك مۇنداق بىر قانچە پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز ھەمدە ماقالىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

بىرىنچى، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشچانلىقى ھەمدە ئۆزلۈكسىز تەنقىدكە موھتاجلىقىدىن قارىغاندا، «بىلىم ئىگىلىرى» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ نوقۇل مەلۇم ساھەدىكى كىشىلەرگىلا قارىتىلىپ قېلىشى خاتا. چۈنكى، بىلىم پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق.

ئىككىنچى، بىلىمنىڭ ئەسلىدىنلا ئۆز ئوبيېكتىنىڭ كۆپلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشى ھەمدە كۆپلۈكنىڭ بىرلىكىنى تەلەپ قىلىشىدەك ئىنسانپەرۋەرلىك ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بىلىمنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ «بىلىم ئىگىلىرى ئىتتىپاقلىشايلى» دېيىشنىڭ قىلچە ئىلمىيلىكى يوق. چۈنكى، بىلىم ئۆزىگە كېلىۋاتقان بارلىق يەككىنى بىلىمسىزلىك، يەنى مەرىپەت كىملىكىدە ئىتتىپاقلىقىنىمۇ يېقىن بولغان تۇتاش نۇقتىلارغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجتىمائىيەت مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن زىيادە سەزگۈرلۈكتىكى پۇبلىستىك ماقالە ـ ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىنمۇ مۇھىم بولغان بىر ئالاھىدە بايقاش شۇكى، ئاۋۋال بىلىمنىڭ يادروسى بىلىمسىزلىك ئىكەنلىكى، ئىدىيىۋى مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئىنساننىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى بىلەن مەڭگۈ چىقىشالمايدىغانلىقى، كىشىلەرنى بىلىم ئۈچۈن تەپەككۇرغا چاقىرىشنىڭ دەل ئەكسىچە، تەپەككۇر ئۈچۈن بىلىمگە چاقىرىش كېرەكلىكى قاتارلىق ئاكتۇئال بايقاشلار تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ھەمدە ئىلمىي ئۇسۇلدا شەرھلىنىشى كېرەك. چۈنكى، تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزگىلەرگە ئاتا قىلىدىغىنى قانداقتۇر ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق بويسۇندۇرۇش ئەمەس، بەلكى گۇمانلاندۇرۇش ئارقىلىق ئويلىنىشقا سېلىش ۋە ئۆزگىچىلىكنى تېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر.

2009 ـ يىل ئىيۇل، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: تىجارەتچى



# بىر پارچە رەسىم ئالدىدا

ئابدۇنىياز توختى

قولۇمغا پەلكۈچنى ئالدىم. بوياقلار بوياق تەخسىسىدىن كۆتۈرۈلگىنىچە ھېس- تۇيغۇلىرىم بىلەن قوشۇلماقتا ئىدى. مەن بوياق بىلەن ھېس- تۇيغۇمنى ياراشتۇرغۇچى ئىدىم. بەزىدە تۇيغۇم بوياقتىن يىراقلاشقىلى تۇرسا، بەزىدە بوياق ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگىلا تەۋە ساپ تۇيغۇسىنى ئىپادىلىمەي ئالدامچىلىق قىلاتتى. مەن تۇرنىڭ رەسىمىنى سىزىۋاتاتتىم. تۇر— قىزارغان قۇياش، تونۇردىن ھېلىلا سۇيۇۋېلىنغان، ۋايىغا يېتىپ پىشقان نان. رەسىمدە مەيدانغا كېلىۋاتقىنىمۇ قۇياشنىڭ قىزىل نۇرىغا چۆمۈلگەن تۇر ئىدى. قايسى ئىچكى تۇيغۇلىرىمنىڭ دەۋىتى بىلەن ياكى تاسادىپىيلا تۇرنى ئىسسىق رەڭلەر بىلەن سىزىپ كەتكىنىمنى بىلمەي قالدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ ماڭا— بىر رەسسامغا نىسبەتەن بۇنى بىلىش كېرەك ئەمەس، تونۇشنىڭ بولۇشىلا كۇپايە ئىدى. رەسىم جازىسىدىن يىراقلىشىپ تۇرۇپ بىر پۈتۈنلۈك رەڭ ھادىسىسىنى كۆزەتتىم. تەپەككۇرۇم رەسىم يۈزىگە، تۆت چاسا لاتا ئىچىگە يىغىلاتتى ۋە يەنە تەرەپ- تەرەپكە چاچراپ چىقىپ، نەلەرگىدۇر كېتىپ قالاتتى. سەنئەتكار تۇرمۇشنى ھىدلايدۇ. ئەڭ نازۇك تۇيغۇلارنى قەلبى بىلەن تىڭشايدۇ. سەنئەتكار ھېس قىلىدۇ. ئۇ، تۇرمۇشتىكى ئەڭ نازۇك تەرەپلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن يۈزىنى دائىم سۇرتۇپ تۇرىدۇ. پاكىزلىق ئۈستىدە ئەكس ئەتكەن نەرسىلەر سۈزۈك ھەم يارقىن بولىدۇ. ئاقلار ئۆزىدە ئەكس ئەتكەنلەر ئۈستىدە شۇڭا جىمىپ كېتىدۇ. ئۆزىنى ئىپادىلەش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. كۆز ئالدىمدا شۇنداق جىمجىت نەرسىلەر بولىدۇكى، ئەسلى ئۇلار جىمجىت ئەمەس، ئۇنى كۆرەلەيدىغان كۆزلەر جىمجىت. تۇر رەسىم جازىسى ئىچىدىن قوزغىلىپ، تىزگىنسىز پىكىرلىرىمگە ئەگىشىپ ماڭىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاخىرقى ۋىدالىشىشنى سۆس شىلدىرلاشلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىنىچە لەيلەپ چۈشكەن ئالتۇن رەڭ ئۈجمە يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە قوي بېقىۋاتقان قىز ئىدى. شۇنداق ئىسسىق مەنزىرە ئىچىدە قەلبىمنىڭ ئىللىق، خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا چۆمگەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمەن. ھۇزۇر ئېلىۋاتقىنىم سەنئەتتىكى شەكىل، رىتىملا ئەمەس بەلكى رەڭدىكى قىزىللىق، ئىسسىقلىق ئىدى. قىزىللىق— قىزىق ھېسسىيات، ئىسسىق ھارارەت. سەنئەتتە سۆزلىگەندىن كۆڭۈلدە تونۇغان ئەۋزەل. سۆزلەپ ئىپادە قىلىپ بولالماسلىقتىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم بىر ئېھتىياج سەنئەت شەكىللىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بوياقلار توختىماستىن ئارىلاشماقتا. بىر پارچە رەسىم بىلەن ئۆزۈمنى ئىپادىلەۋاتىمەن. ئۆزۈم بىلەن رەسىم ئارىلىقىدا پەلكۈچ بار، بوياق بار. بۇلار ئۆز ئەسىرىم بىلەن مۇئەييەن ئارىلىق قالدۇرماقتا. مەن ئەسىرىمگە سىڭىپ كىرمەكچىمەن. بەلكى ئارىلىقنى— ئىمكانىيەتنى قالدۇرۇپ تۇرۇپ شۇ ئارىلىق ئىچىدە يىتتۈرگەنلىرىمنى ئىزدەيمەن. بوياق ئېچىرقىغان روھىمغا مەلھەم سېتىۋالغۇچى

پۇلغا ئوخشايدۇ. ئۇ مەن ئۇچۇن بەدەل تۆلەۋاتىدۇ. تۇرنىڭ ئەڭ يارقىن نۇقتىسىغا قىزغۇچ رەڭ بەردىم. كۆڭلۈم تەسكىن تاپتى. ھازىرغىچە تۇرنىڭ ئەتىگەنلىك ياكى كەچلىك قىزىل نۇرغا بۆلەنگەن قىياپىتىدىن ھۇزۇر ئېلىپ كەپتىمەن. كۆز ئالدىمدىمۇ شۇ قىياپەت، خىيالىمدىمۇ شۇ. قىزىل نۇر ئىچىدە كەڭرى يېيىلىپ ياتقان تەكلىماكانغا قارىدىم. قىزىللىق ئىچىدە ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشقا، ھاياتقا مۇھەببىتى بار. قىزىللىق قىزلارنىڭ يىگىتلەرگە سالغان كۆيۈكى، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولالماس ئىچ سىرى. قىز ۋىللىدە قىزارغىنىچە چېلىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ماڭدى. يىگىتنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ باغرى كاۋاپ بولدى. رەڭ دېمەك مەنا دېمەك. قىزىل رەڭ ــ مۇھەببەت. قۇياش ئاپئاق بۇلۇتلارنى سۆيۈپ تۇرغان تەگرىتاغلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ زېمىنغا قىزىل تون ياپتى. قوۋم دۆۋىلىرىنىڭ ئابىيومىنى بويلاپ ھاسىل بولغان رەڭ ئۆزگىرىشلىرى ئىچىدە تەكلىماكان زېمىن باغرىدىكى ئاجايىپ رەڭدار نەقىشكە ئايلاندى. قۇملۇقتىكى رەڭ تەكشى رىتىم ئىچىدە گۈزەل بىر مېلودىيە بولۇپ جاراڭلايتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاشۇ رەڭنى ئېسىدە چىڭ ساقلىۋېلىپ، دەرەخ شېخىدىن ئايرىلىشنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە كۆركەملىكىنى يەنە بىر نامايان قىلدى. قىز ۋە قىزىل. نېمىدېگەن يېقىن سۆزلەر بۇ. بۇ ئىككى سۆز كېلىش مەنبەسىدىن قايسى سۆز قايسىسىنى ئۆزىگە بېقىندۇرغاندۇ؟ ۋىللىدە بىر قىزىرىش قىزلارغىلا خاس تەسۋىر. ئاياللاردا نازاكەت بولىدۇ. كۆزۈم رەسىمدە، يېپىشقاق بوياق ئۈستى ـ ئۈستىلەپ يېپىشقىنىچە دەستىلەنگەن ئوي ـ پىكىرلىرىمنى ئاينىتماقتا. قەلب تۇيغۇلىرىم كىتاب بەتلىرىنى ۋاراقلىماقتا. تەسۋىر شۇنداق ئىكەن. قىزىرىش ــ قىزچاقنىڭ چىرايلىق مەڭزى، قىزىرىش ــ قىزىل ئالما. قىزارغان ئالما يۈزىدە بويىغا يەتكەن نومۇسچان قىزنىڭ جىلۋىسى بار. قىزىل رەڭ بار يەردە ئەڭ نازۇك تەسۋىر بار. كەڭ كەتكەن ئېتىزلىقنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى دەرياسۈيى قىزچاقنىڭ يېڭى ئۆرۈلگەن چېچىدەك تارام ـ تاراملاپ ئاقماقتا. قۇياش دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى دۆڭ كەينىگە مۆكتى. سۇ يۈزى قىزىل لىنتىغا ئۆزگىرىپ، نۇرنى يەتكۈچە سۈمۈردى. دەرەخلەر ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتكەن نۇر ھارۋىدا كېتىۋاتقان مۇڭداشقاق ئاياللارنى گوياكى گۈلخانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بىر كۈنلۈك ئېتىز ئەمگىكىدىن ھارغىنلىق يەتكەن توپا چىرايلارنى قۇياش ئىسسىق نۇرى بىلەن سۆيەتتى. قىزىل نۇر مۇھەببەت نۇرى. يىگىت قىزىل نۇردىن ئۆتۈپ كېچىلىك ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە مەشۇقىنى كۆردى. يەنە شۇ شەرق تەرەپ، ئۇپۇق سىزىقىدىن كۆتۈرۈلگەن قىزىل نۇر ئىچىدە يېڭى بىر كۈنلۈك ھاياتقا قەدەم قويدى. ئىككى نۇر ئارىسىدا يىگىتنىڭ كۆيۈك ئازابى دەھشەتكە ئايلاندى. شۇڭا قىزلارغا بولغان سۆيگۈ قوپاللىق، ئاشكارىلىق، تەۋەككۈلچىلىك، مەردانىلىك سۈپىتىدە يىگىتلىك ئوبرازىنى نۇرلاندۇردى. پەلكۈچنى قويۇپ، كۆزۈمنى يۇمدۇم. سىزىپ ئاخىرقى نىشانغا يەتمەكچى بولغان كۆكۈل ئېكرانىمدىكى رەسىم بىلەن كۆز ئالدىمدىكى رەسىمنى سېلىشتۇردۇم. قانائەتسىزلىك تۇيغۇسى تېنىمنى تىنچسىزلاندۇراتتى. كۆز ئالدىمدىكى رەسىمنى كۆكۈل كۆزۈم بىلەن كۆردۇم. «كۆزۈڭگە قارا! »دەپ غەلىيان قىلاتتى روھ تۇيغۇلىرىم.

ــ كۆزگىمۇ قارىغىلى بولامدۇ؟ ــ دېدىممەن.

ــ ئىنساندا بىر جۈپ كۆزدىنمۇ يورۇق كۆز بار. ناۋادا ئۇنى بايقىمىساڭ كۆزۈڭ بولسىمۇ كوردۇرسەن.

ــ قەلب كۆزىنى دېمەكچىمۇ؟

ــ بىلگەن، تونۇغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى كۆزۈمدە كۆرگەنلىرىم دېيەلمەيسەن.

كۆزۈمگە قارىدىم. رەسىم يۈزىدە كۆرگەنلىرىم رەڭ، ھېس قىلغانلىرىم مەنا ئىدى. «سەنئەت تۇرمۇشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.» سەنئەت بىر سەنئەتكارغا خاس ئاڭنى چىقىش قىلىدۇ. سەنئەتنى تۇرمۇشتىن ئۈستۈن قىلغان نەرسە بەدىئىيلىك. بەدىئىيلىك ــ ئۆزىنى قېزىش. تۇرنىڭ ئەتراپىدا ئايلانماقتىمەن. مەنمۇ تۇرنىڭ يېنىغا قۇياش ئۇپۇققا باش قويغاندا كەلدىم. قولۇم بوياقلارنى تەڭشىمەكتە. رەڭلەر گۈزەللىك ئېقىمىدىن ئۆتۈپ رەسىم يۈزىگە قۇيۇلماقتا. شۇ تاپتا گۈزەللىك قامىتىمدىن ئەمەس، روھىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتاتتى. گۈزەللىك مەنا، تاشقى گۈزەللىك شەكىل. مەنا شەكىلنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. تەپەككۇرنىڭ شەكىلگە يۈزلەنگەن ۋاقتى دەل شەكىلدىن مەنا ئىزدىگەن ۋاقىتتۇر. پەلكۈچنى سۇرتۇۋېتىپ رەسىمنى كۆزەتتىم. رەسىم ئاساسەن پۈتۈپ قالغانىدى. رەڭ گرادۇسىنى سېرىقلىقتىن سەل ھالقىتىپ ئاخىرقى بىر رەڭنى تۇرنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى قۇياش نۇرى چۈشكەن جايىغا قويدۇم. رەسىمدىكى تۇر كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمۈلمەكتە ئىدى...

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى تىمئالقاغۇ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە رەسىم مۇئەللىمى

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا:
ماشىنىست ۋە بەتچى نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن، تۇرسۇنئاي يۇسۇپ (تەكلىپلىك)



## دانالار ئەخلاق، دوستلۇق توغرىسىدا

▲ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ سىناق تېشى.

— موللىېر

▲ۋىجدان روھىيەتتە بولغانغا ئوخشاش، نازاكەت بەدەندە بولىدۇ.

— لاروشفۇكو

▲ئەگەر باشقىلارنى ئۆزىمىزنى چۈشەنگەندەك چۈشەنسەك، ئەڭ ئەيىبلىك ئىشلارنىمۇ كەچۈرۈۋېتەلەيمىز.

▲ياشانغانلار ئۈچۈن ئەڭ ئېچىنىشلىقى جىسمانىي ئاجىزلىنىش ئەمەس، بەلكى روھىي غېرىبلىق.

— ماۋروئىس

▲كىمكى ئېغىر كۈنلەردە دوستىنى تاشلاپ كەتسە، ئۆزىمۇ كۈلپەتكە يولۇقىدۇ.

— ش. رۇستاۋېلى

▲باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئورۇنسىز ئېلىش، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغان بىلەن باراۋەر.

— لۇشۈن

▲ئۆز ئۆيۈڭ مەيلى قانچىلىك ئاددىي، قانچىلىك نامرات بولسۇن، دۇنيادا ئۇنىڭدەك راھەت يەر يوق.

— لياڭ شىچيۇ

▲ئادەم ئۆزى ئېتىقاد قىلغان نەرسىسىنى مۇقەددەس بىلىدۇ، خۇددى ئۆزى سۆيگەن نەرسىنى ئەڭ گۈزەل دەپ بىلگەندەك.

— رېنان

▲ ئېتىقاد كىشىلەردە چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك نەرسە، ھېچقانداق نەرسىگە ئېتىقاد قىلمايدىغان ئادەم بەختلىك بولالمايدۇ.

— ھيۇگو

▲ ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئىشەنچ سەممىيەت.

— باكون

▲ ساغلاملىق بولمىسا ھەر قانداق خۇشاللىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

— گاي

▲ بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق كۆپ ئۆتكەن ئادەم ئاسان بەل قويۇۋەتمەيدۇ.

— جونسون

▲ ئەڭ گۈزەل چىرايىنى تونۇشتۇرۇش خېتى دېسەك، ئۇنداقتا ئاق كۆڭۈللۈك كرېدىت كارتىسىدۇر.

— بولۋېر لىتتون

▲كىچىككىنە مەنمەنلىك سېنى نۇرغۇن ئالقىشتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ.

— بالتاسار گراسىئەن

▲دوستۇم، ئاۋۋال سەن مېنى مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇر، نەسىھەتنى كېيىن قىلارسەن.

— لافانتېن

▲ئۆمۈر بويى تىۋىنىدىغان بىر نىشانىمىز بولسۇنكى، باشقا نىشانلىرىمىز شۇ چوڭ نىشانىمىز ئۈچۈن پەلەمپەيگە ئايلانسۇن.

▲ئادەمنى مۇھىتنىڭ مېۋىسى دېگەندىن كۆرە، مۇھىتنى ئادەمنىڭ مېۋىسى دېگىنىمىز تۈزۈك.

▲كۆپكە ئېرىشمەن دەيدىكەنسەن، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىڭ ئارتۇقچە بوپكەتمىسۇن.

▲ ئاقىللار ئېرىشەلمەيدىغانلىرىغا پىسەنت قىلمىغان.

— ھېمىڭۋاي

▲ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىشىنىش، ۋەدىگە ئىشەنمەسلىك لازىم.

ـــ سولۇن

▲ ئۆز لايىقىدىكى سۈكۈت ئاقىلانىلىك، ئۇ ھەر قانداق مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ـــ پلۇتارچ

▲ ئىنسان تەبىئىتىگە بالىلىقتا سىڭدۈرۈلگەن پەزىلەتلا مۇستەھكەم ۋە ئىشەنچلىك بولىدۇ.

ـــ كومىنىسكىي

▲ تۇرمۇش سەنئىتى بارلىق سەنئەت ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ نادىر سەنئەت.

ـــ جۇنگ

## دانالار ئائىلە، ئايال، پەرزەنت توغرىسىدا

▲ قىزلارنىڭ مۇھەببىتى شېئىرغا ئوخشايدۇ، يېشى توختىغان ئاياللار مۇھەببىتىنىڭ ئۆزى بىر پەلسەپە.

ـــ خاسىگاۋا نيۇزېكان

▲ ئاياللار ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكەندە ئەرلەر تەمكىن بولۇۋالىدۇ؛ ئاياللار تەمكىنلىشىپ كەتكەندە ئەرلەر ھېسسىياتقا بېرىلىپ تۇرىۋالىدۇ.

ـــ فۇجۇيمۇ تۈيۈشى

▲ ئانىنىڭ تەجرىبىسى بالىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدۇ.

ـــ ناپالېئون

▲ سۈكۈت ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل بېزەك، لېكىن ئاياللار ئۇنى كەمدىنكەم تاقايدۇ.

ـــ ت. فۇللېر

▲ دانىشمەنلىك ئەرگە مەنسۇپ، نازاكەت ئايالغا.

ـــ خېربېرت

▲ كەلگۈسىدە ھەسرەت چەكمەي دېسەڭلار، باللارنىڭ ھەر قانداق ئۇششاق ھەرىكىتىگە سەل قارىماڭلار.

ـــ لېنىن

## دانالار ياشلىق، ۋاقىت، بىلىم، بەخت توغرىسىدا

▲ ھاياتنى قەدىرلىمەيدىغان ئادەم يوق، لېكىن ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ئادەم تولىمۇ ئاز.

ـــ لياڭ شىچيۇ

▲ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئادەملا ھەقىقىي بايدۇر.

ـــ ئېمېرسون

▲ خاتالىق سادىر قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىزنىڭ ئۆزى، دەل مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلىشىۋاتقان ۋاقتىڭىزدۇر.

▲ خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنلىك ـ بارلىقنى تەقدىم قىلمىغانلىقتۇر.

ـــ داۋىد بالچ

▲ ياخشى باشلىنىش يېرىم مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

ـــ ئەپلاتون

▲ يۈرەكلىك بولۇش ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى، لېكىن نەتىجىسىنى بەلگىلەيدىغىنى تەقدىر.

ـــ دېموكرىت

▲ كىشىلىك ھايات بىر مەكتەپ، ئۇ يەردە بەختتىن كۆرە بەختسىزلىك تېخىمۇ ياخشى ئوقۇتقۇچى بولالايدۇ.

ـــ فرىس

▲ ئادەم ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ مەنىسىنى تېپىش بەختتۇر.

ـــ يۇرىي بۇندارېف

▲ ئەقىل ۋە ئېھتىياتچانلىق كائىناتتىكى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ خوجايىنى.

ـــ تاسو

▲ تەقدىر ھەرىكىتىمىزنىڭ يېرىمىنى باشقۇرىدۇ، قالغان يېرىمى ئۆزىمىزگە تەۋە.

ـــ ماكياۋېللىي

▲ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلەشكە تېگىشلىكى، ھەر بىر كۈننىڭ قىممىتىدىن ئارتۇق بولمىسا كېرەك.

ـــ گيۇتې

▲ ئەڭ زور بەخت ـ تەلەينىڭ كەينىدە بىر سايە ئەگىپ يۈرگەن بولىدۇ، بۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان «ئالىمادىس» دېگەن سۆزدۇر.

ـــ كالمان

▲ ئادەم شاھ ـ مات ئويۇنىغا ئوخشايدۇ، بىر قەدەم خاتا بېسىلسا، پۈتۈن بىر قول ئويۇندا ئۇتتۇرىدىغان گەپ.

ـــ فرېئۇد

▲ خاتالىقنى تۈزەشنىڭ چارىسى ـ خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىشتۇر.

ـــ ئەلشىر نەۋائىي

توپلاپ تەۋسىيە قىلغۇچى: چىرا ناھىيىسىدىن ئەنۋەر مەڭلىك

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد ھاكىم




▲ ئويلاندۇرالمىغنى لاپ ئەدەبىيات، ئويغىتالىغنى ساپ ئەدەبىيات، ئۇنتۇلۇۋاتقىنى ئاممباب ئەدەبىيات.

ــ قۇربان نۇر

ئاپتور: ئۇنسۇ ناھىيە جام بازار يول ئاسراش ئۇرنىدا ئاشپەز

## ئىسمائىل يەئقۇبنىڭ تەپەككۇرى

▲ ھەر قانداق ئىش ئۆز ئەھلىدىن غەيرىيگە تاپشۇرۇلغاندا قىيىنچىلىق يۈز بېرىدۇ.

▲ ھەر قانداق كۈچلۈك ئادەممۇ ئۆلۈم ئالدىدا ئاجىزدۇر.

▲ ئىت ئېگىسىنى قوغداش كويىدا كېچىچە قاۋاپ چىقىپ، سەھەردە تاڭ ئاتقانىنى تۇيماي ئۇخلايدۇ؛ خوراز كېچىدە ئۇخلاپ، سەھەردە تاڭ ئاتقانىنى تۇيماي بىخۇد ئۇخلاۋاتقان ئېگىسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن چىللايدۇ. مانا بۇ، بىز ئىنسانلار ئۈچۈن ئىبرەت بولغان ئىككى ھايۋاننىڭ پەرقى.

ــ ئىسمائىل يەئقۇب

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى نەزەر باغ يېزا يۇقىرىقى موللازادە كەنت ئاقھويلا مەھەللىسىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ پۇرسەت يوشۇرۇن يەردە خىيانەت يۈز بېرىدۇ،
خىرس ئاشكارا يەردە جىنايەت.

ــ مۇختار ھاجى (ئەل ئېقىن)

ئاپتور: كوناشەھەر ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزا سەيپۇگىېرىق كەنتىدە دېھقان

▲ ئىنسان قىلغىلى، يەڭگىلى بولمايدىغان ئىش يوق، پەقەت ئۆلۈمدىن باشقىسىنىڭ.

ــ ئابلىكىمجان نەجمىددىن

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە بازىرى ئاھالىلەر 3- مەھەللىسىدە بۇقرا

## ئاخىرقى تىنىقلار

▲ گۈلنىڭ ئۆمرى قىسقا، سەۋەبى، ھەممىگە يارىغاچ؛
تىكەننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، سەۋەبى، ھەممىگە سانجىلغاچ.

▲ ۋاقتتا رەھىمسىز بولغاننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن.

▲ ئاتاڭغا مەسلىھەت قىل، نەسىھەت قىلما.

▲ كۆپ غەم يېگەنگە كېسەل، كۆپ غەزەپ قىلغانغا ئەجەل يېقىن.

ــ ياقۇپ ھەمدۇللا

ژۇرنىلىمىزنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنىڭ غوللۇق ئاپتورلىرىدىن بىرى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى، پېشقەدەم پېداگوگ، ئالتە پەرزەنتىنى ئالىي مائارىپ تەربىيىسىگە قىلىپ جەمئىيەتكە سۇنغان تەلەپچان ئاتا، مورى خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مۆھتەرەم ئۇستاز ياقۇپ ھەمدۇللا ئەپەندى مىڭسىگە قان چۈشۈپ 2009-يىل 18- دېكابىر (جۈمە) 65 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. تەھرىراتىمىز مەرھۇمغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

※ ※ ※

▲ قىز بالا ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئاتا- ئانىسى ۋە

ئائىلىسىنىڭ، ئوغۇل بالا ئۆيلەنگەندىن كېيىن پۇلىنىڭ قەدرىگە بەكرەك يېتىدىغان بولىدۇ.

ــ بەھرىنىساقىز ئادىل دىلەفكار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە رادىئو۔ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تېلېۋىزىيە فىلىملىرى تەرجىمە مەركىزىنىڭ خادىمەسى

▲ كىتابنىڭ كۆزى ئۈچ: تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتە.

▲ ئوغلۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ ئۆيلەپ باق، قىزىڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ ياتلىق قىل.

ــ ئابدۇقەييۇم ئېيسا (يازقۇت)

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲ ئىنسان شۇنداق ئاجىز يارىتىلغانكى، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى پۇت ـ قولغا تىكەن كىرگەندە كۆر.

▲ ئەخلاق ۋە ئېتىقاد ئادەم ئۈچۈن تورمۇز ۋە رولدۇر.

ــ ئۆمەر ھەمدەم ئويغاق

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە تامتوغراق يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ ئايال بىلەن يەر ئوخشاش بايلىق، ئالدىنقىسى ئەرنى، كېيىنكىسى ئەلنى باياشاد قىلىدۇ.

▲ كۆڭۈلنىڭ پەسلى يوق.

ــ ئەزىمەت ئەشرەپ

---

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا مۇئەللىم

▲ دېھقاننىڭ نېنى ــ ھەممىنىڭ جېنى.

▲ ھايۋاننى كۆندۈرۈش يەم بىلەن، ئادەمنى كۆندۈرۈش گەپ بىلەن.

ــ مۇھەممەتئېلى مامۇت

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر نەزەر باغ يېزا پېخسىن كەنتىدە دېھقان

▲ بىز ئۆزىمىزدىن باشقا ھەممە نەرسىگە ئىزدىنىۋاتىمىز، شۇڭا ئۆزلۈكىمىزنى تاپالمايۋاتىمىز.

ــ غۇنچەم راخمان

---

ئاپتور: شىنجاڭ تەمىنات ـ سودا مەكتىپى ئۆزلۈكسىز مائارىپ قانۇن 2008 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ماختاش ئىچىدە ئويلىنالايدىغانلار ــ ھەقىقىي ماختاشقا سازاۋەردۇر.

▲ كىچىك باللارنى بىلمەيدۇ دەپ گەپلەرنى قىلىۋەرمەڭ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆيىڭىزنىڭ جاكارچىسى.

ــ ئامانىنسا ئابدۇقادىر كېرەم

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا چاھارباغ كەنتىدە دېھقان

▲ ئەرلەر نامراتلىقتىن يالغۇز قالىدۇ، ئاياللار مەينەتلىك ياكى ئەخلاقسىزلىقتىن تۇل.

ــ ئادىلجان مۇھەممەت ئەقلىيار

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 8 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ ئالدىرىغاننىڭ ئىشى چالا، سۆرەلمىلىك قىلغاننىڭ ئۇچرايدىغىنى بالا.

▲ ئەستايىدىللىق كىچىك ئىشلاردا سىنىلىدۇ. بىلىملىك ئادەملەر كىچىك ئىشلارغا بەك دىققەت قىلىدۇ.

▲ خەقنى قانچە دورىساڭ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن شۇنچە چۈشۈپ كېتىسەن.

▲ تەكرارلانغان خاتالىق مەقسەتلىك بولىدۇ.

▲ ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ پوستى هايا، مېغىزى ۋىجدان.

▲ سىنى بوزەك ئېتىشنىلا ئويلايدىغان ئادەم، ئەقلىڭنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن بەك قورقىدۇ.

▲ ئىگىسى يوق نەرسە ئەڭ بىچارە.

▲ باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ــ باشقىلارنىڭمۇ ئۆزۈڭگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ساڭا ئوخشىمايدىغان مىجەز ـ خۇلقنى توغرا چۈشىنىش بىلەن بولىدۇ.

▲ گۇمانخور ــ توختىماستىن دۈشمىنىنى كۆپەيتىپ ماڭغۇچىدۇر.

▲ ئاجىزلارغا ئىتتەك مۇئامىلە قىلىدىغانلار، كۈچلۈكلەرگە كۈچۈكتەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

▲ سىلىق نەرسىلەر بىر يەرگە ئىتتىك سىغىپ كىرەلەيدۇ ھەم شۇ يەردىن ئىتتىك سىرىلىپ چىقىپ كېتەلەيدۇ؛ قوپال ـ پۇتاقلىق نەرسىلەرنىڭ بىر يەرگە سىغىمىقىمۇ، سىغقان يېرىدىن چىقمىقىمۇ تەس بولىدۇ.

▲ بىلىملىك بولۇش دېگەندە، كۆپ جەھەتتىن ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەپ يېتىلىش، ئەڭ مۇھىمى، بىر ئىلىمدە ھەقىقىي كامالەتكە يېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

▲ چۈشىنىپ قىلغان ئەقلەن ئىش، چۈشەنمەستىن قىلغان شەكلەن ئىش.

▲ تەربىيىنى، «دېگەنلىرىمنى دېگەن پېتى قىل دەپ ئەمەس، بەلكى دېگەنلىرىمنى ئويلاپ بېقىپ قىل» دەپ بەرگەندە مۇۋاپىقراق بولىدۇ.

▲ يىلتىزىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش توغراقچە تەرەققىيات، شاخ ـ پۇتاقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قامغاقچە تەرەققىياتتۇر.

▲ گۇمان ئارقىلىق پاكىت ئىزدەشكە بولىدۇ، ئەمما گۇماننى پاكىت قىلىشقا بولمايدۇ.

▲ تونۇمىغانلىكى ئادەملەرگە قاۋاش ــ ئىتنىڭ ئىشى.

▲ سەن باشقىلارنى ئەسكى دەپ قارىساڭ، ئۇلارغا شۇ قارىشىڭ بويىچە مۇئامىلە قىلىسەن، نەتىجىدە، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە دۈشمەنلىك قىلىشقا قىستاپ قويغان بولىسەن.

▲ ئىتتىپاقلىق ــ بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ بېشىڭنى سىلىشى، ئۇنىڭ سەندىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى.

▲ ئادەملەرنىڭ بىلىمى مەسىلە تېپىش ۋە چۈشەندۈرۈش بىلەن ئەمەس، بەلكى مەسىلە ھەل قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

▲ ئىت ئۇرغۇچىسىغا، نادان گوللىغۇچىسىغا، ئەخمەق داملىغۇچىسىغا ئامراق.

▲ ئۆزىگە بېقىپ ئىش قىلالمىغان ئادەم، خەقنىڭ كۆزىگە بېقىپ ئىش قىلىدۇ.

▲ دوست ـ دۈشمىنىنى ئايرىماي باشقىلاردىن كەلسە ـ كەلمەس ياردەم تەلەپ قىلغان ئادەمنىڭ تىلەمچىدىن پەرقى يوق.

▲ ئاچچىقنى بېسىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن يوشۇرغىلى بولمايدۇ.

▲ ۋىجدان ــ قەلبنىڭ سوتچىسى.

▲ ئەخلاق ــ ئادەم زىننىتى، ئىلىم ــ ئادەم قىممىتى.

▲شۇنى كۆرۈپ يەتتىمكى، دوستى كۆپنىڭ يولى كۆپىيىشكە ئەمەس بەلكى توي- تۆكۈن، ئويۇن- تاماشا، بەزمە- مەشرەپى كۆپىيىشكە قاراپ يۈزلىنىۋېتىپتۇ: ئىشلىرى يۈرۈشۈشىنىڭ ئەكسىچە، ئاقساپ قېلىۋېتىپتۇ.

▲ يىراققا كەتسەڭ يولۇڭغا تەلمۈرۈپ قارىغان، يېنىغا كەلسەڭ قولۇڭغا تەلمۈرۈپ قارايدۇ.

▲ئىككى يۈزلىمچىنىڭ مەيدانى پايدا- مەنپەئىتى بىلەن ئايرىلىدۇ.

▲«بەشقول تەڭ بولسا»، ئادەملەردىكى ئىنتىلىش توختايدۇ.

▲ئادەم تەتۈر ئۆسكەن دەرەخ. شۇڭلاشقا ئادەم كاللا (ئەقىل- ئىدراك) بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ.

▲ئەقىلگە سالغان مەبلەغ كەلگۈسىنى بەلگىلەيدۇ.

▲ئادەملەرنىڭ ئېزىپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئادەم ئويلاتقانغا ئۆچ، ئويناتقانغا ئامراق؛ ئويغاتقانغا ئۆچ، ئۇخلاتقانغا ئامراق.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

※ ※ ※

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغانلار ھېس قىلغانلىرىنى تۇرمۇشقا تەتبىقلىيالىسا، تونۇشمىساقمۇ چوقۇم ئۇچرىشىپ قالىمىز.

— ئابدۇۋەلى دولقۇن

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ خادىمى

▲ ئادەم ئاچچىقلانغاندا، بىر بولسا ئەڭ كۈچلۈك، بىر بولسا، ئەڭ ئاجىز بولۇپ كېتىدۇ.

— ئابدۇرېھىمجان ئەمەت

---

ئاپتور: كونا شەھەر ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ 3- يىللىق 3- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىرەر جايدا پۈت تىرەپ تۇرىمەن دەيدىكەنسەن— شۇ يەردىكى كىشىلەرنى سەن بولمىساڭ بولمايدىغاندەك ھالەت ۋە ھېچ ئىش يۈرۈشمەيدىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قوي.

— ئابدۇللا روزىمۇھەممەت

---

ئاپتور: جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاراقاش ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ خادىمى

▲ بىز بۇ دۇنياغا ئۆزىمىزنى قايتا يارىتىش ئۈچۈن يارىتىلغان.

— ھەسەنجان يۈسۈپ

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغاچى يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم

▲ خۇشاللىق كۈنلەردە بىللە كۈلۈشكەنلەر دوستلىرىڭ بولىدۇ، قايغۇلۇق كۈنلەردە بىللە يىغلاشقانلار تۇغقانلىرىڭ.

— ئابدۇغەنى توقۇ

---

ئاپتور: قىرغىز، ئاقتو ناھىيە ماتارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

## توغرۇل تىنىقلىرى

▲ قورسىقى توق قۇش پەس ئۇچماس.

▲ ناخشىنى پۇل تېپىش ئۈچۈن ئېيتقان مەدەنىي قەلەندەر، روھنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئېيتقان ھەقىقىي سەنئەتكاردۇر.

▲ مېلى كۆپ دۇكاننىڭ خېرىدارى كۆپ، گېپى تولا ئادەمنىڭ دۈشمىنى.

▲ ئۆلۈم— ئەڭ ئاخىرقى دەرس.

▲ بالىنىڭ، بىرى، ئەڭ چوڭىنىڭ، يەنە بىرى، ئەڭ كىچىكىنىڭ يۈكى ئېغىر بولىدۇ.

▲ ئەل- جامائەت— جەمئىيەتنىڭ ئەلگەك- ئۆتكەممىسىدۇر.

▲ گەپنى ئاز، ئىشنى كۆپ قىلغانىنىڭ بەختلىك بولمىقى، گەپنى كۆپ، ئىشنى ئاز قىلغانىنىڭ دۈشمەنلىك بولمىقى ئاسان.

▲ تۆل (چوكان) خوتۇنغا قوشنا ئولتۇرغانىنىڭ قۇلىقى تىنجىماس، بويتاق ئەرگە قوشنا ئولتۇرغانىنىڭ ئاغزى.

▲ بىر ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئورنۇڭنى رەنجىتكەن چاغدا بىل.

▲ يەرلىكنىڭ ھالى يامان، كۆچمەننىڭ قارنى.

▲ چوڭلارغا ھېكمەت سۆزلىمەي، رېتسىپ سۆزلە.

— ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى ««توغرۇل»كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى

※ ※ ※

▲ياشلىقتا لەتىپە تولا،
قېرىلىقتا ئەسلىمە.

— ئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى ئاشپىزى

▲تىلىمۇ، دىلىمۇ شېكەر ئادەم تازا ئوخشىغان قوغۇنغا ئوخشايدۇ.

▲ئادەمنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئىشەنچىنى يوقىتىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ دەل تاغدەك ئىشەنچ قىلغان ئادەم تەرىپىدىن ئالدانغان چاغدا.

— مۇھەممەتھۈسەيىن روزىمەت

---

ئاپتور: گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇرۇمدىن تەرمىچىلەر

▲ئەرنىڭ يىغىسى —شىرنىڭ نالىسى.

▲مەدىكار بازىرىدىكى ئاۋاتلىق —شۇ جايدىكى ئاۋامنىڭ قايتىدىن نامراتلىق، تىرىكتاپلىق، خارابلىققا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ سىگنالى.

▲بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئادەم بەختسىز ئەمەس، بەلكى بىرمۇ دوستى يوق ئادەم بەختسىز.

▲ كىشىلىك ھاياتتا قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان كېرەكسىز ئادەملەرلا دۈشمەندىن خالىي بولىدۇ.

— نەبىجان ئەمەت

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا تېتىر كەنت باشلانغۇچ مەكتەپىدە ئىشچى

## كەل دوستۇم، ئاقىللار سورۇنىدا قايتا سىردىشايلى

▲ قېرىنداشلىرىڭ بىلەن بىرلەش، زامانداشلىرىڭ بىلەن رىقابەتلەش.

▲ ئەل كۆرىدۇ— دەل كۆرىدۇ.

▲ ئىتتىپاقلىق— تەرەققىيات— «قول قولنى يۇيسا، قول

يۈزنى يۇيۇپتۇ »دىن ئىبارەت.

— تۇرسۇن ھەسەن

ئاپتور: مەكىت ناھىيە قورما يېزا تېرىممەھەللە كەنتىدە دېھقان

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقى تىلىڭدىن، يامانلىقى دىلىڭدىن كەتمەيدۇ.

▲ سەن ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسەڭدىن ئايرىلغاندا يا ۋەھشىيلىشىسەن، يا جىمغۇرلىشىسەن.

▲ ئۆزۈڭنى ھاقارەتلىگەن كىشىنى ئۇنۇتساڭ ئۇنۇتكى، ئاتا- ئاناڭنى ھاقارەتلىگەن كىشىنى ئۇنۇتما.

— ئابدۇرەھمانجان مۇھەممەت تىرەن

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا شورۇق كەنتىدە بۇقرا

## يېگانە ئارال تىنىقلىرى

▲ بۇ دۇنيادا ئەقىللىق ئادەم يوق، پەقەت ئۆگىنىۋاتقان ئادەم بار.

▲ سانائىتى يوق مىللەت— بۈگۈنى بار، ئەتىسى يوق مىللەت.

▲ پۇرسەت— تۇتۇۋالساق مۇۋەپپەقىيەت، تۇتالمىساق ئاپەت.

▲ ئاناتىل— ئانىدىن ئۆگەنگەن تىل.

— ئابدۇلئەزىز ئىسكەندەر

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتى ماشىنىسازلىق 2007- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ قارىسام، ھازىر بايدىمۇ، نامراتتىمۇ، ناداندىمۇ، دانادىمۇ، ئالىمدىمۇ، بىلىمسىزدىمۇ ئورتاق ساقلىنىۋاتقان مەسىلە، دەل بىر- بىرىنى ياراتماسلىق ئىكەن.

▲ ئىتتىپاقسىز ئەلدە زوراۋانلار كۆپ بولىدۇ.

▲ شېرىكى كۆپتىن مال ئالما، ئىگىسى كۆپتىن قىز.

▲ بېشىڭغا كۈن كەلگەندە قاراپ تۇرغان تۇغقاندىنمۇ ئارتۇق دۈشمەن بولمايدۇ.

▲ ئۈچ نەرسىدىن تەلىيى كەلمىگەن ئادەم بەختسىزدۇر. ئۇلار: 1. خوتۇن، 2. قوشنا، 3. پەرزەنت.

— تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا تۇغبېشى كەنتىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ ئانىسى تالادىن كىرمىسە قىزىنى دوقمۇشتا كۆرۈڭ، ئاتىسى تالادىن كىرمىسە ئوغلىنى قاۋاقتا.

— رىزۋانگۈل ياسىن

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاتاڭدىن قالسا ساڭا غەرەزسىز ھەم بىر ئۆمۈر مېھىر ئاتا قىلالايدىغان بىر ئەر بار، ئۇ بولسىمۇ— ئاكاڭ.

— ئارزۇگۈل مەمتىمىن

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2009- يىللىق 1- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## قەلب كۆزۈمدە كۆرگەنلىرىم

▲ ئايال كىشى كۆز ئالدىڭدا ئالدى بىلەن ئانا بولۇپ گەۋدىلەنسۇن، ئاندىن...

▲ دۈشمىنىڭنى ئالدىدا ماختا، دوستۇڭنى كەينىدە.

▲ ئادەم خۇشھال چاغدا كەلگۈسىنى، قايغۇلۇق چاغدا ئۆتمۈشنى خىيال قىلىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ دانالىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ سۆزلەيدىغان ئادەمگە قاراپ سۈكۈت قىلالىغان ئادەم ھەقىقىي دانادۇر.

▲ ھاياتنىڭ جىن مەنىسىنى بىلگەنلەر ئازلىغانسېرى، ئۇنىڭغا ئېنىقلىما بېرىدىغانلار كۆپىيىدۇ.

▲ پىل چاشقاندىن قورقۇپ مۇشۇكنى ئىزدەپ يۈرەرمىش، چاشقان مۇشۇكتىن قورقۇپ ئىتنى.

— ئوبۇلقاسىم نۇرمۇھەممەت

ئاپتور: يەكەن ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ قاچان تۆمۈر- تەسەكتىن ئاۋاز چىققىلى تۇردى، جاھاندا يالغانچىلىق باش كۆتۈردى.

▲ كىشى يالغانچىلىقلارنى كۆرۈۋەرسە، راست ئىشلارمۇ يالغاندەك بىلىنىدىكەن.

— پاتەمنىسا روزى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى 2009- يىللىق 13- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھازىرقى دەۋردە ئانا تىلنى بىلىش— تىلى چىققانلىق، باشقا تىلنى بىلىش— قانات- قۇيرۇق چىققانلىق.

— باينەزەر ياسىن (تەڭگە تارئوغلى)

ئاپتور: قىرغىز، ئاتۇش شەھەر تۇگۇرمتى يېزا مەركىزىي مەكتەپتە مۇئەللىم

## ئارزۇ تىنىقلىرى

▲ ياتنى قېتىڭغا ئالساڭ، يېقىنىڭنى بېقىنىڭغا ئال.

▲ ھۆرمەت ئىلىمدە، تۆھمەت ھىيلىدە كامال تاپىدۇ.

▲ كىشىگە تايانغان كۈچۈككە، ئۆزىگە تايانغان كۈچلۈككە ئايلىنىدۇ.

▲ چىرايلىقنى كۆلگەندە، سەتنى يىگەندە كۆر.

▲ ئادەم— بىرگە، ئۆزى موھتاج بولغاندا، بىرگە، ئۆزگىلەر موھتاج بولغاندا سىنىلىدۇ.

▲ خاتالىقنى تونۇش— ئۆزىنى تونۇش.

▲ دانا كۈچىنى خار قىلىدۇ، نادان ئۆزىنى.

▲ نادان دوست— خالتا كوچىغا ئوخشايدۇ.

— مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇر زادە

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت لەڭگەر مەھەللىسىدە دېھقان

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ ئەقىلدىن جان، ھەرىكەتتىن قان ياشىرىدۇ.

▲ بىشەم خوتۇن ئەرسىز، بىغەم ئەر يەرسىز قالىدۇ.

▲ مال ساقلىساڭ كېلىڭغا، سىر ساقلىساڭ جىنىڭغا ئارا تۇرىدۇ.

▲ ھايۋاننىڭ سانىغا، ئادەمنىڭ ساپاسىغا قاراپ قىممىتىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ.

▲ گالۋاڭ كۆپ يەردە ئالۋاڭ كۆپ بولىدۇ.

▲ بىلمىگەن ئىشقا تەۋەككۇل قىل.

▲ باينىڭ بېشى كۆپ ئاغرىيدۇ، نامراتنىڭ بېلى.

▲ خامانغا قاراپ دېھقانغا، زامانغا قاراپ زىيالىيغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

— ئابدۇۋەلى ئابدۇغەنى خاتىپ

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە لەڭگەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كومتېتى باشتىرىم كەنتىدە دېھقان

## سەھرادىكى ساددا ئويلار

▲ ھەر كىمگە لايىقىدا گەپ قىلىشنى بىلىش— ئۆگىنىش قىيىن بولغان كاتتا بىلىملەرنىڭ بىرى.

▲ ئۆزۈڭ ھەققىدىكى راست گەپنى دۈشمەنگە ئايلانغان دوستۇڭدىن ئاڭلايسەن.

▲ نادانىنىڭ بىر ئالامىتى شۇكى، پاكىتلار ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمەس قارىشىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىدۇ.

▲ دىل دىلنى تونۇمىسا، تىلداشلىقمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ بولالمايدۇ.

▲ قار يېغىۋاتقاندا ئۇنچە سوغۇق بولمايدۇ. قاتتىق سوغۇق قار يېغىشنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە.

▲ كونا ھېسابنى تەكرار قىلىۋېرىش يېڭى ھېسابتا ئۇتتۇرۇشقا ئاپىرىدۇ. چۈنكى ۋاقىت ۋە زېھىن قولدىن كېتىدۇ.

▲ ياخشى كىتاب ساتقىنلىق قىلمايدىغان سىرداش دوست. لېكىن ئاپتورىغا بىر نېمە دېمەك قىيىن.

▲ قەدىرلىك نەرسىنى قەدىرلىيەلەيدىغان ئادەمگە بىكارغا بېرىۋېتىش ئەڭ ياخشى سوۋغا تەقدىم قىلىشتۇر.

▲ جاۋابى كۈتۈلگەن ياخشىلىق ئەخلاق ئەمەس، بىر تۈرلۈك سودىدۇر، خالاس.

▲ ئەگەر كۆڭۈلدىن كەچكەنىنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە ئايلىنىدىغان بولسا، بۇ دۇنيانىڭ زادى قانداق بوپكېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلماق قىيىن.

▲ قىلىۋاتقىنىڭغا قاراپ ئىنتىلىۋاتقىنىڭنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن.

▲ كۆز كۆرمىگەننى قۇلاق ئاڭلايدۇ، قۇلاق ئاڭلىمىغاننى كۆڭۈل سېزىدۇ. كۆڭۈلنىڭ تۇيغىنى كۆپىنچە توغرا بولۇپ چىقىدۇ.

▲ زۆرۈر بولغاندا سۈكۈت قىلىشنى تاشتىن ئۆگەن، ئۇ ساڭا يەنە مۇستەھكەملىك ۋە سوغۇققانلىقنىمۇ ئۆگىتىدۇ.

▲ كاللا ئايرىم بولغانىكەن، پىكىرمۇ ئايرىم بولىدۇ، كۆز ئوخشىمىغانىكەن، قاراشمۇ ئوخشىمايدۇ. نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىك مانا شۇ ئاددىي ساۋاتنى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ ئىش پىكىرگە باغلىق، كاللىغا كەلمىگەن ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ.

▲ بەزى ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىش ئادەمنىڭ ئەقلىگە ئەمەس، ياش قورامىغا باغلىق بولىدۇ. ياشانغانلار ياشلارغا تۇرمۇش تەجرىبىسى سۆزلەپ چۈشەندۈرەلمىگەننى بىر كۈنى ۋاقىت چۈشەندۈرىدۇ.

▲ ئادىللىق مىزانىدا توختىمىغان نەرسە تارىخنىڭ ئەخلەتخانىسىدا توختايدۇ.

▲ ئەنئەنىنىڭ مەزمۇنى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: ساقلاپ قالىدىغانلىرى، ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىكلىرى، تاشلىۋېتىدىغانلىرى.

▲ دۇنيا ئىنساننى ھېچقاچان ئالداپ باقمىدى، پەقەت ئۇنىڭ خۇي- پەيلىگە يارىشا ئىنكاس قايتۇرۇپ كەلدى، خالاس!

▲ بۇيرۇلغاننى توغرا- خاتاسى بىلەن ھېسابلاشماي ئىجرا قىلىش— ئىنگىسكە سادىق ئىتلاردىكى ماختاشقا لايىق ئالاھىدىلىك، شۇنداقتىمۇ ئۇ بەربىر ئىت.

▲ ئۆزۈڭ قانچىلىك، دوستۇڭ شۇنچىلىك.

▲ مەسئۇلىيەتسىز ئادەمنىڭ ئۆلۈكىمۇ ئاۋارىچىلىك.

▲ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەم ئۇنىڭ راھىتىنىمۇ بىلمەيدۇ.

▲ ئادەم ئادەمنى بۇزىدۇ، ئادەم ئادەمنى تۈزىدۇ.

▲ ئۆزىنى چۈشەندۈرەلمىگەن جىلىخور.

*يازمىلىرىم ئارقىلىق مەن بىرلىۋغا بىر نەرسە ئۆگەتمەكچى ئەمەس، پەقەت يېزىش ھوقۇقۇمنى ئىشلىتىپ، بىر نەرسىنى بىلىپ ياشاشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتىپ باقماقچى، خالاس!*

— ئادىل يۈسۈپ

---

ئاپتور: قاراماي شەھىرى ئورقۇ رايونى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئورقۇ يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى

## تەپەككۇرۇمدىن جەۋھەرلەر

▲ تۇيۇقسىز ئۆلۈش— ساغلام كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش.

▲ تۇزەلمىگەن كۆپ كەچۈرۈم سورار، ئاق كۆڭۈل كۆپ كەچۈرۈم قىلار.

▲ ماددا بىر دۇنيالىق، روھ ئىككى دۇنيالىق.

▲ خاراكتېر بىلەن جاسارەت سۆزۈڭنىڭ تارازىسى.

▲ بارغا شۈكۈر قىل، يوققا پىكىر.

▲ ئادەمدە ياساملىق ئەۋج ئالسا، مەھسۇلاتتا ساختىلىق ئەۋج ئالار.

▲ يوقسۇزنىڭ غېمى بايلىقتا، باينىڭ غېمى ساقلىقتا.

▲ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم ھەر قانداق قورغاننى يىمىرەلەيدۇ.

▲ ئىتتىپاق قوۋمنىڭ ھەممىسى قەھرىمان.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ مېھمان بولۇپ كېلىشى— سىرىڭنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ.

▲ كۆڭۈلچەككە ئالدامچى ئامراق كېلىدۇ.

▲ ئازازۇل ئايال بار ئۆي ئەرگە ئاشخانا بىلەن ياتاقلا، خالاس.

▲ ئانىنىڭ يۇمشاق قولى مېھرىبانلىقنىڭ، ئاتىنىڭ قاتتىق قولى باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولىدۇر.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، مىڭ دۈشمەندىن بىر خائىن يامان.

ـــ ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

※ ※ ※

▲ پاكلىق ـــ دىلى ساقلىق.
▲ سۈكۈت قىلىش ـــ باشقىلارغا پۇرسەت بېرىشتۇر.

ـــ مۇھەممەتئىمىن ياقۇپ مەھمۇدىي

ئاپتور: قەشقەر شەھەر نەزەرباغ يېزا موللازادە كەنت ئاقھويلا مەھەللىسىدە دېھقان

▲ مەغلۇبىيەت قورقۇنچلۇق ئەمەس، مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش قورقۇنچلۇق.

ـــ رەھمىتۇللا ھېزبۇللا

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر ئەقلىيىسگە ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان

▲ ئۇيلاشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى ئۇيلىۋالساڭ، ئازابلىنىشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىدىن ئازابلىنىپ قالىسەن.

ـــ نىجات ئەھمەت

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقىرا

▲ قاراپ قويغاننى بىلگەن ئادەم ئەقىللىقتۇر.

ـــ ئابدۇرېھىم مەمتىلى

ئاپتور: بورتالا شەھەر چىندىل يېزا شاۋۇرتاي كەنتىدە دېھقان

▲ مىجەز ـ خاراكتېر تەقدىرنى بەلگۈلەر، بىلىم ـ ھۈنەر قەدىر ـ قىممەتنى.

ـــ ئايۇپ نىياز

ئاپتور: ئاراتۈرۈك ناھىيە دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئېغىزىدىنمۇ خەتەرلىك دۈشمەن يوق.

ـــ نۇردۇن تىلىۋالدى دىلكەش

ئاپتور: ئۇچتۇرپان ناھىيە ياركۆۋرۈك يېزا يىلقىچىدۆڭ كەنتىدە دېھقان

▲ ئاجىزلار بىلەن چۈشكەن رىقابەت، پەقەت ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولىدۇ.

ـــ ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالامەت يېزا سوگەتلىك كەنتى پاشالىق ھويلا مەھەللىسىدە دېھقان

▲ نەتىجەڭ ئالدىدا دوستۇڭنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ، دۈشمىنىڭنىڭ كۆزى.

ـــ گۈلبوستان ئابدۇسالام

ئاپتور: غۇلجا شەھەر يۇقىراسى

## بوۋام ئۈگۈتلىرى

▲ ساڭا تۇيۇقسىز يېقىنلاشقان كىشى مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرى، سېنى كۆرەلمەيدىغان كىشى؛ بىرى، ساڭا قايىل بولغان كىشى؛ بىرى، دۈشمىنىڭنىڭ يالاقچىسى؛ يەنە بىرى بولسا، ساڭا ھاجىتى چۈشكەن كىشىدۇر.

▲ ئارىمىزدا قان ـ تەر پۇرايدىغان يازغۇچىلاردىن رەڭ پۇرايدىغان يازغۇچىلار كۆپ.

▲ ئاتا ـ ئانائىنى ھەرەمگە ئاپارمساڭ مەيلى، لېكىن خەققە يېلىندۇرما.

▲ «بالام ماڭا قارىمىدى» دەپ ئاغرىنغان ئانىلار ئالدى بىلەن بالىسىنىڭ بوۋاق چېغىدا ئانا سۈتىگە قانغان ـ قانمىغانلىقىنى ئويلىسۇن.

ـــ مۇھەممەتجان مۇھەممەتئىمىن

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قانۇنشۇناسلىق 2008 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تاڭ ئىلھامى

▲ سەپسەتە قۇترىغان يەردىن ھەقىقەتنى ھېس قىلماق ئاسان، تاپماق تەس.

▲ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ساۋاقتا، مۇۋەپپەقىيەتتىن كېيىن ئاتاقتا ئېرىشىسەن.

▲ تەپەككۇر ـــ ۋاقىتنىڭ تورمۇزى، ئىجاد قىممىتى.
▲ پاكىت ـــ ھەقىقەتنىڭ ئاشكارىلانغان قىسمى.
▲ تەقدىر ـــ تەدبىرنىڭ تامغىسى.
▲ مەستىنىڭ سۆزىگە، تەنتەكنىڭ كۆزىگە قارىما.
▲ يارىماسقا تەس ئىش، پالاكەتكە نەس ئىش ئۇچراپ تۇرىدۇ.
▲ ئىزدىنىش ـــ ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشتۇر.
▲ بىرگە، شۆھرەتپەرەس، يەنە بىرگە ئاقىل ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇرىدۇ.
▲ ياخشى بىلەن ياماندىكى ئورتاقلىق ـــ سىر يوشۇرۇش.
▲ كىتاب ئوقۇش ـــ تەييار تاماقنى يېيىش؛ تەپەككۇر قىلىش ـــ ھەزىم قىلىشتۇر.
▲ ھىيلىگەر ـــ تومۇرچى.
▲ سېنىڭ دوستۇڭدىنمۇ، دۈشمىنىڭدىنمۇ يوشۇرىدىغان نەرسەڭ، بىرگە، ئىللىتىڭ، يەنە بىرگە، سىرىڭ.
▲ بېشىڭ قاتقاندا مەسلىھەتكە، ئىچىڭ پۇشقاندا سۆھبەتكە، غېرىبسىنغاندا تەسەللىگە موھتاج بولىسەن.
▲ ئۇيقۇسىز تۈننى، ئەركىسىز كۈننى ئۆتكۈزمەك تەس.
▲ گېپى يوغاندىن پوچى، يۈرىكى يوغاندىن نوچى چىقىدۇ.

ـــ تۇرسۇن قاسىم

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتى قارىياغاچ مەھەللىسىدە دېھقان

※ ※ ※

▲ يېرىم كېچىدە سايرىغان تېلېفون بىر بولسا خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ، بىر بولسا شۇم خەۋەر.

ـــ ئانگۈل مۇھەممەتئابدۇللا

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى



# سەھرا بازىرىدىكى ھېكايە

(ھېكايە)

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى**

قۇربان ھېيتقا يەنە نەچچە كۈنلا قالغاچقىمىكىن، قوشنا يېزىنىڭ چوڭ بازىرى بەكلا بىسىق بوپكەتكەنىدى. ھەممە كىشى ھېيتلىق سودىسىنى تېزرەك پۈتتۈرۈش كويىدا بىر ـ بىرىگە يول بەرگۈسى كەلمەي ھەدەپ قىستىلىشاتتى. كۆكتات بازىرىنىڭ ئۇزۇن كەتكەن كوچىلىرى يېڭىلا يېغىپ توختىغان قار بىلەن شالتاق لاي بوپكەتكەنىدى. ئادەملەر پېتىق كوچىدا لاي كېچىپ، ھەدەپ تېيىلاتتى، سەنتۈرۈلەتتى. كىملەردۇر بىرى بىرسىگە چۆجە خورازدەك ھۈرپىيىشىپ، ھەيۋە قىلىشاتتى:

ـــ ئاچوي، ئۆتەكلىرىنى نەچچىگە ئاغان؟ ھەجەپ دەسسىدىلە پۇتامغا؟

ـــ خاپىمىسىلا ئۇكام، ئىدەم قېرىغان چاغدا مۇشىنداغ بولاپقالىدىكە. ھەممە ئىدەم قىستاپ شۇ...

ـــ قېرىسىلا، ماڭا قېرىپ بەمەي ئىنداغراق ماڭسىلا مانداغ! تېخى بايام ئالغان ئاياغنى دەسسەپ پوقتەك قىلدىيا ماخوتۇن...

بىر ـ بىرسىگە سۈركىشىپ ـ قىستىشىپ كېتىۋاتقانلار بويۇنداپ قارىشىپ، بۇ كۆرۈنۈشلەردىن ھۇزۇر ئالغاندەك پىخىلداپ كۈلۈشەتتى.

بۇنداق قىستاڭچىلىق بازاردا ھارۋىكەشلەر بەكمۇ ئەتىۋارلىق كىشىلەرگە ئايلانغانىدى. تار كوچا، پېتىقچىلىق، قىستاڭچىلىقتا سودىلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ بولالمايۋاتقان بازارچىلار ئۇدۇل كەلگەن دوقمۇشتا تۇرۇپ بىردەم ساقلىسا، كىرا ئىزدەپ ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈشكەن ھارۋىكەشلەر پەيدا بولاتتى. بازارچىلار سودىلىقلىرىنى ھارۋىغا كىرا قىلىپ، ئۆزلىرى ھارۋىلىرىنى ساقلاشقا قويۇپ قويغان دەڭگە چىقىۋالسا بولاتتى. كىرامۇ ئەرزان، يولمۇ قولايلىق بولاتتى.

بىر قولتۇقۇمدا بىر خالتا گۈرۈچ، بىر قولتۇقۇمدا يېرىم خالتا سەۋزىنى كۆتۈرۈپ كۆكتات بازىرىنىڭ دوقمۇشىدا ھارۋا ساقلاپ تۇرغىنىمغا بىر چاي قاينام ۋاقىت بوپقالدى. سودىلىقلىرىمنى جايلاشتۇرۇپ يا ئالدىمغا ماڭالمايمەن، يا قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ئۇماچتەك پاتقاققا قويالمايمەن. ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېرىپ دۈمبەم تەرلەپ، سۇ بوپكەتتى. يۈك كۆتۈرگەن قوللىرىم بولسا سوغۇقتىن توڭۇپ، تارشىدەك قېتىپ كەتتى. ئامالسىزلىقتىن چىشىمنى چىشلەپ بىرەر ھارۋىكەشنىڭ كېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرىمەن. قېرىشقاندەك بۈگۈنكى ھېيت ھارپىسى بازاردا ھارۋىكەشلەرنىڭمۇ بازىرى چىقىپ، يېتىشمەي قالغانىدى.

ئەمدىلا بىر ھارۋىكەش مەن تۇرغان دوقمۇشقا يېقىنلاپ كېلىۋىدى، خۇشاللىقتىن بار ئاۋازىم بىلەن ئۇنى چاقىردىم:

ـــ ھوي ھارۋىكەش ئۇستام، مايانىدا تووۋلاۋاتىمە،... كىرا قىلامسىلە؟

ئۇ مەن تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ، ماڭا «ھەئە» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى ـ دە، سەلدەك ئېقىۋاتقان ئادەملەر توپى ئىچىدە چاشقاندەك تۈگۈلۈپ تۇرغان ۋىجىككىنە ئېشىكىنى مەجبۇرىي تارتقۇشلىغىنىچە مەن تەرەپكە سىلجىدى. ھارۋىنىڭ بىرەر يېرى بىراۋلارنىڭ يانپاش ـ بەللىرىگە تېگىپ كەتسە، ھارۋىكەشكە نەشتەردەك ئاچچىق، پوقتەك سېسىق تاپا ـ تەنىلەر يامغۇردەك ياغاتتى. ھارۋىكەش بۇنداق بازارغا كۆنۈپ كەتكەنمۇ قانداق، ھېچكىمگە جاۋاب ياندۇرماستىن ئېشىكىنىڭ نوختىسىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە «خىت ـ خىت» لاپ ئالدىغا ئۈمتۈلەتتى. كونىرىغان، شاللىرى نەچچە يەردىن مىخلىنىپ تۇرمىغاندىن كېيىن سىم بىلەن باغلاپ چىڭىتىلغان ھارۋا ۋىجىك،

**سەھرا سۈرەتلىرى**

ئورۇق ئېشەككە خېلى بەكلا چوڭ كېپقالغان بولۇپ، شىراقتىچە پاتقاق چاپلىشىپ كەتكەن ئېشەك ئېغىر ۋە چوڭ هارۋىنى تەستە سۆرەۋاتقاندەك قىلاتتى.

شۇ ئەسنادا لىققىدە سەۋزە بېسىلغان بىر كىچىك يۈك ماشىنىسى ئادەملەر توپىنى يارالماي قەدەمدە بىر پۈشۈلداپ توختاپ، ئاۋازى يېرىم ـ يارتا چىقىدىغان بۇزۇق كانىيىنى كاركىراتقىنىچە مەن تۇرغان دوقمۇشقا قايرىلىپ، ئېشەك هارۋىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئېشەك هارۋىسى يا ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي كەپلىشىپ قالدى. ماشىنىنىڭ شوپۇرى قاتتىق جىلە بولغىنىدىن بار دەردىنى ماشىنىنىڭ سىگنال كۇنۇپكىسىدىن ئالماقچى بولغاندەك بولۇشىغا سىگنال چېلىشقا باشلىدى. لېكىن كۆچەپ سىگنال چالغانغا يول ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس. ماشىنا بىلەن هارۋا دوقۇرۇشۇپ، بىرەر مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەي ئىككى تەرەپتىن سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپى تېخىمۇ قىستىلىپ، يول بىراقلا ئېتىلدى.

شوپۇر ماشىنىدىن سەكرىگەندەك ئەلپازدا چۈشۈپ هارۋىكەشكە هۆرپەيدى:

— نېمىنداغ يولنى ئېتىپ قويىسە ئادىشوي؟

— قەستەن توسمىدىم، ئۇستام. ئىدىم ئاشىنداغ جىق نۇسا...

— قوتا ئېشىكىڭنى قىستاڭچىلىققا ئەچىمىسەڭ بۇنداغ بوممايتتى.

— مەنمۇ شۇ سىلىگە ئوخشاشلام تىرىكچىلىك ئۈچۈن چىگەنتىم، ئۇستام. هەجەپبى قوتا ئېشىكىمنى چىشلەپ تاتىپ كەتتىلە! بازاغا ماشىنا چىسۇن، قوتا ئېشەك چىمىسۇن دەيدىغان قانۇن چىقمىغاندۇ بىزىيەدىن!

— ئىدىم جىلە بولاۋاتقاندا نىمداغ زاكونلىشىدۇ ماگۇي! تاتە ئاداش مايماق ئېشىكىڭنى!

— سىلى «گۇي» لاپ گەپ قىلىدىغان ئىدىم ئەمەس جىمامەن. مەنمۇ شۇ هارۋامنى تاتاي دەۋاتىمە. ئىدىم بوغاندىكىن چىرايلىقراغ گەپ قىسىلا ماندا.

— چىرايلىق گەپ قىممىسام قايداغ قىلىتىڭ؟ نېمە نوچىلىق قىلىدۇ ماقوڭچى، هالىغا باقماي!...

— ئاغزىلىرىنى بۇزمىسىلا جىما ئۇنداغ. بۇ بازا يالغۇز سىلىنىڭ ئەمەس.

— ئۇنداغ بوسا تاتە بىزمەڭنى!

— هەممە تەرەپ قىستاڭ بولاپكەتتى، قايانغا تاتىمە؟

— ئاچاڭنىڭ قېشىغا تاتىسە.

چاتاق شۇنىڭ بىلەن تېرىلدى. هارۋىكەش بالا قولىدىكى ئارقانىنى تاشلاپ شوپۇرنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى:

— بايامنىياغى ياشتا چوڭكە، ئۇلۇغ ئاي ـ ئۇلۇغ كۈنلە كېلىۋاتىدۇ، بازادا سەتلەشمەيلى دەپ شۇنچە هۆرمەتلىسەم نىمداغ ئاغزىڭنى بۇزۇۋېرىسە؟ ئانالڭ كىچىكىڭدە پوقتا ئېغىزلاندۇغانمىدى ـ يا؟

— ئانامنى ئاغزىغا ئېلىۋاتىدىيا ما هېجىقىز...

شوپۇر پالاق ـ پۇلۇق قىلىپ هارۋىكەشنى ياقىسىدىن سىقىپلا پۇرلەپ ئاپىرىپ ئېشەك هارۋىسىغا نىقتاپ بېسىۋالدى. هارۋىكەش ئورۇق، ۋىجىك كەلگەن بالا بولۇپ، يوغان ـ بەستلىك شوپۇرنىڭ قۇچىقىدا باسماققا چۈشكەن چۈجىدەك تىپىرلاپلا قالدى. ئەتراپ ئاسماندىن يىڭنە چۈشسە يەرگە چۈشمىگۈدەك دەرىجىدە تىقما ـ تىقماق ئىدى. تويلاشقانلاردىن بىرەرسى چىقىپ ئاجرىتىپ قويۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىچە هەدەپ مۇلاهىزە قىلىشاتتى:

— مۇشۇنداغ قىستا ـ قىستاڭدا نېمە با ئىۋۇ ئېشەك هارۋىسىغا.

— ئاكا هوي، ئېشەك هارۋىسىنىڭمۇ هەققى با بازا بۇ!

— هەققىم با دەپ ماندا يول توسسا بولامدا؟

— يولنى ئۇ باللام توسمىدى، قايلىسىلا ما ماشىنىغا، ئالتە پاتمان يەنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ ئاينا.

— ما شوپۇمۇ سەۋزىسىنى ئىتتىگەن يول ئارىسال ۋاقتا ئېچىرۋامماي...

— ئى باللىمۇ بىز ئېغىز گەپتىن قاسا بولىتى ئەسلى، نېمە قىلىدا دادىسىدەك ئىدىم بىلەن گەپ تالىشىپ؟

— ئا شوپۇ ئاغزى بەك يامان ئىدەمكە. بۇنداق غۇلغۇن سورۇندا سەت گەپ بىلەن تىللىسا قالاپ تۇرامدا خەق؟

— شەيتىنى ئى هارۋىكەشنى كىچىك كۆسەتكەن گەپ.

— ئا بالا پەقەت پەمى يوقكە. هارۋىغا نىقتاپ باسسا قالاپ تۇرىدا.

— كۆچى يەتمىسە قايداغ قىلىدا؟

— قويەۋا، ئاشىنداغ تۇغاندا شوپۇرنىڭ جان يېرىگە كوممىدە تىزلايدىغان بوسا، موككىدە زوڭ ئولتۇرۇپ قالىتى.

— ئەستا، ئالدىراش ئىشلىرىم باتى.

— شۇ، بۇ يەدە جېدەل كۆرەپ تۇرىدىغانغا چولام يوقتى مېنىڭمۇ.

شۇ ئارىلىقتا ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتەلمەي ۋارقىراۋاتقان ئامانلىق خادىمىنىڭ ئاۋازى ئالىمانىنى شۇ تەرەپكە قاراتتى.

— يانە، يانە ئاقاڭغا. تاتە هارۋىنى، يول بېرىڭلا...

ئامانلىق قوغدىغۇچىنى كۆرۈپ خەقلەر قايتا غۇدۇراشقا باشلىدى:

— بايام شېرىكىنىڭ بىلنى تۇتتىمكى ما ئاداش. ئەمدى هەممە يە ئېتىلىپ قاغاندا نەگە يانىمىزكى.

— يېنىڭلا، يېنىڭلا دەيمە. بۇنداغ تۇرۇۋاساڭلا يول ئېچىلمايدا.

ئامانلىق قوغدىغۇچى هەدەپ ئادەملەرنى مەيدىسىدىن

ئىتتىرەتتى. ئادەملەر بولسا ئالدىغا دەۋرەيتتى. خالتىغا ئۇسۇلغان قۇمدەك چىڭدىلىپ كەتكەن ئادەملەر توپىنى ئارقىغا چېكىندۇرۇش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئامانلىق قوغدىغۇچى كىمنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرسە، شۇ كىشى خاپا بولغىلى ئاران تۇراتتى.

— ھەجەپ قاتتىق ئىتتەدىلە ئۇكام، بۇ بازا سىلىگە چوڭ دادىلىرىدىن قاغاندەك...

— خاپومماي كەينىلىرىگە يانسىلا، ئاكا، بوممىسا قەچقىچە مۇشۇنداغ تۇرۇپ قالىلا.

— زادى مەن يانسامىلا ئېچىلامدىكە بۇ يول؟

— سىلىمۇ يانىلا، باشقىلامۇ يانىدا، ئانداغ تەتۈلۈك قىممىسىلا دەيمە.

— ئەمسە ئۇۋۇ كەينىمدىن ئىتتىرىۋاتقانلارغا ھاي دېسىلە.

ئادەملەر پاراققىدە كۈلۈشتى. ھېلىقى كىشى ئادەملەرنىڭ نېمىگە كۈلگىنىنى بىلەلمەي بىر ئاز ھەيران بولۇپ، بىر ئازدىن كېيىن مەقسەتسىزلا كۈلكىگە ئەگەشتى. ئۇنىڭ كەينىدىكى بىر ياش بالا مەسخىرە ئاھاڭدا:

— نېمىنداغ سەت گەپ قىلىلا، كەينىمدىن ئىتتىرىپ دەپ! — دېدى بويۇنداپ قاراپ.

— چىڭ ـ ئاي! —دېدى ھېلىقى كىشى زەردە بىلەن،— ئېشەك ئۆلەممەۋاتسا كۆتى غېجەك تاتىمىش دېگەنىدەك گەپ قىممىسىلا ئىدەم جىلە بولاۋاتقاندا. گەپتىن تۈك چىقارغىلى ئاران تۇرىدىغان خەققەن بۇ...

ئادەملەر يەنە كۈلۈشتى. ئامانلىق قوغدىغۇچى ھە دەپ يىقىلغان تامنى يۆلىگەندەك ئىككى قوللاپ ئادەملەر توپىنى كەينىگە ئىتتىرگەچ ۋارقىرايتتى:

— يانە خەخ ئاقاڭغا، ھېلى دەسسىلىپ كېتىسە باكا.

ئامانلىق قوغدىغۇچى ئىككى قولىدا لىق كۆكتات قاچىلانغان سۇلياۋ خالتىسىنى قىستاڭچىلىقتا جايلاشتۇرۇپ كۆتۈرەلمەي قىينىلىۋاتقان ياش چوكاننى ئارقىغا ئىتتىردى:

— يانسىلا خېنىم كەينىلىرىگە، بۇ يەدە سىلى تاماششە قىلىدىغان بىژمە يوق.

— قولاڭ نەگە كېتىۋارىدۇ ئادىشوي؟ — چوكاننىڭ يېنىدا لىق بىر خالتا سەۋزىنى دولىسىغا ئېلىپ دوڭغىيىپ تۇرغان يىگىت ئامانلىق قوغدىغۇچىغا بورانىدەك گۈركىرىدى،— ھېلى ئوتاننى ئۇشتىغاندەك ئۇشتۇۋېتىمەن جىما قولاڭنى.

— مېنىڭ قولام سىلىنى يامان قىممىغاندۇ؟

— نىمدەپ خوتۇنۇمنىڭ مەيدىسىنى تۇتۇپ ژۈرىسە؟

— ھە قاسىلىرىغا يول ئېچىپ بېرەي دەپ ۋەزىپە ئىجرا قىۋاتىمە، يامان نىيەت يوق جىما بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە.

— خوتۇنۇڭنى بى ئەكىلە سەنمۇ، بىژ يەلىرىنى مۇجۇقلاپ، يامان نىيەت يوق دەپباقاي قېنى.

ھېلىقى يىگىت ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىۋىدى، ئامانلىق قوغدىغۇچى جېدەل چىقمىسۇن دېدىمۇ، ئاستا ئارقىغا داجىپ باشقا تەرەپتىكىلەرگە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بۇنداغ ئولاشقۇچە، بىژدىن-بىژدىن يول بېرىپ ماڭساڭلا بوممامدا؟ يا ئۆزەڭ ماڭامماي، يا خەقنى ماڭغۇزماي قىستىلىپ ياشاش پېشانەڭگە پۈتۈلگەن خەخكەنسە ھە قاسىڭ!...

ئامانلىق قوغدىغۇچىنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستا ئادەملەر توپى بىرلا دەۋرەپ ئوتتۇرىدىكى بوشلۇقنى تېخىمۇ كىچىكلىتىۋەتتى. ئالدىكىلەر «ۋاي پۇتام»، «ما كۆكتاتلىرىم ئېزىلىپ كەتتى» دېيىشىپ ۋارقىرىشاتتى. ئەسلىدە توپنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بىر قانچە ياش بالا ئويۇقتا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي ئارقىدىكىلەرنى ئالدىغا ئىتتىرىپ ئويۇن چىقىرىۋاتاتتى. بۇ ياقتا ماشىنىنىڭ شوپۇرى بارغانسېرى جىلە بولۇپ ھارۋىكەشكە قوللىرىنى شىلتىيتتى:

— بايام ئوڭ ماڭمىغانىنىڭ كاساپىتى مانا.

— ئۆزەڭ تەتۈ ماڭدىڭ ئاينا، قايىلاپ باقە ماشىناڭغا.

— ھې ئاداش! ژۇك با بىژمگە يول بېرىتۇق مانداغ. بىژنى قويسام ياتىدۇ ھېلى ماۋۇ!

— نوچى بوساڭ بىژنى قويمامسە؟

— خۇۋەرىمنى تولا ئۆلەتمە جىما خوتنۇڭنى... گۈي!

— مەنمۇ سېنىڭ خوتنۇڭنى...!

ئىككىيلەن پالاق-پۇلۇق قىلىشىپ ئېتىشىپ قالدى.

ئامانلىق قوغدىغۇچى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا كىرىپ تۇرىۋالدى:

— ما ئىككىڭ مۇشلىشىپ خەققە تاماشە قىلساڭ، يول ئەتىمۇ ئېچىلمايدا.

— باكادىن-باكا ئاغزىنى بۇزۇۋاتىدۇ دەيمە، — دېدى ھارۋىكەش ھاسىراپ.

— نوچىلىق قىلغىنىغا تويغۇزاتتىم،— دېدى شوپۇر ھەيۋە قىلىپ.

ئامانلىق قوغدىغۇچى ھارۋىكەشنى بىر چەتكە تارتىپ ئۆتۈنۈش ئاھاڭدا:

— ماڭا قايىلا، سەن بوساڭمۇ گەپ ئاڭلىغىن. خاپومماي ئېشىكىڭنى ھارۋاڭدىن چىقىرە. مۇشۇ ماشىنا ئۆتەپ كەتسىلا يول ئېچىلىدا،— دېدى.

— بولاپتا، چىقاسام چىقىراي، ئەمما بۇندىن كېيىن مانداغ بوزەك قىلمە دېسە گېپىم با جىما.

— گېپىڭ بوسا دېمەمسە— ھە؟— شوپۇر يەنە ھەيۋە قىلىپ ئالدىغا سىلجىۋىدى، ئامانلىق قوغدىغۇچى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ كۆز قىسىپ ئىشارەت قىلىپ توختىتىپ قويۇپ يەنە ھارۋىكەشكە قايرىلدى:

— ۋاي-ۋۇي، ماقا-ماقا، خاپا بومما ئەمدى. بولە ئىتتىك.

ھارۋىكەش ئارقىغا يېنىپ ئېشىكىنى ھارۋىدىن چىقىرىشقا باشلىدى، ئامانلىق قوغدىغۇچى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ شوتىنى تىكلىدى. ئېشەكنى شوتىنىڭ يېنىغا توغرا تارتىپ مەھكەم قىستاپ تۇردى. ماشىنا ئوت ئالدۇرۇلۇپ بىر سانتىمېتىر-بىر سانتىمېتىردىن سىلجىپ، قوزغىلىشقا باشلىدى. باياتىن بېرى ئارقىغا يانغىلى ئۇنىمىغان ئادەملەر توپى ماشىنا گۈركىرەپ

قوزغىلىشى بىلەنلا قىستىلىشىپ يۈرۈپ كەينىگە يېنىشقا باشلىدى.

ــ ما ئۇكامنىڭ خېلى پەمى باكە، ــ دېدى بىر ئوتتۇرا ياش كىشى ئامانلىق قوغدىغۇچىغا قاراپ، ــ ئۇنى ـ بۇنى دەپ ژۇرۇپ ئەخىرى جىمقتۇدى مانا.

ــ يانا بىرئەدەم قوياپ بەگەن بوسا ئويانىنىڭ قىزىقى چىقماقچىتى ئەسلى. ئەمدى بى ئېتىشقىلى توغان چاغدا...

ــ خەخ ئېتىشسا ساڭا نىم پايدىسى با؟ جېدەل كۆگۈك بوسا ماڭە جۇگۇ دەي (لېنتا) بازىرىغا بېرىپ چىڭ لۇڭنىڭ كىنوسىنى كۆ! ــ دېدى ئامانلىق قوغدىغۇچى تېرىكىپ.

شۇ ئارىلىقتا بىر موماي ئەندىكىپ ۋارقىرىۋەتتى:

ــ ۋاي خۇدايىم مەن قايداغ قىلامە! ۋاي مەن قايداغ قىلامە...

ــ ئەمدى سىلى نېمە بولدىلا، ــ ئامانلىق قوغدىغۇچى موماي تەرەپكە يۈزلەندى.

ــ ۋاي خۇدايىم، جۇيازامنىڭ يانچۇقىنى كېسىۋېتىپتا!

ــ ئوھ! ما ئىشنى، پۇل ـ پىچەك بامتى؟

ــ قۇۋانلىق قوچقا ئالىمەن دەپ ئاتىغان پۇل باتى، ۋاي ئىست!...

موماي ئېچىنىشلىق ھۇ تارتىپ يىغلايتتى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ، ھەممە يېرى لاغىلداپ تىترەيتتى.

ئامانلىق قوغدىغۇچى مومايغا ئىچ ئاغرىتقان ئاھاڭدا دېدى:

ــ بۇ كەمگىچە ئوغرى بارىدىغان يەگە بېرىپ بولدى. ژىغلىغانلىرى باكا. ئاستا پەيچۇسۇغا چىرىپ دېلو مەلۇم قىسىلا ئەمدى.

ــ قايداغراق بى گۇيدۇ قىبرى خوتۇننىڭ پۇلنى ئېۋالغان؟

ــ قولۇڭ ئېقىپ چۈشەر ئىلايىم!

ــ ئۇلۇغ ئاي ـ ئۇلۇغ كۈنلەردە...

ــ بۇنداق مىغ ـ مىغ ئادەم بايەدە پەيچۇسۇدىكىلەمۇ تاپالماسمىكى.

ــ پەيچۇسۇمۇ ئوغرىنى تۇتۇپ ئېچچىسە ئاندىن سورايدا...

ــ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى، ساقچىلارمۇ تۇتۇۋاتامدۇ ئوغرى ـ يانچۇقچىلارنى.

ــ ...

خەقلەر ھەر نېمىلەرنى دېيىشەتتى. موماي بولسا كۆپنىڭ ئالدىدا چاشقاندەك تۈگۈلۈپ، ياپراقتەك تىترەپ، ئېغىر قەدەملىرى بىلەن يىراقلاپ كەتتى.

ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە توسۇلۇپ قالغان ئادەملەر ئۆز يوللىرىغا چۈشۈشتى. ھارۋىكەش قىستاڭچىلىقتا ئېشىكنى «ھۇتپۇش»لاپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە ھارۋىغا كىرگۈزدى. جابدۇقلىرنى ئوڭشاپ بولغۇچە تەييار ھارۋىدىن قۇرۇق قالماي دەپ قىستاپ ـ سىلجىپ دېگەندەك ھارۋىغا يېقىن كېلىۋالدىم.

ــ ماۋۇ نەسلىرىمنى مۆمىن دەڭچىنىڭ دىڭگە ئېچچىقىپ بېرەمسىلە، ــ دېدىم ئۇنىڭغا.

ــ ماقا، ــ دېدى خاپىغان كەيپىياتتا ھارۋىكەش، ــ لېكىن بۈگەنكى بازادا ئىككى كوي بېرىلا جۇما. يولنىڭ ئەۋالى ئىشۇ.

ــ نەچچە كوي ئالساڭلا ئېلىپ، مۇشۇ قىستاڭچىلىقتىن چىقىرىپ قوياڭلا.

ئۇ ھارۋىسىنى قايرىدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.

ــ سىلىمۇ چىقىۋاسىلا، ــ دېدى ئۇ ھارۋىسىنى ھەيدەپ ماڭغاچ ئارقىغا بۇرۇلۇپ.

پاتقاق كېچىپ ماڭغاندىن كۆرە چىقساممۇ چىقاي دەپ بىرلا ئىرغىپ ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. ھارۋىكەش ئاغزى بىكار تۇرماستىن «پوش ـ پوش» دەپ ئالدىدىكىلەرگە ئەسكەرتىش بېرىپ، ئېشەكنىڭ نوختىسىغا مەھكەم ئېسىلىپ، ئاۋايلاپ ماڭاتتى. پۇتىدىكى پىيمىسى لاي بولۇپ مۇزلاپ كەتكەنىدى. ھەر قېتىم پۇتىنى يۆتكىگەندە يەردىكى ئۇماچتەك لاي ـ پاتقاق يىرتىق جۇۋىسىغا چاچراپ تۇراتتى. ۋىجىككىنە ئېشىكى قۇلاقلىرىنى دىڭگىدە قىلىپ، ئۆزىگە ماس كەلمىگەن يوغان ھارۋىنى زورۇقۇپ تارتىپ باراتتى. ئېشەك جانىۋارنىڭ قۇلاقلىرى، بوينى، دۈمبىسىدىن تەر چىقىپ، ھور كۆتۈرۈلەتتى. ئېشەك ماڭالمىغانسېرى ھارۋىكەش ھارۋىسىنىڭ شوتىسىغا چىڭ ئېسىلىپ بىرگە كۈچىشەتتى. تىۋىتلىرى چۈشۈپ، جىيىكى يىرتىلغان قۇلاقچىسى بېشىغا چوڭ كېپقالغانلىقتىن ھەدەپ كۆزىگە چۈشۈۋالاتتى. ئۇ پات ـ پات قۇلاقچىسىنى ئارقىغا سۈرۈپ قويۇپ، ئېشكىنى «خىت ـ خىت» لايتتى.

تۇرۇپلا ھارۋىكەشكە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. باياتىن بېرى تازا جىلە بولۇپ، ئەمدىلىكتە يەنە ھارۋىنى ئېشەك بىلەن تەڭ سۆرەپ كېتىۋاتقان ھارۋىكەشنىڭ ھارۋىسىدا پوق تاغىرىدەك لاپچىيىپ ئولتۇرغىنىمدىن ئۆزۈمگە نومۇسۇم كېلىپ، ھارۋىدىن لىككىدە چۈشۈپ ئەگەشتىم.

ــ چۈشۈپ قالدىلىغۇ؟ ــ سورىدى ھارۋىكەش ئارقىسىغا قايرىلىپ قاراپ.

ــ بولدىلا، ماڭايچۇ، ــ دېدىم كۈلۈمسىرەپ، ــ ئادەم نىمداغ جىق بۈگەن؟ ھارۋا ھەيدىمەكمۇ تەس بولاپكېتىپتۇ.

ــ شۇ، ــ دېدى ئۇ بۇرنىنى شۇرتتىدە تارتىپ قويۇپ، ــ بازاغا چىمەي دېسە ھېيت كېلىۋاتىدا، باللىرىمىز خەقنىڭ باللىرىنىڭ ئالدىدا چېنىپ، بويان قىسىپ قالامدىكى دەپ قالدىكە. بازاغا چىسە مانا مۇشۇنداغ قىستاڭچىلىق، بايامقىدەك خاپىچىلىق. تاپقان تۆت تەڭگىنىڭ تايىنى يوق. ئۇلۇغ ئاي ـ ئۇلۇغ كۈنلەرنىڭ ھارپىسىدا خەققە تامەششە قىلىپ ئېشەك پوقىنى يېدۇق!

ــ ئۇ شوپۇرمۇ سىلىگە يولسىزلىق قىلدى، ــ دېدىم ھارۋىكەشكە بولۇشۇپ.

ــ قىستاڭچىلىقتا غاژ ـ غۇژ بولاپقالىدىغان ئىشلا با. ئەمما ئۇ ئىدەم مېنى ھارۋىكەش دەپ كۆزگە ئىلغۇسى كەممەي ئاغزىنى جىق بۇزۇۋەتتى. بوممىسا ئىدەم جىق يەدە سەتلىشىپ، جېدەل قىلىدىغان كۆكەمە ئەمەستىم مەن.

ــ بازاغا ھەر بازىرى چىرەمسىلە؟

— ھەئە.

— تاپاۋەت يامان ئەمەستۇ؟

— ئىشقىلىپ خۇداغا شۈكرى، چىرلىق ماڭساق بىر كۈن تاپقان پۇل يانا بىر بازاغىچە سەي-كۆكتات، گۆكۆت-سوپۇننىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدا. بايامقىدەك جىبەل ئوينىپ پەيچۇسۇغا چىرىپ قاساق، قوزا-ئوغلاق سېتىپ جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ. جىبەل قىمماي دېسە ھېلىقى شوپۇردەك چوڭى كىچىكنى بوزەك قىلىۋاتقان. ئىشقىلىپ باكا ژۇگىچە مىدىلاپ تۇساق بىرگەپ بولىدىكە.

— بۇگۈنكىدەك قىستاڭ بازادا پۇل ئاۋۇماي يول ئاۋۇيدىكەن-ھە؟

— ئۇنى بىردېمىسلە. ھارۋىكەشكە ھاجىتى چۈشىدىغانلار جىق تۇغان بىلەن، يولنىڭ ئەۋالى مانا شۇ... ئاچا ھوي، ئاۋۇ ھۆشىنلىرىدىكى ئىغىي ژۇكنى ما ھارۋىغا تاشلىۋاسىلا، كۆتىرەلمەي قاپلا،— دېدى ھارۋىكەش سۆز ئارىلىقىدا ھارۋىنىڭ يىنىدا كېتىۋاتقان ئوتتۇرا ياش بىر ئايالغا.

— رەخمەت بالام،— ئايال خۇشھال بولۇپ ئۆشنىسىدىكى يۈكلەرنى ھارۋىنىڭ ئۈستىگە— مېنىڭ يۈكۈمنىڭ ئۈستىگە قويغاچ ماڭا بۇرۇلدى،— بالام، قاپنىڭ ئىچىدە مەجلىپ كېتىدىغان نەسە يوق بولغىيتى؟

— ياق، قوياۋەسلە ئاچا،— دېدىم. ئايال يۈكنى ئاۋايلاپ تۈزەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھارۋىكەش ھارۋىسنى قوزغىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— خوتۇن ئاغرىپ قاغانتى. ئەتىگەنياغى يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئاسما سالدۇرۇپ، تېخى بايام باكا بولاپ چىققان. خوتۇننى دەڭدە ئارام ئېلىپ تۇغىن، بىردەم تاپاۋەت قىلاي. ھېيتتا بى ئۇششاق باللىغا ھېيتلىق بېرەمە دەپ چىرىپ، ئىت پوق يېمەستە كۆمەملا ئابايامقى جېدەلنى. تاس قالدىم بىر كۈنلۈك بازانى مۇش بىلەن دەسلاپ قىلغىلى.

ھارۋىكەش بىر تەرەپتىن دادلانغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ھارۋىنىڭ شوتىسىغا چىڭ ئېسىلىپ، ئىشەك بىلەن تەڭ كۈچەپ باراتتى. ئۇنىڭ ھەم ساددا، ھەم تۈز كەتكەن سۆزلىرىگە باش لىڭشىتقاچ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلەتتىم. قەلبىمنى ھارۋىكەشكە بولغان بىر خىل ھېسداشلىق ئىگىلىمەكتە ئىدى.

ھارۋىكەش ھارۋىسنى سۆرەپ مېڭىپ دېگەندەك مىڭ تەسلىكتە چوڭ يولغا— دۆلەت يولىغا چىقتى. چوڭ يول سىلىق، تۈز ۋە كەڭرى بولغاچقا مېڭىش ئوڭايلاشتى. ھارۋىكەش قولنى ھارۋا شوتىسىدىن ئاجرىتىپ جۇۋىسىنىڭ يېڭىگە قوۋۇشتۇرۇۋالدى. ئىشەكمۇ ھارۋىنىڭ چاقى تۈز يولغا چىققانلىقىنى بىلىپ خېلى جانلىنىپ، بىر خىل رىتىمدا مېڭىشقا چۈشتى.

— ئەمدى چىقىۋاسىلا، يول تۈز،— دېدى ھارۋىكەش ماڭا قايرىلىپ.

— بولدى، ئاز قالدىغۇ.

يولنىڭ چېتىدىرەك شاللىرى چۈۋۈلۈپ، لىڭشىپ قالغان ئەسكى كارىۋاتقا داستىخان سېلىپ، ئۈستىگە قىزىرىپ پىشقان گىردە نانلارنى تىزىۋالغان ناۋاي ئۈستامىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ھارۋىكەش ئىشكىنى «ھوتپۇش» دەپ قويۇۋىدى، ھېرىپ ئارانلا تۇرغان ئىشەك شۇ ھامان چىپپىدە توختىدى.

— خاپىمماي چۈلۈۋرنى تۇتۇپ تۇسىلا، خوتۇنغا بىرگىردە ئېۋالاي،— دېدى ئۇ ماڭا ئارقانى تەڭلەپ. مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئارقانى ئېلىپ تۇتۇپ تۇردۇم. ئۇ ھايالىشمايلا قايتىپ كەلدى-دە، قولىدىكى گىردىنى جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىغا تومپايتىپ سالغاندىن كېيىن قولۇمدىن چۈلۈۋرنى ئالغاچ خىجالەت ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى:

— سىلنى ئاۋارە قىپ قويدۇم، خاپىممىغانلا؟

— ھېچ ۋەقەسى يوق،— دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ ئىشەكنى قوزغىتىۋېتىپ سورىدى:

— قايسى دەڭگە دېگەنتىلە؟

— مۆمىن دەڭچىنىڭ دېڭىگە.

— خوتۇنۇمنى ئاشۇ دەڭدە ئولتۇغۇزۇپ قويغانتىم. يولىمىز بىر بولاپتۇ ئەمسە.

كۆپ ھايالىشمايلا مەن ھارۋامنى ساقلاشقا قويغان دەڭنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. ھارۋىكەش ھارۋىسنى مەن كۆرسەتكەن بەلگە بويىچە ھارۋامنىڭ يېنىغا يېقىن توختاتتى-دە، يۈك-تاقلىرىمنى ھارۋامغا يۆتكەشكە باشلىدى.

— بولدى، ئۆزەملا ئالاي،— دېدىم ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە ئېسىلىپ.

— ئېلىشىپ بېرەي، باكانى خۇدامۇ خالىماس دەپتىكەن.

بىز قول-قولچە ھەرىكەت قىلىپ يۈكلەرنى ھارۋامغا يۆتكىۋالغاندىن كېيىن ئۈستىۋېشىمنى قېقىشتۇرۇشقا باشلىدىم. شۇ ئارىدا ھارۋىكەشنىڭ يېنىغا قارىمۇتۇق، ئېگىز ۋە ئورۇق بىر چوكان پەيدا بولدى.

— قايداغراق تۇرىسە؟— سورىدى ھارۋىكەش چوكانغا.

— بېشىم قېيىپلا تۇرىدا.

— دوختۇرنىڭ قان ئاز دېگىنى شۇ. بۇگەن تاپاۋەت ئومدان بولاپقاسا، كەچتە ئازراق گۆش، تۇخۇم ئېلىۋالارمەن.

— جىم ئوتتاسىلا پۇلنى بۇزماي. يانا نەچچە كۈندە قوۋانلىق قوي سويىمىزغۇ.

— ھېيتقىچە سەل ياخشىلانمىساڭ بومماي‌دا. دوختۇرنىڭ ئاسمىسى چىرايىڭنى بورىدەك ساغاتىۋېتىپتۇ. قوساقتا بەلەن يېمەي سالدۇغان ئاسمىمۇ پايدا قىممايدۇ جىما.

— ھەراس، باياتىن سۇڭجاڭ (كەنت باشلىقى) ئۇچراپ سىلىگە گەپ تاپىلىغانتى.

— نېمە دەيدا؟

— ژۇقىرىدىن نامرات ئائىلىلەگە تاقتىدىغان ھېيتلىق سوماي، ئۇن-گۈرۈچ دېگەندەك بىرنەسىلە كەپتىمىش. سۇڭجاڭ ئامال قىلىپ سىلەنى تىزىملاپ قوياي، ھاشماخۇن كەچتە مېنى ئىزدىسۇن دەيدا.

— بولدى، كۆرەشمەيمەن. ئۆتكەندە يېزىدىن نامراتلىقا

تاقاتقان كۆمەدىن ئىككى قاپ بىرىپلا ئۈچ كۈن ئۆي ئىشىغا سالدى. كەنت كادىرلىرىنىڭ مەدىكاچىلىقنى قىلىپ بىرىپ قۇتقۇزۇش يىدى دەپ ژۈت ـ ۋاقىنىڭ ئالدىدىمۇ باش كۆتەگىلى بوممىدى. ئۇلانىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ھالىچۇ تېخى. ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى كۆمەدىن بەگەندەك دوقۇقۇڭ ـ سوققۇڭ گەپ قىلىپ قوساقنى ئىسىۋاتقان، يا قىپ بەگەن ئىشتىن رازى بومماۋاتقان. ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ ھارۋىكەشلىكىم بەلەنرەك،ئاز تاپسامۇ ھالال ئىشلەيمە،ساۋابىمۇ با.

ــ مۇشۇ بىژ قىتىم بوسىمۇ ماقۇل دىسلە بى. ھىيتلىق سوماي بىلەن گۆرۈج ھەل بولاپ قالاتى.

ــ سەن باما خوتۇن، تولا چىشىمنى قىرىشتۇما جىما، بەش كىلو سۇ ماينى بىرىپلا ئاقىدىن ئىغلىنىڭ قىغلىرىنى چىقاغىلى، چىقاغان قىغنى ئىتىزغا يۆتكىگىلى سالىدا. ھۆكۈمەت نامرات دىخانلىرىم قىژنىلىپ قاممىسۇن دەپ ئىۋەتكەن بىژنەسىنى خەققە باكاغا بىرىشكە قوسقى ئاغرىيدىغان خەق بۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا قەچقىچە غەرەت قىلسام ھىيتلىق سوماي بىلەن ئۇششاق باللانىڭ ھىيتلىق پۇللىرىنى تاپامە. شۇڭا سەن مىنىڭ خوشام يوق گەپنى ئاز قىل جىما.

ــ بولدى، خاپوممىسلا. مەنمۇ شۇ سىلنىڭ تاتىۋاتقان جاپالىرىغا چىدىمايدىكەنمە.

ــ كۆڭەل ئازادە بوسا بولدى، خوتۇن، جاپا كۆزگە كۆرەنمەيدا. ماۋۇ گىژدىنى ئىسسىقىدا يەپ تۇغىن. سامسا ئاغاچ چىرەي دىسەم تېخى دەسلاپ قىلاممىدىم. دەڭچىنىڭ ئۆيىگە چىرىپ، چايغا چىلاپ ئىچىۋال.

ــ ماقا. قوشنىلارنىڭ ھارۋىسى ئۈچراپ قاسا ئۆيگە كىتىۋىرەي.

ــ مەيلىڭ، يولدا ئاۋايلىغىن جىما.

ــ سىلىمۇ ئاۋايلىسىلا، ئاز تاپسىلىمۇ چىژلىق ماڭىدىغان ئىشنى قىسلا.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ گەپلىرى كۆڭلۈمنى بىر قىسىملا قىلىپ قويدى. ئاللىقانداق بىر يەرلىرىم نازۇك تىترىگەندەك بولۇپ، بوغۇزۇم غىققىدە بوپقالدى. ئۇلارغا قارىغانچە ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ قاپتىمەن. ھارۋىكەشنىڭ سۆزى خىيالىمنى بۆلدى:

ــ ئەمدى مەن بازاغا چىرىپ چىقاي.

بۇ ئۇنىڭ پۇلنى بىرىۋەتسىلە دىگىنى ئىدى. مەن ئالدىراپ يانچۇقۇمغا قول سىلىپ، پورتماليمدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئالدىم.

ــ سىلنى ئاۋارە قىلىۋەتتىم ــ ھە، ــ دىدىم پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقاچ.

ــ ۋۇي... پاچىسى يوقمىدى؟ ــ ھارۋىكەش پۇلنى قولۇمدىن ئىلىپ تۇرۇپ قالدى، ــ مەندە ياندۇغىدەك پۇل يوق، تېخى دەسلاپ قىممىغانتىم.

ــ مەيلى، ئىلىۋەسلە، دەسلاپ قىغانلىرى بولاپقاسۇن.

ــ خۇدايا تووۋا دىسلە، ھەممە ئىدەم ئۆزىنىڭ ھەققىنى يەيدىغان جاھان بۇ. ئارتۇق يىۋالغان نىمىنىڭ جوۋابىنى بىرىپ قالىمىز.

ــ بولدى، ئىلىۋەسلە، مەن رازى بوغاندىكىن.

ــ ئۇنداغ دىمىسلە، مەن يا مەجروھ ـ ئاجىز بوممىسام، ئۆزەمنىڭ ھەققىمنى يەي. پاچىلاپ كىلەي، تۇپ تۇسلا.

ئۇ ئىشكىنى بىر ھارۋىنىڭ كەينىگە چىتىپ باغلىدى ـ دە، دەڭنىڭ سىرتىدىلا ــ يولنىڭ چىتىدىكى ئورمان بەلۋىغىدا ئولتۇرۇپ ھارۋىلارنىڭ تىشىلگەن بالونلىرىنى يەملەيدىغان رىمونتچىنىڭ يىنىغا ماڭدى. مەنمۇ ھارۋامنى ھەيدەپ دەڭنىڭ دەرۋازىسىدىن سىرتقا چىقتىم.

ھارۋىكەش ئىلدام مىڭىپ رىمونتچىنىڭ يىنىغا باردى. مەن ئۆز ئورنۇمدا ئۇنى ساقلاپ قاراپ تۇردۇم. ھارۋىكەش رىمونتچى بىلەن قىرغىن كۆرۈشۈپ بىر نىمىلەرنى دىيىشتى. ئاندىن رىمونتچىغا ياردەملىشىپ ياتقۇزۇلغان ھارۋىنىڭ بىر پاي چاقىنى چىقىرىشقا باشلىدى.

شۇئان كۆڭلۈمگە بىر خىيال غىل ـ پال قىلىپ كىپقالدى. «توغرا، نىمىگە ساقلاپ تۇرىمەن؟ ئۇ كىلىپ بولغۇچە غىپپىدە كىتىۋالسام بولمىدىمۇ؟ ئۇ كىلىپ مىنىڭ كىتىپ قالغىنىمنى كۆرسە نىيىتىدىن يانار. ئاشقان ئۇ نەچچە يۈەن پۇل گەرچە جىق بىر نەرسە بولمىسىمۇ، مىنىڭ ئازراق كۆڭلۈم بوپقالار... ھە، شۇنداق قىلايچۇ...»

تۇساتتىن كەلگەن بۇ خىيالىمدىن كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۆزۈمنى يەڭگىل سىزىپ ھارۋامنىڭ ئۈستىگە لىككىدە ئىرغىپ چىقتىمدە، تاياقنى شىلتىپ قويدۇم. قورسىقى ئىچىپ ئۆيگە ئالدىراپ تۇرغان ئىشەك جانىۋار «خىت» بىلەن تەڭلا پۇتلىرى يەرگە تىگەر ـ تەگمەس چىپىپ كەتتى. ھارۋىدا كىتىۋاتقاچ خىيال سۈرمەكتىمەن. ئۆزۈم قىلغان ئەرزىمەس بۇ ئىشىمنىڭ شەكسىز توغرا ئىكەنلىكىگە تاغدەك ئىشىنىپ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە رازى بولۇپ ماڭماقتىمەن.

دەڭدىن ئۇزاپ چىقىپ ئالاھازەل قىرىق مىنۇتلارچە ۋاقىت ئۆتكەن چاغدا مەھەللەمگە يىقىنلاشتىم. يول ئۈستىدە تۈگمەنچىنىڭ تۈگمىنىگە تاشلاپ قويغان ئۇنلىرىمنى ئىلىپ كىتىش ئۈچۈن توختاپ، ھارۋامغا باستىم. تۈگمەنچى بىلەن بىر ئاز پاراڭ سىلىپ ھايالىشىپ، ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرسام يىراقتىن بىرسى چاقىرغاندەك قىلدى، ئۆرۈلۈپ قاراپلا داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدىم. ھىلىقى ھارۋىكەش يىقىنلا يەردىن ھارۋىسىنى چاپتۇرغىنىچە كىلىۋاتاتتى.

ــ نىمە قىغانلىرى بۇ، باكا ئىدەم بامۇ سىلنى قوغلاپ ژۈرىدىغان ـ ھە؟ ــ دىدى ئۇ زەردە بىلەن ھارۋىسىدىن چۈشكەچ. ئاندىن ئەلەم ۋە نەپرەت بىلەن ئالدىمغا كىلىپ توختىدى.

ــ پۇلنى پاچىلاپ كەسەم سىلى يوق. بىژيەدىن دەڭچى خوتۇن پەيدا بولاپقالدى، مەيەدىكى بىژ ھارۋا يوق تۇرىدا دەپ ئەنسىرەپ تۇرۇپتىكە. قايلىسام، بايام سىلى يەشكەن ھارۋىنىڭ ئونى شۇ. دەڭ ھەققىنىمۇ بەمەي كىتىپلا.

«ئەستا! باياتىن ھارۋىكەش كېپىنالغۇچە قاچىمەن دەپ ئالدىراشچىلىقتا دەل ھەققىنى بەرمەيلا يېنىپ كەپتىمەندە. دەئگچى ئايالمۇ قورۇسىدا كۆرۈنمىگەنتى. تازا سەت ئىش بولدىمۇ-نېمە؟ بىرسىگە خەيرخاھلىق قىلىمەن دەپ يەنە بىرسىنىڭ ئالدىدا ئۆتمەس ئادەم بوپقاپتىمەن-دە...»

يۈزۈم ئوت ئېلىپ قىزىرىپ كەتتى. ھارۋىكەش جۇۋىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئۆزى چاپلاپ تىكتۈرگەن چوڭقۇر قويۇن يانچۇقىدىن ئۇششاق مەيدە (پارچە) پۇللارنى ئېلىپ سانىغاچ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— خاتىرجەم بوسىلا، دەئگچىنىڭ ھەققىنى مەن تۆلەپ قويدۇم. ئەمما زە، مېنى بىزمۇنچە تاپاۋەتتىن قۇرۇق قويدىلا جىما.

مەن قاتتىق خىجالەت ئىلكىدە قالغاندىم. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قىزىرىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ بولسا سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— بۈگۈن ھېيت ھارپىسىدا كۆپرەك پۇل تېپىۋالامەن دەپ چوڭ ئۈمۈت بىلەن چىققان ئۆيدىن. ئەتىگەن دوختۇرخانىدىلا ئىش تەتۈ كېلىپ، كىچىك باللا ئىچىدىغان سۈيۈق ھۆتەل دارىسىنى ھەمكارلىشىش دائىرىسىدىكى دارا ئەمەس دەپ دوختۇر قىز بالا نەق پۇلغا بېرىپ قەزدا قىپ قويۇۋىدى. ئەتىگەنلىك ناشتاڭ نېمە بولسا قەچقىچە شۇ دەپ بۈگەن زادى ئىش ئوڭ كەممىدى. بازا ياراشمىدى. بىسمىللا دېمەستە بازادا جېدەل ئوينىپتۇق. ئەمدى باكا قالغان ئىدەمدەك سىلىنى ئىزدەپ قوغلاپتۇق. قالسىلا ما ئېشىكمگە.

ھارۋىكەشنىڭ ئېشىكى تەرلەپ، قاتتىق يۈگۈرگىنىدىن ھەدەپ ھاسىراپ نەپەس ئېلىپ، قورسىقىنى ئىچىگە ئۇراتتى. پۈتۈن بەدىنىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ، تۈگۈلۈپ تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— ئاسلا ما پۇللىرىنى، — دېدى ھارۋىكەش قوپال ئاھاڭدا.

چەكسىز خىجىللىق ئىچىدە قورۇنۇپ دۇدۇقلىدىم:

— ئېمدى... مەنمۇ شۇ سىلىنى دەپ... ئەسلى ئاقامدىن قوغلاپ كەلمىسىلىمۇ بولىتتى، بىزمۇنچە تاپاۋەتتىن قۇرۇق قاپلا ئەينا. شۇڭا ما پۇلنى مەن ئاماي، بولدى. ھېلىمۇ سىلى جىق ھەرەج تاتىپلا، تېخى مەن سىلىگە بەسىم توغرا بولىدا ھازىر.

— نېمداغ گەپ قىلىلا؟ مەن يا تىلەمچى بومىسام، ئاسلا ما پۇللىرىنى، ھارام يارىشىدىغان ئىدەملەدىن ئەمەسمەن جىما. ھارۋىكەش بوسامۇ ئۆزەمگە تۇشلۇق ئىدىمەتچىلىكىم با مېنىڭ. يا ھارۋىكەش تىلەمچى- ساھىل كۆرۈنەپ قالدىمۇ كۆزلىرىگە... چىك- ئاي!...

ئۇ، زەردە قىلغىنىچە پارچە پۇللارنى ھارۋامنىڭ ئۈستىگىلا تاشلاپ ئارقىسىغا ياندى. ئالدىراپ ئۇنى چاقىرىۋالدىم:

— توختىسىلا.

— ھە!

ئۇ، كەينىگە بۇرۇلدى. ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىغا رەسمىي سەپسالدىم، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، چىرايىدىن غەم-تەشۋىش، موھتاجلىق، مەردلىك، ئوغۇلبالىچىلىق، كەسكىنلىك، تېرىككەكلىك ۋە يەنە ئالاللقانداق چىراي ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان مەن دېمەتلىك. لېكىن قارىماققا مەندىن چوڭدەك تۇيغۇ بېرىپ كۆرۈنىدىغان ئاقسېرىق، ئورۇق يىگىت ئىدى. تولۇلاپ چىشلىرى كاسىلداپ تۇراتتى. لەۋلىرى كۆكىرىپ، تۈگمىلىرى قالمىغان جۇۋىسىنىڭ بېلىنى ئىنچىكە ئارقان بىلەن مەھكەم باغلاپ، قوللىرىنى يېڭىگە قوۋۇشتۇرۇۋالغانىدى. ئاستا يېقىنلاپ باردىم.

— دەئگچىگە بېرىۋەتكەن پۇللىرىنى ئېككەتسىلە، — دېيەلىدىم ئارانلا.

— بىژكوي!

بىر يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئايرىپ ئۇزاتتىم. ئۇ، تولۇلاپ قولاشمايۋاتقان قوللىرىنى يېڭىدىن چىقىرىپ پۇلنى ئالدى-دە، يانچۇقىغا سېلىپ ھارۋىسىغا چىقىپ، بازار تەرەپكە قايرىلىپ ئېشىكىنى چاپتۇردى.

ھارۋىكەشنىڭ ئارقىسىدىن قارىغانچە تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ شوينىسى چىگىلمىگەن قۇلاقچىسىنىڭ بىر قۇلىقى لەپەڭشىپ تۇراتتى. ئېشىكىنىڭ يۈگۈرۈشىگە رازى بولمىغاندەك پۇتلىرىنى بىر خىل رىتىمدا گىلدىڭشىتاتتى. شالرى بوشاپ قالغان كېلەڭسىز ھارۋىسى تاراقلايتتى. ھەش-پەش دېگۈچە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ھارۋىسىمۇ چوڭ يولدىكى كېلىۋاتقان، كېتىۋاتقان ھارۋىلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالدى.

مەن تۇرغان ئورنۇمدا بۇرنۇمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئېرىۋاتقان مۇزدەك قار ئۇچقۇنلىرىنى سەزمەي ئۇزاق، بەكمۇ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىم! پۇتلىرىم ئېغىرلىشىپ، قوللىرىم قولىشىپ قالغاندەك بولدى. ئىچىمدە ناھايىتى تەستە ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم:

«مېنىڭ تېپىپ بەرگەن ئاۋارىچىلىقىمغا رازى بولسىلا، ھاشىماخۇن. خۇدايىم بۈگۈنكى بازارلىرىغا ئويلاپ كۆرمىگەن بەرىكەتلەرنى ئاتا قىلغاي. ماۋۇ پۇللىرىنى مەن باللىرىمغا ھېيتلىق بېرەي، سىلى توغرۇلۇق سۆزلەپ تۇرۇپ، سىلىنىڭ مەرد— ئوغۇلبالىچىلىقلىرى، ئاق كۆڭۈل-تۈزلۈكلىرى ھەققىدە سۆزلەپ تۇرۇپ بېرەي، خۇدايىمغا ئامانەت.»

2009-يىل دېكابىر، سەھرايى ئەرمۇدۇن

---

ئاپتور: قىرغىز، يازغۇچى، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى




مەن شائىر ئابلەت ئابدۇللانىڭ 2008 ـ يىلى نويابىردا مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «چېدىساڭ ياشا» ناملىق شېئىر ـ داستانلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن مەسئۇد مەرۇپ ئەپەندىنىڭ «روھىمنى ئۆزگەرتكەن بىر شېئىر» ناملىق ماقالىسىنى قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. ماقالە ئاپتورىنىڭ سەممىيەت بىلەن ئېتىراپ قىلغان ھالدا «بىر شېئىر تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىپ شائىر قىلىپ قويدى»، «شائىر ئابلەت ئابدۇللانىڭ ‹غۇرۇرۇم› ناملىق بۇ شېئىرى مېنى يۈرتنى سۆيۈش ھەمدە ئۇنىڭ پاكلىقى، غۇرۇرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەپ، شېئىرىيەت بوستانىغا باشلاپ كىردى» دېگەن يازمىلىرى دىققىتىمنى تارتىپ، كىشىلەر جەمئىيەت ئەزالىرىدىن كۈتىدىغان ۋىجدان، غۇرۇر، سەممىيەتتىن ئىبارەت ئىنسانىيلىق سۈپەتلەر توغرىسىدا يەنىمۇ ئويلاندۇردى.

ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟

مېنىڭچە، بۇ سوئالغا ھەربىر ئادەم ئۆزىلا مۇناسىپ جاۋاب تاپالايدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش مۇھىتى، ھايات شارائىتلىرى، جەمئىيەت ھالىتى ۋە ياشاش نىشانى قاتارلىق ئامىللار مەلۇم مەنىدە بۇنى بەلگىلەيدۇ. مۇئەييەن ياشاش نىشانىنىڭ قانداق بولۇشى ئادەملەرنىڭ مەنىۋى ئېنېرگىيىسى بولغان ۋىجدان، غۇرۇر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. غۇرۇر ۋە ۋىجدان قانداق ھالەتتە بولسا، ئىرادە ۋە جۈرئەتتىن ئىبارەت ۋۇجۇدقا چىقىرىش كۈچىمۇ ماس ھالدا شۇنداق بولىدۇ. مۇئەييەن ئوبيېكتىپ ھالەتتىكى ئىنساننىڭ ئۆزىدە بېسىلىپ تۇرۇۋاتقان مۇئەييەن دەرىجىدىكى خاس ئالاھىدىلىكنى قايتىدىن نۇرلاندۇرالىشى، شۇ ئىنساننىڭ ئەسلىدىلا ئۆزىدە مەۋجۇد بولغان ئېسىل مەنىۋى ئېنېرگىيىسىگە مۇئەييەن بىر تاشقى كۈچنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن پارتلاش خاراكتېرلىك ھاسىلات پەيدا قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مەسئۇد مەرۇپ ئەپەندىنىڭ «ئۇ، 28 يىل دات بېسىپ ياتقان قەلىمىمنى قايتا قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، شېئىرىيەت كوچىسىغا باشلاپ كىردى» دەپ، «غۇرۇرۇم»نىڭ ئۆزىدە پەيدا قىلغان غايەت زور ئويغىتىش خاراكتېرلىك سىلكىنىش كۈچىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنداق. ئالەمدىكى بارلىق شەيئى ئۆزگىرىش ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىكەن، ئۇنداقتا، ئادەمدىن ئىبارەت دۇنيانىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بۇ يېگانە شەيئىمۇ ئاداققىچە نىسپىيلىك ئىچىدە ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. «ھۆرۈن»نىڭ مەڭگۈ ھۆرۈنلۈكتە ئۆتۈۋېرىشى، «ئاينىڭ ئونبەشى قاراڭغۇ، ئونبەشى يورۇق»، «سەندە تۇرماس بۇ ئامەت، مەندە تۇرماس بۇ مەينەت» دېگەندەك، ئەسكى چاپان كىيگەنلەر بىلەن يېڭى چاپان كىيگەنلەرنىڭ مەڭگۈ شۇ پېتى تۇرۇۋېرىشى، «ئىقتىدارسىز» ئاتالغانلار ۋە باشقا تىپلارنىڭ مەڭگۈ شۇنداق ئۆتۈۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس،

## غۇرۇر — ۋىجدان بايرىقى

ئەلۋەتتە.

ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرىيىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىل مايدا نەشر قىلغان ماقالىلار توپلىمىنىڭ نامى «چوڭلارنىڭ دەردى قاچان تۈگەيدۇ» ئىكەن. ئاتا - ئانىلاردىكى بۇ دەرد — جەمئىيەتتىكى بۇ دەرد كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان مەۋجۇد رېئاللىقتۇر.

بىلىمىزكى، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاتا - ئانا بالىلىرىنىڭ ۋىجدان، غۇرۇر بىلەن ئىنسانىي سۈپەتتە ياشىشىنى، ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇپ، تۇرمۇش يولىنى ئوڭۇشلۇق ئېچىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم ياشمۇ ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. ئەمما جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ياكى ۋاقىت زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن بەلكىم دەماللىققا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. دېمىسىمۇ، شۇنچە ئۇرۇنۇپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپمۇ يەنىلا تۈزۈكرەك تىرىكچىلىك يولى تاپالماي گاڭگىراپ قېلىۋاتقان ياشلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق نازۇك پەيتى جەمئىيەتنىڭ، ئاتا - ئانىلارنىڭ، مەنىۋىيەت يېتەكچىلىرىنىڭ چۈشىنىشىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقتىدۇر. ئەمما بىز كۆپىنچە ھالدا ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ياخشى چۈشەنمىگەنلىكىمىز، ئىنچىكە تەھلىل قىلمىغانلىقىمىز، كۆزىمىزگە پەقەت «ھاسىلات» كۆرۈنىدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنى ئىقتىدارسىزلىقتا، غۇرۇرسىزلىقتا، ۋىجدانسىزلىقتا ئەيىبلەپ كېتىمىز. بىز بۇنداق بىتاقەت، يەڭگىلتەك پوزىتسىيىنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىنى قانداق ئازابلايدىغانلىقىنى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ھاياتلىقتا بىز ئۈمىد قىلىدىغان نەرسىلەرگە چۆكۈرۈش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئىلھامبەخش پوزىتسىيە ئارقىلىلا ئېرىشەلەيمىز. يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان، روھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلىگەن شېئىرنىڭ كۈچىمۇ دەل ئاشۇ ئىلھاملاندۇرۇش كۈچىنى مەنتىقىلىق ھالدا نامايان قىلالىغانلىقىدا.

ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر ئېسىل ئەسەرنىڭ ئۆز ئالدىغا دۇنيانى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۇ ئاڭ كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپلۇقى بىلەن ئىككىلەمچى ئامىل سۈپىتىدە ئىنسان روھىيىتىگە مۇقەررەر تەسىر قىلىدۇ ۋە بۇ روھىيەت بىرلەمچى بولغان ماددىي ھەرىكەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بىز «روھىمنى ئۆزگەرتكەن بىر شېئىر»دىن غۇرۇرنىڭ ئىنسان روھىيىتىنى ئويغىتىپ، ھەرىكەتكە ئېلىپ بارىدىغان بىر ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

غۇرۇر ئەمەلىيەتتە ئادىمىيلىك دېمەكتۇر. شۇڭا ئادىمىيلىك، ھەققانىيەت خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە غۇرۇرنى دائىم تەكىتلەپ تۇرۇش، ۋىجدانىمىزنى ئويغاق تۇتۇش تولىمۇ زۆرۈردۇر. ھەر ئادەم ئۆزىگە بىر دۇنيا. بىز ئۆزىمىزگە خاس تەپەككۇر دۇنياسىغا ئىگىمىز. ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشنىڭ، ئۆزىنىڭ مېنىۋى كۈچىگە ئىشىنىشنىڭ ئۆزى يۈكسەك غۇرۇردۇر. غۇرۇر بەدىنى چاچما يىلتىزدەك ئىنساننىڭ ھەممە پائالىيىتىنى تۇتاشتۇرۇپ، ھەقلىق باھاغا ئىگە قىلىپ تۇرىدۇ.

غۇرۇر گەرچە ھەممە ئادەم ئەڭ كۆپ سۆزلەيدىغان ئاتالغۇ بولسىمۇ، ئەمما ئىنساننىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئەڭ كۆپ يەكلىنىپ قالىدىغان نەرسە. بىز غۇرۇرنى ئىنسانىيلىق بەلگىسى دېگىنىمىزدە، ئۇنى ھەربىرىمىز دائىم دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش سىناقلىرى ئالدىدىكى ئىش - ئەمەللىرىمىز بويىچە كونكرېت باھاغا ئىگە قىلىمىز.

غۇرۇرنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايان قىلىشتىن چەكلەپ تۇرىدىغان ئامىل چەكتىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە ئۆزىنىلا مەركەز قىلىدىغان قوغدىنىش پسىخىكىسىدىن ئىبارەت. گەرچە بىر قىسىم «غۇرۇر ئىگىسى» مۇئەييەن جەمئىيەت ئامىللىرىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ غۇرۇرسىزلىقىنى يېپىشقا ئۇرۇنسىمۇ، ئەمما ئادەم ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا مۇئەييەن بەلگىلەش قۇدرىتىگە ئىگە بۆسۈپ چىققۇچى، ھەل قىلغۇچى رول ئوينىغۇچىدۇر. غۇرۇر بىر ئادەمدە گەۋدىلىنىدىغان ئېسىل خۇسۇسىيەت. ئۇ، شۇ ئادەم تەۋە بولغان قوۋم، مىللەتكە نىسبەتەن ۋەكىللىك نوپۇزىنىمۇ ھەم نامايان قىلىدۇ. شۇڭا بىز مىللەتنىڭ غۇرۇرى، ۋەتەننىڭ غۇرۇرى دېگەن سۆزلەرنى ناھايىتى ئىپتىخار، پەخىر تۇيغۇسى بىلەن ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ تىلغا ئالىمىز. سادىر پالۋان، «يەتتە قىزلىرىم»، رىزۋانگۈل قاتارلىق تارىخىي قەھرىمانلىرىمىز، ئەپيۇن ئۇرۇشى دەۋرىدىكى لىن زېشۈي، ئەنگلىيە - فرانسىيە يۈز يىللىق ئۇرۇشى دەۋرىدىكى فرانسۇز قىزى جېننىي دئاركقا ئوخشاش مىللىي قەھرىمانلار، كارل لىبكنخت، برونو كەبىي ھەقىقەت جەڭچىلىرى ھەقىقەتەن مۇئەييەن ئەقىدە - ئېتىقاد يولىدا قۇربان بولۇشقا بەل باغلىغان ئىنسانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرى ئۇلارنى قىلچە تەۋرەنمەي ئاشۇنداق ھاياتىي بەدەل تۆلەشكە ئېلىپ كەلدى. ئاڭلىشىمچە، قايسىبىر چەت ئەل مۇتەپەككۇرى «ئادەم يۈزى قىزىرىدىغان ھەم قىزىرىشى كېرەك بولغان مەخلۇق» دېگەنىكەن. يۈزىنىڭ قىزىرىش - قىزارماسلىقى ئىنسانىيلىق بىلەن ھايۋانىيلىقنى پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە، قىل كۆۋرۈك ئىكەن. شۇڭا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ئادەتتىكى ئالاقىدە ئادەملەر غۇرۇر تۇيغۇسى بىلەن ئۆزلىرىگە بولغان دىققەت - ئېتىبارغا، كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىگە بەكلا دىققەت

قىلىدۇ. ئەگەر ئۆزى ۋە ياكى قوۋمى توغرىسىدا باشقىلارنىڭ كەمسىتىش، ھاقارەت خاراكتېرلىك گەپ- سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرىگە دۇچ كېلىپ قالسا، غۇرۇرىنىڭ ئازار يېگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ-دە، ياكى شۇ زاماتلا رەددىيە بېرىدۇ ياكى غۇرۇرىنى قوغداش يۈزىسىدىن شۇ يەردىلا چاپان سېلىپ، «جەڭ»گە ئاتلىنىدۇ. ئەمما ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئايالىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئەركەك- ئوغۇل بالا، ئائىلە ۋە قوۋم ئالدىدا چوقۇم ئاساسىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك بولغان ئاتا ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ھەرىكەتتىن بىدار، لايغەزەل، گۇمراھلىقتا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىلەر خېلىلا بار. ھەممىگە پەرۋاسىز، غۇرۇرىغا توپا قونۇپ، ھاياتلىقنى پەقەت تۆت تام ئىچى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش نېمىدېگەن بىمەنە- قەدىرسىز ھايات-ھە؟ مەن مۇشۇنداق تىپتىكى مۇنداق بىر ئادەمنى بىلەتتىم. بۇ ئادەم مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىكى دىت، تېخنىكا، چىۋەرلىك خېلى ئادەملەردە تېپىلمايتتى. ئۇ ئاشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن قورۇسىنىڭ چوڭ كوچا دوقمۇشىدا ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ماشىنا، تراكتور، موتسىكلىت، ۋېلسىپىت رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللانسا تامامەن بولاتتى. مەشچىلىك، تۆمۈرچىلىك ھۈنەرلىرىنىمۇ پۇختا بىلەتتى. ئەقەللىيسى مال بازىرىغا بېرىپ چارۋا مال سودىسى ياكى بەدىكلىك قىلسىمۇ يوقنى بار قىلىپ، پۇلنى پۇلغا ئۇرۇپ ئوبدانلا پۇل تاپالايتتى. خېلى- خېلى قاسساپلار سودىدا دىتلىيالمىغان قوي ئېغىرلىقىنى بۇ ئادەم بىر كۆتۈرۈپ بېقىپلا «مانچە كىلو گۆش چىقىدۇ» دەپ كېسىپ ئېيتالايتتى. بىر قېتىم ئوغلۇمنىڭ سۈننەت تويىنى قىلىدىغان ۋاقتىمدا ئۇنى مال ئېلىشىپ بېرىشكە مال بازىرىغا ئاپارغانىدىم. شۇ ۋاقىتتا سودىلىشىپ ئېلىپ بەرگەن ئىككى قوينىڭ بىرسىدىن 32 كىلوگرام، يەنە بىرسىدىن 26 كىلوگرامدىن كەم گۆش چىقمايدۇ، دېگەنىدى. كېيىن سويۇپ، تارتىپ كۆرگىنىمىزدە پەرق بىر كىلودىن ئاشمىغانىدى. مانا مۇشۇنداق تۇغما دىتلىق، ئۇنىۋېرسال خاس تالانتقا ئىگە ئادەم نەچچە ئون يىل- ناھايىتى ئاز ئادەمگىلا ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنىدىغان قىممەتلىك «بايلىق»نى قازماي، ئىشلەتمەي، خورىتىپ يۈرۈپ ھاياتىنى تاماملىدى. بۇنداق ئادەملەر كىشىگە ھەرقانچە يۆلىسىڭىزمۇ، خۇددى ئارغامچىسىنى كۆچەپ تارتىسىڭىزمۇ ئارقىغا داجىپ تۇرۇۋالىدىغان، ھەتتا ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغان جاھىل ھۆرۈن ئېشەكنى ئەسلىتەتتى.مۇنداقلاردا زادى غۇرۇر، ۋىجدان يوقمۇ؟ ئۇلار غۇرۇرنى قانداق چۈشەنگەن؟ ئەسلىدە غۇرۇر ھەممىلا ئادەمدە بار بولغان تۇغما روھىيەت ئامىلى. ئەمما ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ. يۇقىرىقى مىساللاردىكىگە ئوخشاش ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن تىپلارنىڭ «غۇرۇر»ى ساختا، ئاتالمىش «غۇرۇرلۇق» تىپىغا مەنسۇپ. ئۇنداقلار بىر بولسا ھۇرۇنلۇق، لايغەزەللىك بىلەن، بىر بولسا، تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق، كۆپۈرلۈك بىلەن ھالال، ئاددىي ئىشلارنى كەمسىتىش پسخىكىسى ئىلكىدە ھاياتقا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەقەللىي، ئاددىي ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ئەل قاتارى جاھاندارچىلىق قىلىشنى ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان پەس تەلەپنىڭ قۇلى بولغانلىق، ئاتالمىش غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىق دەپ بىر تەرەپلىمە چۈشىنىۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋەيران قىلىپ، كۈننى بىكار ئۆتكۈزۈشكە رازى بولىدۇكى، ھەرىكەتكە ئۆتۈشنى خالىمايدۇ. ھەتتا ئايالىنىڭ ئاز- تولا كىرىمى بولسا، يۈزى قىزارماي شۇنىڭغا تايىنىۋېلىشنى راۋا كۆرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش غۇرۇرى پەيدا قىلغان تەييار تاپلىق ئىنساندىكى ئالىيجاناب خىسلەت بولغان غۇرۇرنى ئۆزلىكىدىن سۇندۇرۇپ، نىمجان ھالەتكە ئەكېلىپ قويىدۇ. شۇڭا بۇنداق روھى ئۆلۈك، شوكور كويلۇق، قىمىرلىماس بورىيا تىپلىق ئادەملەرنى كىشىلەرنىڭ غۇرۇرسىزلىق، ۋىجدانسىزلىق ئاتىقى بىلەن تارتۇقلىشى تۇرغانلا گەپ.

غۇرۇر— ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەسى؛ شەخسنىڭ، قوۋمىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىدىكى پولات تۈۋرۈك. غۇرۇرنىڭ سۇنۇشى ياكى سۇندۇرۇلۇشى ھەرقانداق بىر شەخس، قوۋمغا نىسبەتەن مەۋجۇدىيەت ئاساسىنىڭ يىمىرىلىشىدىن ئىبارەت خەۋپتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا تارىختىن بۇيان رىقابەتچى تەرەپلەر تۈرلۈك ئامال- تەدبىر بىلەن قارشى ئوبيېكتنىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرۇپ، روھىيىتىنى نىمجانلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇئەييەن مەقسىتىگە يېتىشنى نىشان قىلىپ كەلگەن.

قانداق كۈچ غۇرۇرنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ؟ غۇرۇرنى سۇندۇرىدىغان كۈچ ئىككى بولۇپ، بىرى، يۇقىرىدا مىسال قىلىپ ئۆتۈلگەندەك شۇ شەخسنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن مەنىۋى كۈچ ئامىلى، ئۇ، ناچار پسخىك خۇسۇسىيەتلەر بىلەن چىرمالغان مۇئەييەن ۋۇجۇدتا نامايەن بولىدۇ. ئۇنىڭ جۇشقۇنلۇقتىن ئايرىلغان ئاجىز روھىيەت ئامىلى بولۇپ شەكىللىنىش ئاساسى ئومۇمەن نەسەبخورلۇق، ئەنئەنىۋى خاس تۇرمۇش قارىشى، بىنورمال ئائىلە تۇرمۇش مۇھىتى، تەربىيىلىنىش ھالىتى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىق ئامىللار بىلەن باغلىق بولىدۇ.

يەنە بىرى بولسا تاشقى كۈچنىڭ سۇندۇرۇشى. ئۇ ئۇزۇن مۇددەت يېپىق، قاششاق ھالەتنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشى،

نامراتلىق، موھتاجلىق، مەھكۇملۇق ۋە يەنە روھىيەتكە زەرەر يەتكۈزگۈچى باشقا بىر قاتار ئامىلدىن كېلىدۇ. ئەمما بۇ يەردە غۇرۇرنى سۇندۇرغۇچى ئەڭ خەۋپلىك بىرلەمچى ئامىل يەنىلا مەنىۋى ئاجىزلىقتۇر. ئەگەر ئىچكى ئېنېرگىيىڭىز- مەنىۋى كۈچىڭىز قانچە كۈچلۈك، يېتىلگەن، ساپ بولسا، تاشقى سۇندۇرغۇچى كۈچكە تاقابىل تۇرۇش كۈچىڭىزمۇ ماس ھالدا شۇنچە بولىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرى سودا قايىنىمىغا كىرىپ تېزلا بېيىپ مىليونېرغا ئايلانغان تونۇغقانلىرىمىز بولىدىغان. ئۇلار داۋاملىق زاكات ئايرىپ مەكتەپلەرگە خەير- ئېھسان قىلىپ تۇرغانىدى. شۇ يىللاردا بىر كۈنى ئۇلار مەن ئىشلەۋاتقان مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا كىيىم- كېچەك تارقاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا مەن ماتېماتىكا دەرسى بېرىدىغان بىر سىنىپتا ناھايىتى شوخ ئاكا- ئۇكا ئوقۇغۇچىلار بولىدىغان. ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، ئۇلارغىمۇ بۇ كىيىملەردىن تارقىتىپ بەرمەكچى بولۇشتى. كىيىم- كېچەكلەر تارقىتىلىپ، نۆۋەت بۇ ئىككى ئاكا- ئۇكىغا كەلگەندە ئۇلار قاتتىق ئاچچىقلاپ «بىز...لارمىدۇق، بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىسىلەر» دەپ كىيىم- كېچەكلەرنى ئېلىشنى رەت قىلىپ مەيداندىن چىقىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا بىر قىسىم كىشى ئۇلارنىڭ ئىپادىسىنى توغرا تاپمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئوچۇق مەيداندا ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنىڭ ئازار يېگەنلىكى، شۇڭا غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈن قەتئىي رەت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. مۇشۇ ئىشنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، مەن كېيىنكى كۈنلەردە بارغانسىرى ۋەھشىيلىشىپ، ئالدىغا ئۇچراپ قالغان سېسىق ھۆپۈپنىمۇ يۇتۇۋېلىشقا يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان يالماۋۇز كەبىي چىرىك ئەبلەخلەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئاشۇ سەبىي باللارنىڭ غۇرۇرىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك، پاكلىقىنى، پايدا- مەنپەئەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرىنى قانداق نامايان قىلىشنى بىلگەنلىكىنى ھازىرغىچە قايىللىق، زوقلىنىش ئىلكىدە ئەسكە ئالىمەن.

ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، ئىنسانىي ھوقۇقىنىڭ دەخلى- تەرۇزگە ئۇچرىشى، ئىش تەقسىماتىدىكى ئادالەتسىزلىك، يولسىز قىلمىش قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ. ئەمما ھەرقانداق شەكىلدىكى بىنورمال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، جەمئىيەت ھالەتلىرىنى كىشىلەر ئۆز ئالدىغا نوقۇل غۇرۇرغا تايىنىپلا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ كېتەلىشى مۇمكىن بولمىغاچقا، ئازار يېگەن كىشىلىك قەدىر- قىممەت، غۇرۇر تۇيغۇسى جەمئىيەتتە نارازىلىق، غۇلغۇلا ھالىتىدە ئىپادە تاپىدۇ.

تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي، كۈندىلىك ئالاقىلىرىدە بولسۇن ياكى غۇرۇرغا ئەڭ قاتتىق تېگىدىغان پرىنسىپال مەسىلىلەردە بولسۇن، بىز تۇتقان پوزىتسىيىنىڭ قانداقلىقى، ئەمەلىيەتتە غۇرۇرىمىزنىڭ دەرىجە- سۈپىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۆلچەمدۇر.

جاھاندىكى جىمى ئادەم، ھەتتا مۇناپىقلارمۇ ھەدېسىلا غۇرۇر، ئۆزىنىڭ غۇرۇرى ھەققىدە گەپ ئېچىشقا ئامراق كېلىدۇ. ئەمما غۇرۇرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغىنى ئېغىزدىن چىقىدىغان يەل، ئاقىدىغان شال ئەمەس، بەلكى غۇرۇر ئىمتىھانىدىكى ھالىدۇر.

مەلۇمكى، چەكتىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ئىنسانىيلىقنىڭ دۈشمىنى، غۇرۇرنىڭ قاتىلى. ھوقۇق- ئىمتىياز، پۇل- بايلىق، ماددىي قىزىقتۇرۇش بىر ئېزىتقۇ. بۇ مەسىلىدە بىزدەك تېخى تەرەققىيات باسقۇچىدا كېتىۋاتقان خەلقلەر بىلەن تەجرىبىدە يېتىلگەن، تەرەققىي تاپقان خەلقلەرنىڭ تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ۋە قارىشىدا مۇئەييەن پەرق بار. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى تۇرمۇش پەلسەپىمىز بەئەينى دەريا دولقۇنىغا ئوخشايدۇ. بۇ دولقۇن مەنپەئەتپەرەسلىك ئېقىنىدىن ئىبارەت. ھەممىلا مۇددىئانى ماددىي مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇپ ھەل قىلىشنىڭ ئىزىغا چۈشۈۋېلىش مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى، ھەق ۋە ناھەقنى، ئادىمىلىك بىلەن ھايۋانىيلىقنى، قاتىل بىلەن گۇناھسىزنىمۇ، ئىشقىلىپ ھەممىسىنى پۇل- بايلىق ئارقىلىق ئۆلچەشنى ئادەت قىلىشقا ئېلىپ كەلمەكتە. شۇڭا بەزىدە رەزىل، بەتبەشىرە ئەمما پۇلدار بىر مەلئۇننىڭ «سورۇننىڭ گۈلى» بولۇپ تۆردىن ئورۇن ئالىدىغانلىقى «يوللۇق» سانىلىۋاتامدۇ؟ بۇ بىر خەتەرلىك ئىجتىمائىي ھالەت بولۇپ، ئۆزىڭىز بايلىق ئارقىلىق «غۇرۇر»، «ۋىجدان»نى ئۆزىڭىزنىڭ بازىرىڭىزدا سېتىۋالىدىغىنىڭىزغا ئىشەنسىڭىزمۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ بازىرىدا سېتىۋالالىشىڭىز ناتايىن. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىدا مۇنداق بىر يېزىلمىنى كۆرگەنىدىم. جۇڭگودىكى مەلۇم شىركەتتە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر چەت ئەل مۇتەخەسسىسىدىن مەلۇم بىر مەخسەت ئۈچۈن پايدىلىنىشنى چىقىش قىلىپ، شۇ ئورۇن مەسئۇللىرى خېلى جىق «سوۋغا- سالام»نى كۆتۈرۈشۈپ ھېلىقى مۇتەخەسسىسنىڭ ئالدىغا بارغان ۋە «كۆتكۈل» ئىزھار قىلغان. ئېنىقكى، بۇنداق «كۆتكۈل» مۇتەخەسسىسنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ بولمىغۇر قىلىق ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك غۇرۇرى، ئىززەت- ھۆرمىتىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ قاراپ قاتتىق ئاچچىقلانغان، ئېلىپ كەلگەن «كۆتكۈل»لەرنى دەرھال ئېلىپ كېتىشنى ئۇقتۇرغان. بىزدىكى «ھۆرمەت»نىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان «كۆتكۈل» باشقىلارنىڭ نەزىرىدە شۇنداق يىرگىنىشلىك نەرسە سۈپىتىدە

قارالغان.

كۈچلۈك غۇرۇر تۇيغۇسى ئىنساننى ئۆز ھەققىتىنى قوغداش مەيدانىغا ئېلىپ چىقالايدۇ. كۆپىنچە ھالدا ئادەملەر قوغدىنىشچان پوزىتسىيە ئىلكىدە بولۇپ ياكى ئومۇمىي ئېقىم ئىچىدە ئاقىدۇ ياكى سۈكۈتتە تۇرۇۋالىدۇ. ھەق - ناھەق توغرىسىدا ئاشكارا پوزىتسىيە بىلدۈرۈش پەيتى دەل سىزنىڭ ئازچىلىق بوپقالغان ۋاقتىڭىز، سىزنىڭ غۇرۇر - ۋىجدان تارازىسىغا چۈشكەن ۋاقتىڭىزدۇر. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھارپىسىدا گېرمانىيە ئىنقىلابچىسى كارل لىبكنىخت گېرمانىيە پارلامېنتىدا ئۆزى يالغۇز ئۇرۇشقا قارشى ئاۋاز بەرگەن. برونو كوپېرنىكنىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى» نى قوغداش يولىدا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلۈشكىمۇ رازى بولغان. ئادەتتە بىز خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا، يىغىنلاردا ھەق ۋە ناھەق (توغرا ياكى خاتا) ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىپ، پوزىتسىيىمىزنى ئىپادىلەشكە دۇچ كېلىمىز. ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، لىللا، تۈز كۆڭۈل كىشىلەر بۇ چاغدا ئوبيېكت كىم ۋە قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەسىلە ھەققىدە ئۆز قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ چاغدا بۇنداق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە شەخسىي پايدا - زىيان ئەمەس ،بەلكى ھەقىقەتلا بولىدۇ.

ئىنسانىي غۇرۇر تۇيغۇسى بىزنىڭ قىز - ئاياللىرىمىزنى پاك، نومۇسلۇق ياشاشقا ئۈندەپ، ئار - نومۇسنى جان تىكىپ قوغدايدىغان قىممەتلىك پەزىلەتنىڭ مەنبەسىدۇر. قەۋمىمىزدىن تارىختا تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان قەھرىمانىمىز نوزۇگۇم،تۈركىيە يازغۇچىسى ئۆمەر سەيفەتتىننىڭ «ئاق لالە» ھېكايىسىدىكى تۈرك قىزى لالە ۋە باشقا يەنە مۇشۇ دەۋرىمىزدە پاك، نومۇسلۇق ياشاشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئۆزلىرىگە قەست قىلماقچى بولغان رەزىللەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان قىز - ئاياللىرىمىز ھەقىقەتەن ئىنسانىي غۇرۇر بىلەن ۋىجدانىي ياشاشنىڭ نامايەندىسى.

غۇرۇر بىلەن ياشاش— ئەقىل بىلەن ياشاش، پەزىلەت بىلەن ياشاشتۇر. بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچى قىزىمىز مۇيەسسەر ئابدۇراھەت (خەندان)نىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىل 3 - سانىغا بېسىلغان «قانداق قىلىپ ئۆزۈمنى باقالىدىم» دېگەن ماقالىسى بۈگۈنكى ھالىتىمىزدە تۆت كوچا ئېغىزىغا كېلىپ، قاياققا مېڭىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتقان ياشلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئەمەلىي دەرسلىك ئىكەن. ياشلار مۇقەررەر دۇچ كېلىدىغان تىرىكچىلىك تاللىشىدا ئەگەر دەسلەپكى بىر قەدەم خاتا بېسىلىپ قالىدىكەن، ئۇ كېيىن ئېلىپ كېلىدىغان زەنجىرسىمان سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. ھەتتا بىر ئۆمۈر ياشلىق ئىستىقبالىنىڭ نابۇت بوپكېتىشى، ئاتا - ئانىلارنىمۇ تۈگمەس دەردكە قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا «كېيىنكى پۇشايمان، ئۆزىگە دۈشمەن» بوپقېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن خۇددى مۇيەسسەر قىزىمىزدەك غۇرۇرنى چىڭ ساقلاپ، ئۆز ئىشلىرىغا ئەستايىدىل، سالماق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، تەمكىنلىك بىلەن تاللاپ، جۈرئەتلىك بولۇپ، پەزىلەتلىك ياشاشنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلالايدىغان بولسىلا، نۇرانە ھاياتنىڭ داغدام يولىغا چوقۇم چىقالايدۇ.

غۇرۇر ئىگىلىرى ھەققانىيەتتە تەشەببۇسكار، تەمەخورلۇق كېسىلىدىن خالىي كېلىدۇ. ئەگەر سىز ئاممۋى سورۇنلاردا ئوغرىلىق قىلغانلارنى كۆرسىڭىزمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالسىڭىز، بىشەم - زوراۋانلار بىلەن مۇناسىپ ئېلىشىش ئورنىغا ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالسىڭىز، ئەقەللىيسى، ئۆزىڭىزنىڭ جانجان مەنپەئىتىڭىز بىھۇدە دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسىمۇ، ئۇنى قوغداشقا ئۇرۇنمىسىڭىز، كوللېكتىپ بېجىرىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىپ، باشقىلارنىڭلا خاپىلىقىغا قېلىشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، بۇ سىزدىكى غۇرۇرنىڭ تولىمۇ زەئىپ، ھەتتا ئۆلۈكلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى تونۇشنى خالىماسلىق، ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمەسلىك ئۆز - ئۆزىنى خارلىغانلىق، ئۆزىنى ئۆزى پەسلەشتۈرگەنلىك بولۇپ، ئۆز غۇرۇرىنى ئۆزى دەپسەندە، دەپنە قىلىۋەتكەنلىكتۇر.

ئىنسان غۇرۇرى شۇنداق بىر ئۇلۇغ قۇدرەتلىك كۈچكى، ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئىنسان چۈشىنىپ يېتىش تەس بولغان غايەت زور روھىي پارتلاشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ھاياتنى بەدەل قىلىشقىمۇ تەييار تۇرىدىغان قەھرىمانلارنى يارىتىدۇ. مىللەتنىڭ غۇرۇرى، ۋەتەننىڭ غۇرۇرى دېگەن ئۇقۇملار دەل ئەنە شۇنداق روھ ئىگىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا قارار تاپىدۇ. بۇنداق يارقىن روھنىڭ رەمزى (سىمۋولى) سۈپىتىدە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 - يىل 6 - سانىغا بېسىلغان «ئۈچ پۇتلۇق (داڭقان) تەپەككۇر ئۇسۇلى» دېگەن ماقالەمدىن مۇنداق ئىككى مىسالنى كەلتۈرىمەن.

1. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە ئىشغالىيىتىدىكى گرېتسىيىدىن بىر گرېتسىيىلىك ئالىم بىلەن يەنە بىرەيلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئۇلار چېگرىغا كەلگەندە چېگرىنى قامال قىلىۋالغان گېرمان ئەسكەرلىرى گېرمانىيىلىكلەر بولسا ئۆتكۈزۈپ، باشقىلارنى گۇمانلىق دەپ قاراپ، شۇ يەردىلا ئېتىۋەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا ئالىمنىڭ ھەمراھى «سىز گېرمان تىلىنى گېرمانلاردەك سۆزلىيەلەيسىز. ئۇلار سورىغاندا ئۆزىڭىزنى گېرمان دەڭ» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ئەمما نۆۋەت بۇ ئالىمغا كەلگەندە، ئالىم مىللىي روھنى ئۆلۈمدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. ئۇ، تەنتەنىلىك ھالدا «مەن گرېتسىيىلىك» دەپ

جاكارلاپ، بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدۇ.

2. چاررۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى پولشىنىڭ بىر داڭلىق مۇزىكانتى تەكلىپ بىلەن چار پادىشاھ ئوردىسىدا رويال چېلىپ قالتىس ئالقىشقا ئىگە بولىدۇ. مۇزىكا تەسىرىدە قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن چار پادىشاھ مۇزىكانتنى ماختاپ «بىزنىڭ رۇسىيىلىك» دەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا مۇزىكانت پادىشاھقا قىلچە پىسەنت قىلماي «مەن پولشىلىق» دەپ شۇ سورۇندىلا چار پادىشاھنى ئوسال قىلىدۇ. مانا بۇنداق تەڭداشسىز، يېگانە پرىنسىپال ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى نەدىن كەلگەن؟ ئەگەر ئۇلارنىڭ كېيىندا ئەنە شۇنداق مەغرۇرانە غۇرۇر بالقىپ تۇرمىغان بولسا، ئۇلار ئۆلۈم دەھشىتىگە ئۇدۇل قاراپ بارالامتى؟

يىغىپ ئېيتقاندا «غۇرۇر» ئار- نومۇسنىڭ مەنبەسى، ئىنسانىي شىجائەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى، ئىنسانىيلىق تارازىسى، سىناق تېشىدۇر. بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە باھاغا ئىگە قىلايلى.

ئەمدى «روھىمنى ئۆزگەرتكەن بىر شېئىر» — «غۇرۇرۇم»غا باغلىق بولغان غۇرۇرنىڭ يۇقىرىقى بايانى بىلەن گىرەلەشكەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كۈچى ۋە تەسىرى ھەققىدە بىر ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن پىكىر- قاراشلىرىمنى ئورتاقلاشماقچىمەن.

مەلۇمكى، مەتبۇئاتلاردا ھەركۈنى كۆپلىگەن خەۋەر، ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر ئېلان قىلىنىدۇ. بەزى ئەدىبلىرىمىز پۈتكۈل ئۆمرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ مىڭلاپ شېئىرىي مىسرا پۈتكەن، ئونلىغان، يۈزلىگەن ھېكايە- پوۋېست يازغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىنتايىن جاپالىق، ئۇلۇغ ئەمگەك، ئەلۋەتتە. ئەمما، نېمىلا بولمىسۇن بۇ بىر سان. سان ھەرگىزمۇ سۈپەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇڭا تارىختىن بۇيان مەيلى بىزدە ياكى باشقا ئەللەردە سانسىزلىغان ئەدىب ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسمى يولدىن ئۆتۈۋاتقان ئادەتتىكى سەيياھ- يولۇچىلاردەك تېزلا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىڭ نامى ئەسەرلىرى بىلەن بىللە تارىخنىڭ قۇم- بورانلىق ئېقىنلىرىدىن ئامان- ئېسەن ئۆتۈپ، ساقلىنىپ، دىللاردا يادلىنىپ كەلدى. دېمەك، گەپ ساندا ئەمەس بەلكى جەريانلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان سۈپەتنىڭ كۈچىدە. سىز بەئەينى بىر نۇقتا ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىدىغان جۇۋازچىنىڭ كالىسىدەك ئونلاپ، يۈزلەپ ئەسەرگە سەرپ قىلغان قۇۋۋىتىڭىزنى يىغىپ، كىشىلەر «ۋاھ» دېگۈدەك بىر پارچىلا ئەسەرگە سەرپ قىلسىڭىز، ئاشۇ بىر پارچە ئەسىرىڭىز سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاردۇقىڭىزنى چىقىرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاچقان يېرىگە بارغان روھىي ئوزۇق سىزنىمۇ تۆۋەتتە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشتۈرىدۇ. بىز دائىم نامى بىلەن تەڭ ئۇلۇغلاپ مىسال كەلتۈرىدىغان شېئىرلاردىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىينىڭ «ئاچىل» قاتارلىق شېئىرلىرىنى، ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، غېنىزات غەييۇرانىينىڭ رۇبائىيلىرىنى بىلىمىز. يەنە مۇھەممەتجان راشىدىن، روزى سايىت، ئابلەت ئابدۇللا قاتارلىق پېشقەدەم شائىرلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىنىمۇ نامى بىلەن بىللە بىلىمىز. دېمەك سانسىزلىغان شائىر- يازغۇچى ئىچىدىن كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى، نامىنى بىلدۈرگىنى، يەنىلا ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلىگىنى بارماق بىلەن سانىغاندەكلا ئاز كىشىلەر بولدى، خالاس. بۇ بىزنىڭ ھازىرقى روھىيەت يۆلەكچى ئاۋانگارتلىرىمىز بولۇۋاتقان ئەدىب، مۇتەپەككۇرلىرىمىز ئۈچۈنمۇ، بۇندىن كېيىنكىلەر ئۈچۈنمۇ ئۆزى ۋە ئەسىرى توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىشى زۆرۈر بولغان قىممەتلىك تەجرىبە ۋە ساۋاقتۇر.

بىردەملىك، ئۆتكۈنچى ھاياجان بىلەن ئەسەر يازامدۇ ياكى يىللار ئۆتسىمۇ قىممىتىنى يوقىتىپ قويمايدىغان ئەسەر يارىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلامدۇ، بۇ تاللاشنى ئاپتورنىڭ مەنىۋى ئېنېرگىيىسى، روھىي ماھىيىتى بەلگىلەيدۇ. «غۇرۇرۇم» روھىيەتنى ئۆزگەرتەلىگەن شېئىر ئىكەن، ئۇنداقتا مۇشۇنداق كۈچكە ئىگە شېئىرنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا نېمە تۈرتكە بولغان؟ شائىرنىڭ ئۆزى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

*ئاتام بەرگەن غۇرۇر بۇ، ئانام بەرگەن غۇرۇر بۇ،*
*قان- قېنىمغا، تېنىمگە، ۋۇجۇدۇمغا سىڭگەن ئۇ.*
*ئىزان چىللاپ ئىسمىنى قويغان چاغدا بوۋاممۇ،*
*«ئوغلۇم كۆكسى- قارنى كەڭ، غۇرۇرلۇق بول» دېگەن ئۇ.*

دەرھەقىقەت، يۇقىرىدا نامى زىكىر قىلىنغان ئەجداد ئەدىبلىرىمىز بولسۇن ۋە ياكى كېيىنكىلەر بولسۇن، ھەممىسى كۈچلۈك مەنىۋى قۇۋۋەتكە ئىگە، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى مۇقەررەر نىشان قىلغان يۈكسەك غۇرۇر تۇيغۇسىغا ئىگە كىشىلەردۇر. بىز ئىنسانلار پائالىيىتىدىن بىلىمىزكى، يۈكسەك غۇرۇر تۇيغۇسىنى نامايىش قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك روشەن ئازاب تۇيغۇسىغا، ئار- نومۇس تۇيغۇسىغا ئىگە ئىنسانلاردۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋە قوۋمىنىڭ ھالىتىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ھەققانىي ھۆكۈمگە كېلىشنى بىلگەن، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلغان كىشىلەر. ئۆزىنىڭ ۋە قوۋمىنىڭ ھالىتىدىن ئازابلىنىش ھېسسىياتى، ئار- نومۇس تۇيغۇسى ئۇلارنى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىشكە ئېلىپ كەلگەندى. ئۇلار

ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ھەر تىرەپلىمە نامرات، پەس، قاششاقلىق يايمىسنى ئەمدى يەنىلا كېيىنكى ئەۋلادلارغا «مىراس» قىلىپ قالدۇرۇشنى ۋىجدانىي جىنايەت دەپ قاراپ، ئار- نومۇس تۇيغۇسى بىلەن چۆچىنەلىگەنىدى. شۇڭا ئۇلار باشقىلار قاتارى قەد كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاڭدا ئاقارتىش ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ۋەزىپە قىلىپ قويغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى قەلەمنى جەڭ قورالى قىلىپ، ئارزۇ- ئەقىدىسىنى ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرگەنىدى.

بىز ھىندىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى گەندىينى بىلىمىز. تۈركىيىنىڭ دۆلەت ئاتىسى ئاتا تۈرك غازى مۇستاپا كامالنى بىلىمىز. يەنە پرولېتارىيات يازغۇچىسى دەپ نام ئالغان رۇس يازغۇچىسى ماكسىم گوركىينى، جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ سەركىسى دەپ ئاتالغان لۇشۈنگە ئوخشاش بىر دەۋرنىڭ گىگانتى بولغان ئەدىبلەرنىمۇ بىلىمىز. بۇ زاتلار ھەقىقەتەنمۇ ئازابلىنىشنىڭ نېمىلىكىنى، ئار- نومۇسنىڭ، غۇرۇرنىڭ نېمىلىكىنى پۈتكۈل جەمئىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بىلگەن، ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملىگەنىدى.

نۆۋەتتە مەنپەئەتپەرەسلىكنى بەلگە قىلغان ۋاستىسىزلىك ئاستىدىكى تەرەققىيات ۋە پۇل تېپىش قىزغىنلىقى شەيتان لەئىنەدەك ھەر دەقىق بىزنى ئېزىقتۇرۇپ، شەخسىيەتچىلىكنىڭ ۋاستە تاللىمايدىغان تۇيۇق كوچىسىغا باشلاپ، غايە، ئىرادىمىزدىن ئايرىۋېتىپ، ئىنسانىي غۇرۇرىمىزنى سۇندۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنماقتا. شۇڭا ئىنسانىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ھايۋانىيلىقنى يىتىم قالدۇرۇش، جەمئىيەتنى ئەقەللىي ھەققانىيەت ئۆلچىمىدە تۇرىدىغان پائالىيەت سورۇنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كۈچ قوشۇش بىزنىڭ غۇرۇرلۇق ئەدىبلىرىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ئومۇمەن ئېيتقاندا، غۇرۇر ۋەزنى ئېغىر ئۇقۇم، ئۇنى ھەقىقىي چۈشىنىش ھەقىقەتنى چۈشىنىش بىلەن ئوخشاش دېگەنلىكتۇر. غۇرۇر ئىنسانىي تەلەپ، ئۇ بىر تۈرلۈك ئالىيجاناب ھېسسىيات، ئېتىخار تۇيغۇسىدۇر، مۇھەببەت- نەپرەتنى ئېنىق ئايرىشنىڭ سىناق تېشىدۇر. ئازابلىنىشنى بىلىش، كرىزىس تۇيغۇسىدا بولۇش شۇ شەخستىكى غۇرۇرنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى مەۋجۇدلۇقى. ئۇ، ئىنسان ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن ئۇلۇغۋار قۇدرەتلىك بۆسۈپ چىققۇچى كۈچ.

نىھايەت، شەخسنىڭ ئۆزلۈك غۇرۇرى، ئائىلە ۋە قوۋمنىڭ غۇرۇر ئېكىنى ئۈيغىتىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، رەزىللىكنى تىزگىنلەپ، ئىنسانىيلىقنى ئومۇمىي ھالغا ئايلاندۇرۇش يەنىلا مەلۇم مەنىدە «غۇرۇرۇم» دەك نادىر ئەسەرلەرنى يېزىشنى بۇرچ قىلغان مەسئۇلىيەتچان مەنىۋىيەت ئاۋانگارتلىرىنىڭ ئىزچىل، قىممەتلىك ئەمگىكىگە باغلىق.

2009- يىل 1- ئىيۇل، شەھرى غولجا

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر ستالىن غەربىي يولى 6- يان كوچا 15- نومۇرلۇق قورۇدا، شەھەر پۇقراسى

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم- فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قىۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى- ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى- ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز- جۈملىلەر گرامماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، يېزىلغان كىتاب، گېزىت- ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت- ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇلۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا- قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان- رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر- جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




## ئىلاۋە:

ئىككى يىل ئىلگىرى پېشقەدەم شائىر، ئىجتىھاتلىق ئەدەبىي تەرجىمانىمىز ئىمىن ئەھمىدىي ئەپەندىنىڭ يەنە بىر يىرىك ئەدەبىي تەرجىمىسى ــ «بۆرە توتېمى» («狼图腾») رومانى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەزكۇر كىتابنىڭ خەنزۇچىسى 2004 ـ يىل ئاپرېلدا تۇنجى قېتىم نەشىردىن چىققاندا خەنزۇ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ناھايىتى بازار تاپقان ھەم كەسكىن بەھس ـ مۇنازىرە قوزغىغانىدى. مەزكۇر رومانىنىڭ ئۈرۈمچى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدىكى سېتىلىش مەنزىرىسى دىققىتىمنى قوزغىغانىدى، مەنمۇ بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىن بىرنى سېتىۋالدىم. سېتىۋالغىنىم، كىتابنىڭ 2005 ـ يىل ئاۋغۇستتىكى 13 ـ نەشرى ئىدى. دېمەك، «بۆرە توتېمى» ئاز كەم بىر يېرىم يىلنىڭ ئىچىدە 13 قېتىم نەشر قىلىنىپ بولغانىدى.

ئەسلىدە «بۆرە توتېمى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن بىرەر ئىلىم ئورگىنى ياكى تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ياكى قوش تىل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىنكاسىنى قوزغىشى كېرەك ئىدى. مەخسۇس كىتابنىڭ نىيىتىنى يەيدىغان نەشرىيات ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى بولسىمۇ كىچىكرەك دائىرىدىكى ئىلىم سۆھبىتى ئۇيۇشتۇرسا نورمال بولاتتى.

ئەپسۇسكى، تەرجىمانىنىڭ مېھنىتى، رومانىدىكى غۇلغۇلىغا سەۋەبچى ئىدىيىلەر ئۇيغۇرلاردىكى بىتەرەپ تىرىكچىلىك پەلسەپىسىنىڭ سۈكۈناتلىرىغا غەرق بوپكەتتى.

«بۆرە توتېمى» قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە چەت ئەللەرگىمۇ يۈزلەندى. قىزىق يېرى شۇكى، مەزكۇر رومانىنىڭ ھەر خىل تىلدىكى بازىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلارنىڭ سۈركىلىشلىرى ئىچىدە ئىزچىل كېڭىيىپ باردى. ھېس قىلىشىمچە، رومان ھەققىدىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش پىكرىدىن تەنقىد پىكىرلىرى كۆپ بولدى. لېكىن، رومان ئەنە شۇ تەنقىدىي پىكىرلەر ئارىسىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ ئۆزىگە تارتتى. كۆزەتكىنىمدە، بەزى تەنقىدلەردە مىللەتچىلىك خاھىشلىرى خېلى روشەن بولغان. بەزى تەنقىدلەر مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي ھالىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلغان، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات تەنقىدچىسى لى جيەنجۈننىڭ «ئەدەبىياتتىكى فاشىزم» ناملىق ماقالىسى «بۆرە توتېمى» نىڭ ئاپتورى جياڭ رۇڭ ئەپەندىگە خېلى قاتتىق تەگكەن ماقالىلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك يوقاپ كەتتى دەپ ئەپسۇسلىنىۋاتقان مۇشۇ ۋاقتىمىزدا لى جيەنجۈننىڭ ماقالىسى ۋە جياڭ رۇڭنىڭ مۇخبىر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى ئالدىمىزدا كەسكىن مۇنازىرە كەيپىياتىنى نامايان قىلىپ، بارا ـ بارا تىمتاسلىشىپ كېتىۋاتقان ئەدەبىيات قوشۇنىمىزغا ئويلىنىش ئېلىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس. ئاچچىق گەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ھەقىقەت بولۇشى ناتايىن، لېكىن

ئەدەبىيات دۇنياسىدىكى پاراڭلار

ئاچچىقتىن خالىي ھەقىقەت بولمايدۇ. بەزىدە تەنقىدنى قارشى ئالالايدىغان مەردانىلىك، تەنقىدچىلەرنى كەچۈرەلەيدىغان ئەركەكچىلىك، تەنقىدچىلىككە ئىلھام بېرەلەيدىغان مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە تەنقىدنى پرىنسىپسىزلاشتۇرمايدىغان تەنقىد ئەخلاقى بارلىققا كەلمىگۈچە، ئەدەبىياتىمىز قىزىمايدۇ.

مېنىڭچە، لى جيەنجۈننىڭ ماقالىسىنى ئىلمىي سوغۇققانلىق تېپىدىكى ماقالە دېگىلى بولماس، ئەكسىچە، ئۇنى جۇڭگوچە قىزىققانلىق تېپىدىكى ماقالە دېسە بولىدۇ. ئەمما، يازغۇچى جياڭ رۇڭنىڭ مۇخبىر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى ئاشۇ ماقالە بىلەن يانمۇ - يان قويغىنىمىزدا، ئاپتورنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى درامىتىك كەيپىياتنى ئوچۇقراق كۆرۈپ يېتەلەيمىز. «مۇنازىرە مەلۇم بىر ئەقلىي ئەمگەكنىڭ تويى» دېگەن قاراش بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ۋە مۇھەررىرلىرىمىز تەرىپىدىن تەبىئىي قوبۇل بولۇشى كېرەك.

# ئەدەبىياتتىكى فاشىزم

## لى جيەنجۈن

1934 - يىلى لۇشۈن ئەپەندى «ئەكېلىشىپەرۋەرلىك» دېگەن ماقالىسىنى يازغانىدى. ئۇ، كونا پەرەسلىك ۋە كۆرەلمەسلەرچە «ئاپىرىشپەرەسلىك» كەيپىياتىدىن ئاغرىنىپ، باتۇرلۇق ۋە كەمتەرلىك بىلەن باشقىلاردىن ئۆگىنىشنى، قىسقىسى، «ئەكېلىشىپەرۋەرلىك» نى تەشەببۇس قىلغانىدى.

بۇ مەشھۇر ماقالىسىدا لۇشۈن جۇڭگونىڭ ئۆزىمۇ بارمايدىغان، ياتلارنىمۇ كەلتۈرمەيدىغان بېكىنمىچىلىك خاراكتېرىنى تەنقىد قىلغانىدى. توپ - زەمبىرەكلەر جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزىمۇ تالاي قېتىم مىخقا ئۇسكەندىن كېيىن جۇڭگولۇقلار سىپىي ئۆزىدىن «ئاپىرىشپەرۋەر»گە ئايلىنىپ كەتتى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئالساق، يېقىندىن بېرى بىر قىسىم ئاسار ئەتىقىمىزنى پارىژ كۆرگەزمىسىگە ئاپىرىپ بەردۇق، ئەمما، كېيىن ئۇلارنىڭ قانداق بوپكەتكەنلىكىنى ئۇقالماي قالدۇق. يەنە بىر قانچە «ئۇستاز»ىمىز بىر نەچچە پارچە قەدىمكى ۋە يېڭى رەسىمنى ياۋروپادا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ شان - شەرىپىمىزنى ئاشۇرماقچى بولدى. بىراق، بەزىدە «بار تاۋۇقىم - يان تاۋۇقىم» دەيدىغان قائىدىگە ئاساسەن «ئەكەل!» دېيەلەيدىغان ئادەم قالمىدى. شۇڭا (ئۆز ۋاقتىدا) لۇشۈن مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردە ‹بېرىش› توغرۇلۇق ئارتۇق گەپ قىلغۇم يوق، بۇ ھەقتە گەپ قىلغۇدەك زامانغا ئەگىشەلمەي قالىمەن. مەن پىخسىقراق بولۇپ، ‹بېرىش› بىلەن بوپكەتمەي، ‹ئەكېلىش› نىمۇ بىلىشنى تەكىتلەيمەن. ئىشقىلىپ، بىز ئەكېلىشىمىز كېرەك. بىز ئۇنى ئەكەلسەك يا ئىشلىتىمىز، يا ساقلاپ قويىمىز، يا بۇزۇۋېتىمىز. خوجايىن يېڭى بولغاندىلا ئۆيمۇ يېڭى بولىدۇ. ئەكېلىدىغان ئادەم ئاۋۋال سالماق، باتۇر، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، خالىس بولۇشى كېرەك. ئەكەلمىگەندە ئادەم ئۆزىچە يېڭى ئادەم بوپقالمايدۇ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتمۇ يېڭىلانمايدۇ».

بەلكىم، «ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى» دەيدىغان مەغرۇرلۇق قۇتراتتى بولغاي ياكى «كىچىكلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق» يوقىمىدى بولغاي، ئۆزۈندىن بېرى «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلايلى» دېگەندەك ئۇلۇغ گەپنى قىلىپ قويۇشتىن ھەمدە سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ «ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى»دىكى قېرىنداشلارغا سوۋغۇتۇپ بېرىشتىن باشقا، «ئەكېلىشىپەرۋەرلىك»كە كەمتەرلىك بىلەن يۈزلىنىپ باقمىدۇق.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھۋالىمىز سەللا ياخشى بوپقالسا كۆرەلمىگىلىكىمىز قايتىۋاشتىن تۇتۇپ كېتىپ، «ئاپىرىشپەرۋەرلىك» ھاياجىنىمىز قوزغىلىپ قالىدۇ. جى شيەنلىن ئەپەندى «پەش - ئېتەكلەر ياقا بولدى، ياقىلار ئېتەك» دېگەن مەنىدە بىر گەپنى قىلغانىدى. ئۇ، 21 - ئەسىرنى جۇڭگو مەدەنىيىتى دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان دەۋر دەپ قاراپ، مەدەنىيىتىمىزنى دۇنيا خەلقىگە يەتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت «ئاپىرىشپەرۋەرلىك» چاقىرىقىنى ياڭراتتى. خەلق ئىچىدە «ئۆزۈڭ ماختىساڭ ھېساب ئەمەس، خەق ماختىسا ھېساب» دېگەن گەپ بار. ئەگەر بىرەر مەدەنىيەت راستىنلا ياخشى بولىدىكەن، ئاۋارە بولۇپ باشقىلارغا ئاپىرىپ بېرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى، ياخشى نەرسىنى كىشىلەر رەھمەت - ھەشقاللا بىلەن ئۆزلىرى ئېلىپ كېتىدۇ.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا باشقىلارغا زورلاپ بەرگۈدەك تۈزۈك نەرسە يوق. ئارىمىزدىكى «مەشھۇر ئەدىبلەر» نىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ باشقىلارغا بەرگۈدەكلىرى يوق، بەلكى، باشقىلار ئەدەپ - قائىدە ياكى قىزىقىشنىش يۈزىسىدىن ئەكەتمەكچى بولسا، بىز راستىنى ئېيتىپ، «بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە نامىغا تۇشلۇق تەم يوق، ئۆزىچىلىك قىلىپ كەتكىلى بولمايتتى» دېيىشىمىز كېرەك ئىدى. ئاشۇ قوپال ئەسەرلىرىمىزگە ئۆزىمىز مەستانە بولساق بولىدۇ. يۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، چاۋىمىزنى چىتقا يېيىپ يۈرمىگىنىمىز تۈزۈك.

بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئاپىرىشپەرۋەرلىك ئۇرۇنۇشلىرىمىزنىڭ ئاز - تولا ئۈنۈمى بولدىمۇ - قانداق، چەت ئەللىك بىر قانچە دوست توساتتىنلا زامانىمىز ئەدەبىياتىغا قىزىقىدىغان بوپقاپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چۈشمىگىنى

ئۆزىمىزنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتىپ كەتمىگەن نەرسىلەر ئىدى. باشتا ساۋنەيچيەننىڭ ئەسىرى شۆھرەتسىيلىك مايۆرەن دېگەن جانابنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنى ھەم ھاياجانلاندۇردى ھەم خىجىل قىلدى. ھاياجانلانغانلار «بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ھەتتا نوبېل مۇكاپاتى باھالىغۇچىلىرىنىڭ خاسىيەتلىك كۆزلىرىگە چېلىقىپتۇ» دېيىشتى. خىجىل بولغانلار «ئانا- بالا، ئاكا- ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەشۇ بولمىغۇر ئىشلاردىن ئۆزىمىزمۇ ئۇيۇلاتتۇق ئەمەسمۇ» دەپ قېلىشتى. كىشىنى ئەڭ خىجىل قىلىدىغىنى، ساۋ نەيچيەننىڭ سەھرا تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەسىرى بولماستىن، بەلكى «بۆرە توتېمى» دېگەن كىتابنىڭ خەلقئارا بازاردا يۈز تېپىشى بولدى.

«جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىنىڭ 2008- يىل 2- ئاپرېل سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، «پىنگۋىن» نەشرىياتى گۇرۇھىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى (Peter Field (CEO بېيجىڭ 2007- يىللىق خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىدە «بۆرە توتېمى» «پىنگۋىن»نىڭ 2008- يىلدىكى ئەڭ مۇھىم كىتابى بولۇپ، ئىككى مىليوندىن ئارتۇق سېتىلىشىغا ئىشەنچىمىز بار دېگەنىكەن.

بۇ خەۋەر مېنى بىئارام قىلدى. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئەسەر بىزگە قىزىقىدىغان چەت ئەللىكلەرگە خاتا ئۇچۇر بېرىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى ۋە چۈشەنچىسىنى خاتا يېتەكلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاڭلىشىمچە، جۇڭگولۇق ئەرلەر ئۆرۈمە چاچ (Pigtail توڭگۇز قۇيرۇقى) قويىدۇ، توقاللىرى بىلەن رومانتىك ياشايدۇ، ئاياللىرى پۇتىنى بوغۇپ، چىمدىپ دەسسەپ ماڭىدۇ دەيدىغان ئەجنەبىيلەر ھازىرمۇ بار ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ «بۆرە توتېمى»نى ئوقۇغاندىن كېيىن «سوتسىيالىزم» بۆرىلىرى بىلەن «كاپىتالىزم» بۆرىلىرىنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئېتىقادى ئوخشىمايلا قالماستىن، جۇڭگودىكى بۆرىلەر تەربىيىلەپ، ئۆزگەرتىپ يۇرمىسىمۇ شەخسىيەتسىز ئىنتېرناتسىئونالىزم جەڭچىسى بولۇپ، ئادەم يېيىشنىڭ ئورنىغا ئادەملەرنى سۆيىدىكەن، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىشنىڭ ئورنىغا، چوغنى ئاتايىتەن باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىدىكەن، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغاپلا قالماي، يەنە ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىكەن دەپ چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. قارائىلار، «بۆرە توتېمى»دىكى بۆرىلەر كەپتەردىنمۇ يېقىملىق، قويدىنمۇ ياۋاش ئىكەن، تېخى ئۇلاردا باتۇرلۇق، ئىنتىزامچانلىق، قۇربان بېرىش روھىدىن ئىبارەت ھەربىي ئەخلاقمۇ بار ئىكەن.

ئىشەنمىسەڭلار، «بۆرە توتېمى»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتقانلىرىغا زەن سېلىپ بېقىڭلار.

جياڭ رۇڭ «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرىغا جاۋاب بەرگەنىدە مۇنداق دېگەن: «يايلاق مىللەتلىرى بۆرە بىلەن كۆرەش قىلىپ ئەقىل- پاراستى، خاراكتېرى ۋە سەۋر- تاقىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۆرىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ھەمىشە ئۇلارغا تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ. يايلاقتا ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بۆرە، بۆرىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئادەم. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ھەقتىكى ھېكايىلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەن نېمىشقا يايلاق مىللەتلىرىنى ھەربىي مىللەت دەپ قارايمەن؟ چۈنكى ئۇلار ئالاھىدە ھوشيار بولۇپ، كېچە- كۈندۈز سەگەكلىكتە چېنىقىدۇ. بۆرىلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك رولىنى مەن كىتابتا ئېنىق يازدىم. مېنىڭ يازغىنىم سىلەر كۆرۈپ باقمىغان بۆرە. بۆرە پەقەتلا ۋەھشىي نەرسىمۇ؟ بۆرىنىڭ خاراكتېرىدە يەنە ياخشىلىق، مۇلايىملىق، يايلاقنى ئاسرايدىغان تەرەپلىرىمۇ بار.» پاھ، ئۇ يازغان بۆرىنى بىزمۇ كۆرمىگەن يەردە، چەت ئەللىكلەر قانداقمۇ كۆرسۇن.

«بۆرە توتېمى»نىڭ ئاپتورىنىڭ قارىشىچە، غەربلىكلەر گەرچە ئۇلۇغ جۇڭگو بۆرىلىرىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ روھىي مەنبەسى دەل مۇشۇ يايلاق بۆرىلىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىلىق يازغۇچىلار ھەم مۇخبىرلاردىن «بۆرە توتېمى»نى ئوقۇغاندىن كېيىن، كىتابتا تەسۋىرلەنگەن يايلاق مەدەنىيىتىنى غەربكە يېقىن ھېس قىلدىڭلارمۇ ياكى جۇڭگوغا يېقىن ھېس قىلدىڭلارمۇ دەپ سوراپتىكەن، ئۇلار غەربكە يېقىن ھېس قىلدۇق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. جياڭ رۇڭ كېيىن باشقىلارغا يەنە «مېنىڭ بۇ رومانىم نېمىشقا غەرب بىلەن شەرقتە ئومۇميۈزلۈك ئالقىشقا سازاۋەر بولدى؟ چۈنكى مېنىڭ يازغىنىم جۇڭگونىڭ ھېكايىسى، غەربنىڭ روھى» دەپتۇ.

ئەسلي مۇنداق ئىكەنده!

ئەسلىدە «بۆرە توتېمى»نىڭ كۈچ سەرپ قىلىپ ئىپادىلىگىنى جۇڭگونىڭ يايلاق مەدەنىيىتى روھى بولماستىن «غەربنىڭ روھى» ئىكەن ئەمەسمۇ!

ئەسلىدە يايلاق مەدەنىيىتى بىر بەلگە سۈپىتىدە «بۆرە توتېمى»نىڭ ئاپتورىنىڭ غەرب روھىنى تەرغىب قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قاپتىكەن- دە!

بىراق، «بۆرە توتېمى»دا ئىپادىلەنگىنى غەربنىڭ روھىمۇ ئەمەس، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەرغىب قىلغىنى غەربتە ئاللىبۇرۇن جۇلقىپ چىقىپ مەدەنىيەت، يەنى نېچشېنىڭ ئاۋامغا قارشى قويغان «ئۈستۈن ئادەم» (بەزىلەر «كامىل ئىنسان» دېيىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، خەنزۇچە، «超人» دەپ ئېلىنىدۇ) پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قانداش بولغان فاشىزم مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. نېچشې «ئۈستۈن ئادەم» نى ئادەتتىكى ئادەمگە قارشى قويىدۇ. ئۇنىڭچە، «ھوقۇق ئىرادىسى (كۈچ ئىرادىسى) ھەر قانداق يول قويۇشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچتىن كەلگەن ۋە كۈچنى يۈكسەلدۈرىدىغان ھەر قانداق نەرسە ياخشى، ئاجىزلىقتىن كەلگەن ۋە كۈچنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەر قانداق نەرسە يامان»[1]. بىراق، راسىل ئېيتقاندەك، نېچشې ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىسى كىشىنى بىزار قىلىدۇ.

ساندىن مەلۇم بولۇشىچە، گېرمانىيىلىك خەنزۇشۇناس گۇبىلك «بۆرە توتېمى»نى مۇنداق تەنقىدلىگەن: ئەگەر بۇ رومان گېرمانىيىدە بولسا كىشىلەر تەرىپىدىن «فاشىست» دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى. بۇ باھا «بۆرە توتېمى»نىڭ ئاپتورىنى غەزەپلەندۇرۇۋەتكەن:

«‹فاشىزم› دېگەن ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى›چە قالپاقتا مېنىڭ ئىنكاسىم مۇنداق: گۇبىڭ ئەپەندى ‹فاشىزم›نىڭ نېمىلىكىنى ئانچە ئۇقمايدىغان ئوخشايدۇ. فاشىزم دېگەن نېمە؟ فاشىزم دېگەن ئۆز مىللىتىنى ئۇلۇغلاپ، باشقا مىللەتلەرگە تازىلاش ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدىغان سىياسەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتكە قارشى مۇستەبىتلىكتۇر. فاشىزم ئۆز مىللىتىنى دۇنيادىكى ئەلا مۇنەۋۋەر مىللەت دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، باشقا مىللەتلەرنى تۆۋەن دەپ كەمسىتىدۇ. ئۇلارچە، بۇ ‹مۇنەۋۋەر› مىللەت ‹تۆۋەن› مىللەتنى خالىغانچە قىرىۋېتىپ، يەر- زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە مۇتلەق بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن، مەن ‹بۆرە توتېمى› دېگەن رومانىمدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە تەنقىد يۈرگۈزدۈم، خالاس. مېنىڭ قارىشىمچە، خەنزۇلارنىڭ خاراكتېرىدە چوڭ كەمتۈكلۈك بار بولۇپ، ئۇلار ‹قوي› ۋە ‹ئۆي ھايۋىنى› خاراكتېرىدىكى مىللەت. ئەجەبا، ھىتلېر فاشىستلىرى گېرمان مىللىتىنى ‹قوي› دەپ ئەيىبلىگەنمىدى؟ يەنە كېلىپ ‹بۆرە توتېمى›دا مەن يايلاق مىللەتلىرى بىلەن خەنزۇ مىللىتىنى قېرىنداش دەپ سۆپەتلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشىنى، ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەتنى تەشەببۇس قىلدىم. كىتابتا، چارۋىچىلار خەنزۇ زىيالىي ياشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتى ھەم دوستى قاتارىدا كۆرىدۇ، خەنزۇ ياشلارمۇ موڭغۇل قېرىلارنى ‹ئاپا›، ‹دادا›دەپ چاقىرىدۇ. ئەجەبا، فاشىستلارنى‹دادا› دەپ چاقىرغانمىدى؟ چارۋىچىلار بىلەن كەلگۈندىلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت توقۇنۇشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قان تۆكۈلۈش بولمىغان، ئىرقىي تازىلاش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق تېخىمۇ بولمىغان. روشەنكى، ‹بۆرە توتېمى› فاشىزمغا تامامەن ئوخشىمايدىغان ماھىيەتكە ئىگە. ئەجەبا، گېرمانىيە فاشىزمنى ئوبدان چۈشىنىدىغان گۇبىڭ مۇشۇنچىلىك پەرقنى ئايرىيالماسمۇ؟ ئەكسىچە ئۇ باشقىلارنى فاشىزم نامى بىلەن قارىسىغىلا ئەيىبلىدى. ئەگەر بۇ ئىشنى گېرمانىيە قانۇن سىستېمىسىغا قويساق، بۇ پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭ نام- شەرىپىگە دەخلى قىلىش جىنايىتىگە ياتىدۇ. مەن گېرمانىيە سوت كوللېگىيىسىگە ئەرز قىلىش ھوقۇقۇمنى ساقلاپ قالىمەن.»[5]

«بۆرە توتېمى» نىڭ ئاپتورى گۇبىڭنى فاشىزمنى چۈشەنمەيدىكەن دېيىشىدە نېمە ئاساس باردۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ فاشىزمغا بەرگەن ئېنىقلىمىسىمۇ چالا. چۈنكى، ئۇ پەقەت ئالاھىدە شەكىلدىكى فاشىزم ھەققىدە گەپ قىلغان.

«چۈنكى ئۇ مەنمەنلىكنى مەجبۇرىيەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ئۇ، ئىنچىلا ئىستېلاچىلارغا چوقۇنىدۇ. ئەمما بۇ ئىستېلاچىلارنىڭ شان- شەرىپىدە كىشىنى ھالاك قىلىدىغان زېرەكلىك بار. نېچشې ئومۇمىي مۇھەببەتنى كەمسىتىدۇ، ئەمما، مېنىڭچە ئومۇمىي مۇھەببەت (مېھرىبانلىق) دەل مەن ئارزۇ قىلىدىغان ئىشلارنىڭ تۈرتكىسى».[2] مەنپەئەتپەرەسلىك راسا ئەۋج ئالغان بۇ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە بىز مېھرىبانلىقنى تېخىمۇ تەكىتلىشىمىز كېرەك. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ مەۋجۇدلۇقىدىكى ماھىيەتلىك پەرقلەرنى تېخىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك. بولمىسا جەمئىيىتىمىز مالىمانچىلىققا پېتىپ قالىدۇ، كىشىلەر بىخەتەرلىك كاپالىتى يوق بولغان قورقۇنچلۇق مۇھىتقا كىرىپ قالىدۇ. ئاقىۋەت خۇددى ھولباخ ئېيتقاندەك «ھەممە ئادەم بىر- بىرىنى دۈشمەن كۆرىدىغان بولىدۇ، ھەممە ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ياشاپ، باشقىلارنى ئويلىمايدىغان بوپقالىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆز نەپسىنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ، ئىجتىمائىي مەنپەئەتكە قارىمۇ- قارشى بولغان تار شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈنلا باش قاتۇرىدۇ. ئادەم ئادەمگە چىلبۆرە بولغان ئاشۇ دەۋر يېتىپ كەلگەندە، جەمئىيەت ئەزاسى سۆيىدىكى ئادەم تاغ- ئورمانلاردىكى ياۋا ئادەملەردىنمۇ بەكرەك بەختسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ».[3]

«بۆرە توتېمى» گەرچە بۇ مەنپەئەتپەرەسلىك دەۋرىنىڭ قىممەت قارىشىغا مۇناسىپ كەلسىمۇ، كىشىلەرنىڭ پۇل ۋە ھوقۇق نەپسىنى قاندۇرۇشىغا روھىي مەدەت بەرگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ھاۋايۇ- ھەۋەسلىرىنىڭ قوبۇل بېرىلىشىگە ئەخلاقىي دەستەك بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما، ھەرگىزمۇ جۇڭخۇانىڭ مىللىيىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىشەنچلىك ئېتىقاد مەنبەئى بولالمايدۇ، شۇنداقلا دۇنيا خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئاكتىپ تەسىرمۇ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئىنسانىيلىق ۋە مەدەنىيەتكە زىت بولغان ئەخلاقتۇركى، پەقەت مالىمانچىلىق پەيدا قىلىش، بىزنى بالا- قازاغا تىقىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ.

شۇڭا مەن «بۆرە توتېمى»نى تەنقىدلىگەن بىر پارچە ماقالەمدە، بۇ رومان «بۆرىگە ئۇلۇغۋار روھ ۋە پەزىلەت ئاتا قىلىش ئارقىلىق پۇچەك كۇلتۇرەل ئوتوپىيىنى قۇرۇپ چىقماقچى بولغان. بۇ بىر خىل تاجاۋۇز خاراكتېرىدىكى ۋە فاشىزم كەيپىياتىدىكى مەدەنىيەت ۋە قىممەت قاراشنى تەشەببۇس قىلغانلىق، ئۇنىڭ نېگىزى بۆرىنى ئۈلگە قىلىپ ئادەم يېيىش، ئەخلاقنى چۆرۈۋېتىپ مەقسەتكە يېتىش. ئۇ، زوراۋانلىق ۋە قارامىلىقنى ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى قىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانىي ئىلگىرىلەشنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپىغا ماس كېلىشى، ئۇنىڭدا مۇقىم قىممەت يۆنىلىشى ھەم ساغلام ئەخلاقىي ئۆلچەم بولۇشى كېرەكلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ» دەپ يازغانىدىم.

«جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىنىڭ 2008- يىل 2- ئاپرېل

ئەمەلىيەتتە، گېرمانىيە نۇسخىسىدىكى شوۋىنىزم ۋە ئىرقىي تازىلاشتىن باشقا يەنە ھەر خىل تىپتىكى فاشىزم بىلەن بىرگە يەنە ئادەتتىكى فاشىزممۇ بار.

ئۇنداقتا، فاشىزم دېگەن زادى نېمە؟

«بۈيۈك برىتانىيە قامۇسى» دىكى نوپۇزلۇق تەبىر بويىچە بولغاندا، فاشىزم (Fascism) ئالدى بىلەن «بىر تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەت بولۇپ، ئىتالىيەدە (1922ــ 1943)، گېرمانىيەدە (1933.ــ 1945)، ئىسپانىيەدە (1939.ــ 1975) ۋە باشقا ئەللەردە ھۆكۈم سۈرگەن. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، فاشىزم ئاتالغۇسى ھەر قانداق ئۇنچىل مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى، ھاكىممۇتلەقلىق ھەرىكەتلىرى ۋە ھاكىمىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئىتالىيە تىلىدىكى Fascsmo ئىبارىسى Fasces سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى قارىياغاچ ياكى قېيىن دەرىخى شېخىغا پالتىنى قاداپ قويۇش بولۇپ، ئۇ قەدىمقى رىمدا ھوقۇقنىڭ سىمۋولى ئىدى. 1919 ـ يىلى مۇسسولىنىي بۇ بەلگىنى ئىتالىيە فاشىزمىنىڭ گېربى قىلىپ ئىشلەتكەنىدى. ھەر خىل فاشىزم ئورتاق بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، دۆلەتنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، ئۇلارنىڭ يەنە كىشىلەرنى ئالاھىدە سېھرىي كۈچكە ئىگە، دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان داھىيغا چوقۇنۇشقا مەجبۇرلايدىغان خۇسۇسىيىتىمۇ بار. ئۇنىدىن باشقا ئارمىيىنى، ئۇرۇشنى، بويسۇنۇشنى ئۇلۇغلايدىغان؛ دېموكراتىيىنى، ئەقلنى ۋە بۇرژۇئا قىممەت قارىشىنى باستۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئىتالىيە فاشىزمى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئىتالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، رەھبەرلىرىنىڭ ناچارلىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ قالايمىقانلىشىشى تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئۈمىدسىزلىكى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇنداق ۋەزىيەت ھاكىممۇتلەقلىقنى، بولۇپمۇ ئارمىيە ئەخلاقىنى بېزەپ كۆرسىتىدىغان سىياسىي كەيپىياتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گېرمانىيىگە ئوخشاشلا ياپونىيىمۇ ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى رولىنى ئاجايىپ ئۇلۇغ دەپ قاراپ، ‹تۆۋەن› مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غايىسىگە يەتمەكچى بولدى». [6]

بۇ نوپۇزلۇق ئېنىقلىمىدىن فاشىزمىنىڭ بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلالايمىز. فاشىزم ھوقۇقنى چوڭ بىلىدۇ، زورلۇق كۈچىگە ئىشىنىدۇ، «ئارمىيە، ئۇرۇش ۋە بويسۇنۇشنى تەرغىب قىلىدۇ». ئۇنىڭدا باراۋەرلىك ئېڭى يوق، ئادەملەرنى ۋە مەدەنىيەتنى ئېسىل ۋە پەس، يۇقىرى ۋە تۆۋەن دەپ ئايرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھېسسىيات جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ ياۋۇز ۋە شەپقەتسىز بولۇپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلار ئۈستىدىكى بويسۇندۇرۇشنى مۇقەررەرلىك دەپ ئىشىنىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغۋار ئىش ۋە ئۆلمەس تۆھپە دەپ سۈپەتلەيدۇ. فاشىزم يەنە جاھانغا پاتمىغۇدەك دەرىجىدىكى مەغرۇرلۇق ۋە ھېچنېمىنى كۆزگە ئىلمايدىغان تەكەببۇرلۇقنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ تەنقىدى ۋە گۇمانىنى رەت قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلەن سۆھبەتلىشىش تەلىپىنى باستۇرىدۇ. بۇ ئالامەتلەر بويىچە مەن «بۆرە توتېمى» نى «تاجاۋۇز ۋە فاشىزم خاھىشىدىكى مەدەنىيەت تەشەببۇسى» نى ئىپادىلىگەن، دەپ ھېسابلايمەن. ئەمما، «بۆرە توتېمى» ئاپتورى دەيدۇكى: «‹يايلاقتىكى ھەقىقىي بۆرە تەبىئىتى› گەرچە ھۇجۇمكارلىق ۋە قىرغىنچىلىق تۈسىگە ئىگە بولسىمۇ، يەنە ئەركىن، مۇستەقىل، كۈچلۈك ۋە ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە، رىقابەتچى، ئەقىللىق، ھەمكارلىققا باي، كۆيۈمچان، ئائىلىسىگە مەسئۇل بولىدىغان پەزىلەتلەرگە ئىگە. مەن بايقاپ يەتكەن ‹بۆرە تەبىئىتى› كونا ئۇقۇملاردىن، بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى تىپىدىكى تونۇش رامكىسىدىن ھالقىپ، بۆرىگە ئادىل باھا بېرىشكە يۈزلەنگەن. ‹بۆرە توتېمى› ھەققىدىكى تەنقىدلەردە ۋە مېنىڭ دالا تەكشۈرۈشۈم ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى نەتىجىلىرىم ۋە خۇلاسىلىرىم ئەخلاق ئەندىزىسى بويىچە ئىنكار قىلىندى. بۇ، يېرىم كىلوگرام يېمەكنى جۇڭگونىڭ 16 سەرلىك كونا تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ، كەم بېرىپتۇ دەپ ئۆكتە قوپۇش بىلەن ئوخشاش ئىش ئەمەسمۇ. كىتابىمنى ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇرمەن بۆرە ھەققىدىكى قاتمال تونۇشىنى ئۆزگەرتىپ، بۆرىگە چوقۇنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا يۈزلەندى.»[7] ئاپتور بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان «ھۇجۇمكارلىق ۋە قىرغىنچىلىق»، «كۈچ ۋە ئىلگىرىلەش روھى» دېگەندەك تەرىپلەر تىپىك فاشىزم قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت پرىنسىپى ئەمەسمۇ. بۇنداق قاراشلار «كۆيۈمچان» دېگەندەك پەزىلەتلەر بىلەن ھەرگىزمۇ سىغىشالمايدۇ.

ئېيتىلىشىچە، «بۆرە توتېمى» رومانىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ كىتاب سودىگەرلىرى جىق ئىش قىپتۇ: ئۇلار كىتابنى ئەڭ ياخشى تەرجىمانلارغا ئۆرۈتمەكچى بوپتۇ، تەسىرى چوڭ نەشرىياتلاردا نەشر قىلدۇرماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق خەنزۇشۇناسى، پروفېسسور گولدبلات ئىنگلىزچىگە ئۆرۈشكە تەكلىپ قىلىنىپتۇ. «جەنۇب ئازنىسى»گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، گولدبلات «بۇ قېتىم كىتابنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكىدىن مەخسۇس يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ مەشغۇلات تەرتىپى ناھايىتى زىچ بولۇپ، يولغىلا 60 سائەت كېتىدىكەن». «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىنىڭ خەۋىرىچە، «جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئامېرىكىدىكى بازىرى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، نوقۇل تەرجىمىگە تايىنىپلا قالسا ئۇنىڭ بىر يىللىق كىرىمى 50 ـ 60 مىڭ دوللار، ئەڭ ئاز بولغاندا 20 مىڭ دوللار بوپقالارمىش. گەرچە ئۇ كىشى مەشھۇر بولسىمۇ ئۆزى قىزىقمايدىغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، كۈنىنى كۆن ئۆتەرمىش. چۈن شۇنىڭ ‹بېيجىڭلىق بالا› دېگەن ئەسىرىنى ئۆزى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، ئامېرىكىلىق ياشلارنىڭ قىزىقىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىكەن. نەشرىيات شەن دى دېگەن كىشى ئارقىلىق گولدبلاتنى تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇ،

ياق دېمەيتۇ». ئۇنىڭ «بۆرە توتېمى» نىڭ تەرجىمانلىقىنى قوبۇل قىلىشىمۇ جان بېقىش ئۈچۈنمىدۇ، بىلمىدىم.

باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشىنى خالاش نورمال ئىش، «ئاپىرىشىپەرۋەرلىك» ئۈچۈن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن چەت ئەللەردىن ھەمكارلىققا ئادەم تەكلىپ قىلىشىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. بىراق، ئۆزىمىزدە ئەقەللىي سەۋىيىدىكى ئۆزىنى بىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بولۇش كېرەك. يەنە زىرائەت بىلەن ياۋا چۆپنى، بېلىق كۆزى بىلەن مەرۋايىتنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان دىتىمىز بولۇشى كېرەك. بىز ئەدەبىياتتىن تاشقىرى بولغان بازار ئوينۇمىنىلا قوغلاشساق، چەت ئەل بازىرىدىكى ئىككى مىليون تىراژلىق رېكورتىنى ياراتقاندىمۇ، پەخىرلەنگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، بىز خىجىل بولساق بولىدۇ.

پەقەت ياخشى نەرسىلەرنىلا باشقىلارغا سۇنۇشقا ئەرزىيدۇ. بىراق، بىز ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ياخشى نەرسىلەرنى يارىتالايدىغان ئىقتىدارىمىزنى تەربىيىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا، كەمتەرلىك بىلەن ئەكېلىشىمىز كېرەككى، ئاپىرىپ بېرىشكە ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ ساددا قاشىزمنى خەققە سۇنۇپ بېرىشكە ئالدىراپ كەتكەندىن كۆرە، خەقنىڭ پىشقان ئىنسانپەرۋەرلىكىنى ئەكىرسەك، خۇدىمىزنى بىلمىگەن ھالدا بۆرىنى پىر تۇتقىچە، كەمتەرلىك بىلەن ئادەمنى ئۇستاز تۇتساق ياخشىغۇ. ئادەمنى ئۇستاز تۇتقاندا، ئۇستازنىڭ ئۆزىگە يېتەلمىگەندىمۇ، ئادەمىيلىكتىن يىراقلاپ كەتمەيمىز. بۆرىنى ئۇستاز تۇتساق، ئۇنىڭ ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى تۇرغانلا گەپ. «ئالتۇن لوڭقىدىكى ئەينۇلا»دىكى دەي ئەن «ياخشى بولۇش تەس، يامان بولۇش بىردەملىك» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ياخشىپەرۋەرلىكمۇ ئېھتىياتقا موھتاج ـ دە.

ئاپىرىشىپەرۋەرلىك كېرەكمۇ ئەكېلىشىپەرۋەرلىكمۇ؟ بۇ ھازىرغىچە ھەل بولمىغان مەسىلە.

گۇمانىزم (ئىنسانپەرۋەرلىك) كېرەكمۇ، فاشىزممۇ؟ بۇ بىز كەسكىن ئويلىنىدىغان مەسىلە.

## نەقىل مەنبەلىرى

[1] ۋىندىلبەن: «پەلسەپە تارىخى دەرسلىكى» 2 ـ قىسىم، 924 ـ بەت، سودا نەشرىياتى 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

[2] راسىل: «غەرب پەلسەپە تارىخى» 2 ـ قىسىم، 326 ـ بەت. سودا نەشرىياتى 1976 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

[3] ھولباخ: «ناتۇرال پولىتىكا»، 10 ـ بەت، سودا نەشرىياتى 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

[4] لى جيەنجۈن: «مۇنچاقمۇ ياكى بۇرچاقمۇ ـ ‹بۆرە توتېمى› غا باھا»، «خېنەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2006 ـ يىل 6 ـ سان.

[5] « ‹بۆرە توتېمى› نىڭ ئاپتورى: بۆرە تەبىئىتىدىكى ئادىللىق»، «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتى 2008 ـ يىل 2 ـ ئاپرېل سانى.

[6] «بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى» (خەلقئارالىق خەنزۇچە نەشرى) 6 ـ توم 245 ـ بەت، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 2007 ـ يىل نەشرى.

[7] « ‹بۆرە توتېمى› نىڭ ئاپتورى: بۆرە تەبىئىتىدىكى ئادىللىق»، «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتى 2008 ـ يىل 2 ـ ئاپرېل سانى.

---

«دۇنيا بىلىملىرى» نەشرىياتى 2009 ـ يىلى مايدا نەشر قىلغان «جۇڭگولۇقلار نېمىشقا خۇشھال ئەمەس؟ ـ «جۇڭگوخۇا گۈللىنىش دەۋرىدىكى زىيالىيلارنىڭ مەدەنىيەت تەشەببۇسى» (خې شۈگەي باش بولۇپ تۈزگەن) ناملىق كىتابتىن

# «بۆرە توتېمى» نىڭ ئاپتورى: بۆرە تەبىئىتىدىكى ئادىللىق

## ـــ «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتى مۇخبىرىنىڭ جياڭ رۇڭ بىلەن سۆھبىتى

بېيجىڭلىق 58 ياشلىق بىر ئادەم 500 مىڭ خەتلىك رومانىنى يېزىپ چىقىپ، 21 يېشىدا «زىيالىي ياش» بولۇپ ئىچكى موڭغۇل يايلىقىغا بېرىپ چىنىققاندىكى تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن. رومان بىرىنچى قېتىم 20 مىڭ نۇسخا بېسىلىپ، 50 مىڭ نۇسخا بېسىلدى دېيىلدى. ئەمما، ئۇ تېزلا بازار تاپتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەسەر تۆت يىل ئىچىدە ئىككى مىليون 500 مىڭ نۇسخا بېسىلدى. «پىنگۇئىن» نەشرىياتى گۇرۇھىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى Peter Field (CEO) بېيجىڭ 2007 ـ يىللىق خەلقئارا كىتاب يەرمەنكىسىدە «بۆرە توتېمى» «پىنگۇئىن»نىڭ 2008 ـ يىلدىكى ئەڭ مۇھىم كىتابى بولۇپ، ئىككى مىليوندىن كۆپ سېتىلىشقا ئىشەنچىمىز بار دەپ جاكارلىغان.

تۆت يىلدا «بۆرە توتېمى» ئاساسىي ئېقىم ئەدەبىياتى قاتارىغا كىرەلمىگەن. بۇ ھەقتە ئىنتېر توردا مۇنازىرىلەر تىنچىمىغان. 2008 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «بۆرە توتېمى» «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نامزاتىغا كىرگۈزۈلگەندە، يازغۇچى جياڭ رۇڭ ئۆزىنىڭ مۇكاپاتلىنىش سالاھىيىتىنى بىكار قىلغۇزۇۋەتكەن.

2008 ـ يىلى 13 ـ مارتتا ئامېرىكا «پىنگۇئىن» نەشرىياتى بىلەن چاڭجياڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى گوڭگوڭ سارىيىدا «بۆرە توتېمى» نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىنىڭ تارقىتىلىش

مۇراسىمنى ئۆتكۈزدى. ئاپتور جياڭ رۇڭ ئادىتى بويىچە مۇراسىمغا كەلمىدى. رومانىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى بولغان ياڭ كېنىڭ پروتوتىپى، جياڭ رۇڭ بىلەن 11 يىل بىرگە پادا بېقىپ، رەسىم سىزىپ يۈرگەن چېن جىچۈن ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى چارۋىچىلارنىڭ بىر قىسىم ۋەكىلى مۇراسىمغا قاتناشتى.

جياڭ رۇڭغا مۇناسىۋەتلىك بۇ مۇراسىمدا جياڭ رۇڭغا قالدۇرۇلغان ئورۇندۇق بوش ئىدى. باشقىلار ئۇنى ئېلىپ چېتا ئارقىلىق زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

17- مارتتا ئاپتور جاڭ رۇڭ بىلەن ئىنگلىزچە تەرجىمان گولدبىلات جېجياڭنىڭ موگەنشەندە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان خەنزۇچە- ئىنگلىزچە تەرجىمە كۇرسىدا پەيدا بولغان ۋە «بۆرە توتېمى» غا دائىر تەرجىمە مەسىلىسى ئۈستىدە دىئالوگ (سۆھبەت) ئۆتكۈزگەن. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە ئەتىسى جاڭ رۇڭ «جەنۇب ئازنىسى» گېزىتى مۇخبىرىنىڭ ئىككى قېتىملىق زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن «بۆرە توتېمى» رومانىنىڭ روھىي پەردىسى قايرىلغان.

## خاس ۋە ئورتاق تەقدىر

**مۇخبىر:** سىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋە نەزەرىيىچى ئىدىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا سىز بىر «ئىشتىن سىرتقى يازغۇچى». بىر ئالىم توساتتىنلا بىر رومانى يېزىپ چىقتى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟

**جياڭ رۇڭ:** 20- ئەسىرنىڭ 60- 70- يىللىرىدىكى ئۆزۈمنى «ئەدەبىياتچى ياش» دېسەممۇ بولىدۇ. شۇ چاغدا مەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى رومانى «تىنچ دون» نى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ، شەپقەتسىز يايلاق تۇرمۇشىنى تېما قىلغان شېئىرىي پۇرىقى كۈچلۈك رومان ئىدى. كازاكلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ ئەركىن، مەردانە، جەسۇر خاراكتېرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. «بۆرە توتېمى» ئۈچۈن قولغا قەلەم ئېلىشىمنىڭ يوشۇرۇن بىر سەۋەبى شۇكى، مەن يايلاقنى سۆيىمەن. مەن يايلاقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، يايلاق ۋە يايلاق خەلقى مەدەنىيىتىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ناھايىتى ئازابلانغانىدىم. يايلاقتىن ئايرىلغان نەچچە ئون يىلدىن كېيىنمۇ ئۇنداق بۇزغۇنچىلىقلارنى كۆپ كۆردۈم. كۆرگەنسېرى گۈزەل يايلاق ھەققىدىكى خاتىرەم جانلىنىپ، مېھرىم تاشتى.

**مۇخبىر:** سىز باشتا كۆرگەن يايلاق بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان يايلاقتىن پەرقلىقمۇ؟

**جياڭ رۇڭ:** پەرق ناھايىتى چوڭ. مەن يايلاقتا تۇرغان 11 يىل مابەينىدە يايلاقنىڭ گۈللەنگەن ھالىتىدىن ۋەيران بولۇش ھالىتىگىچە ھەممىنى كۆردۈم. دەسلەپ بارغىنىمدا يايلاقنىڭ چۆپلىرى تىزىمغىچە كېلەتتى. بىر قېتىم مەن قوي بېقىۋېتىپ، ئىككى ئالقانچىلىك كېلىدىغان يەرنىڭ چۆپىنى يۇلۇپ قارىسام، بىراقلا 30 نەچچە خىل گىياھنى يۇلۇپتىمەن. گىياھلارنى تۇتقان قوللىرىمدىن خۇشپۇراق كېلەتتى. كۆز كەلگەندە بېھىساب گۈل- گىياھ گۈللەپ، داللار ماي بوياق رەسىمدەك جىلۋىگە كىرەتتى.

ھازىرقى يايلاقلاردا ئوتلار شالاڭ ھەم پاكار، يىراقتىن قارىسا چۆپ باردەك، يېقىن كەلسەڭ تۈزۈك بىر نېمە يوق. ئەينى چاغلاردا يايلاق نەم بولۇپ، چۆپلەر ئەۋرىشىم ئىدى، چىرىگەن چۆپلەر ئارىسىدىن سەرەڭگە تالىسىدەك ئىنچىكە يەر قالپىقى (موگۇ) بوي سوزۇپ چىقىپ تۇراتتى.

ئوت- چۆپلەرنىڭ قويۇقلۇقىدىن يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى، چېكەتكىلەر تۇپراق يۈزىگە تۇخۇملاشقا ئامالسىز قالاتتى، شۇڭا چېكەتكىلەرمۇ ئاز ئىدى. ئەمدى ھەممە يەر قۇملىشىپ، قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان يەرلەردە چېكەتكىلەرمۇ ئاسان ئاينىيدۇ- دە. مەن ئاشۇ 11 يىل ئىچىدە چېكەتكە ئاپىتىنى كۆرۈپ باقمىغان. ھازىر ئۇ ئادەتتىكى ئىش بوپقالدى. بۇ بىر قانچە يىلدا يايلاققا بېرىۋىدىم، ھەممە يەردە چېكەتكە.

**مۇخبىر:** كىتابىڭىزدا بۆرە ھەققىدە يېڭى نۇقتىئىنەزەر بار ئىكەن. مەسىلەن، بۆرە يايلاق ئېكولوگىيىسىنىڭ كام بولسا بولمايدىغان بىر ھالقىسى دېگەندەك.

**جياڭ رۇڭ:** بۆرىنىڭ يايلاق ئېكولوگىيىسىدىكى رولى كىتابىمدا ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. مەن يازغان بۆرىنى سىلەر كۆرۈپ باقمىغانمۇ دەيمەن. بۆرە پەقەتلا ۋەھشىي نەرسىمۇ؟ بۆرىنىڭ تەبىئىتىدە يەنە مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق، يايلاق ئېكولوگىيىسىنى قوغداش تەرەپلىرىمۇ بار. شۇ مەزگىللەردە بۆرىنىڭ ھەددى- ھېسابى يوق ئىدى، چاشقانلارمۇ يوغان ھەم ھەر خىل ئىدى. بۆرىلەر ئاساسەن دېگۈدەك چاشقان يەيتتى. بۆرە چاشقاننى پەنجىسى بىلەن ۋاقىتىدە ئۇراتتى، چاشقان پىرقىراپ، ئوڭ- سولىنى بىلىپ بولغىچە بۆرىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ بولاتتى. بۆرە كۈچۈكى دەسلەپكى چاغلىرىدا تېز يۈگۈرەلمىگەچكە ئادەملەر ۋە پادا توپىغا يولىمايتتى، ئۇ ئانا بۆرىنىڭ ياردىمىدە توشقان، چاشقان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوۋلاپ يەيتتى. بۆرىنىڭ قارنى شۇنداق يامان ئىدىكى، ئۇنىڭ قانچە چاشقان يېسە تويىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. كىشىلەر ئەگەر بۆرە چاشقان يېمىسە، چاشقان ئاپەتكە ئايلىنىدۇ دېيىشەتتى. باشتا مەن بۇ گەپكە ئىشەنمىگەنىدىم. مەن خۇددى «تۆگىمەننىڭ قېشىدا يارغۇنچاقنىڭ نېمە ئىشى» دېگەندەك، بۆرە قانداقمۇ چاشقان يېسۇن دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىن بۆرە باققىنىمدا، چاشقاندىن بىرنى ئەكېلىپ بەردىم، ئۇ خۇشاللىقىدا چاشقاننى قۇيرۇقى بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتتى.

**مۇخبىر:** سىز يايلاقنىڭ «خاس ۋە ئورتاق تەقدىرى» دېگەن ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. بۇ ئۇقۇم قانداق شەكىللەنگەن؟

**جياڭ رۇڭ:** بۇنى ماڭا چارۋىچىلار ئۆگەتكەن. بىر نەچچە موڭغۇل چال شۇنداق دەيتتى: «ئادەم، ئات، قوي، كالا،

چاشقان، بۆرە دېگەندەك جانۋارلار خاس تەقدىر، لېكىن ئوت-چۆپ بىلەن يايلاق ئورتاق تەقدىر، يايلاق يوقالسا، ھەممىسى يوقىلىدۇ...» موڭغۇللارنىڭ ئەڭ ئېچىنىدىغىنى ئوت-چۆپ ۋە يايلاق بولۇپ، تارىخ كىتابلىرىدىمۇ كىم يايلاقنى بۇزسا، شۇ ھامان تەقدىرنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، دەپ پۈتۈلگەن. موڭغۇللار ھەر بىر گىياھنى جېنىدەك ئەتىۋارلايتتى. مۇشۇنداق خاس ۋە ئورتاق تەقدىر ئۇقۇمى غەربلىك ئوقۇرمەنلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلغان بولۇپ، موڭغۇللاردا نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا بار ئىدى.

**مۇخبىر:** سىزنىڭ ھاياتلىق ھالقىڭىزدا ئوت-چۆپ، قوي، ئادەم، بۆرىلەر باراۋەر مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، ئادەملەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىلگەن.

**جياڭ رۇڭ:** ئادەم يايلاققا بارسا ئۆزىنى ناھايىتى كىچىك ھېس قىلىدۇ. ئەگەر سىز تاغ چوققىسىدا تۇرسىڭىز، نەچچە ئون چاقىرىم يىراقتىن قارىڭىز كۆرۈنمەيدۇ. ئادەمنى تەبىئەتكە سېلىشتۇرغاندا، يوقلاڭ بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتى شۇ قەدەر ئەرزىمەسكى، ئادەم بۇنى ھېس قىلغانسېرى ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ.

يايلاققا يېڭى بارغىنىمدا چارۋىچىلار ھەر يىلى كۈزدە قويلارنىڭ ئورۇق-سېمىزلىرىنى ئايرىپ، قىشتىن چىقالمايدىغانلىرىنى شاللىۋېتەتتى-چارۋىچىلار ئۇلارنى بىر قاراپلا ئايرىۋالاتتى. قىشتىن چىقالمايدىغانلىرىنى سويۇۋېتەتتى، ئازادلىق ئارمىيىگە ئەرزان باھادا سېتىۋېتەتتى.

بىر قېتىم ئاشۇنداق بىر شاللاش بولۇپ، بىر پاقلان ئايرىپ قېلىنىدى. مۆلچەرىمىزچە، ئۇنى ئانىسى ئېمىتمىگەن ياكى ئۇ كېسەل ئىدى. مەن بۇ پاقلاننى قىشتىن چىقالماسمىكىن، دېدىم. سوغۇق كۈچىيىپ، قار ئەۋجىدى، پاقلان ھەمىشە پادىدىن چۈشۈپ قالاتتى. ئۇ ئەگىشىپ ماڭاتتى-يۇ، توپتىن بارغانسېرى كېيىن قالاتتى. مەن ئۇنى قايتۇرۇپ كېتەتتىم، ئۇ مىدىرلاشقىمۇ ئامالسىز قالغانىدى.

بىر قېتىم پادىنى ھەيدەپ چىقسام، ئۇ كۆرۈنمىدى. قايتىپ قارىسام، ئۇ قوتاندا قىمىرلىماي تۈگۈلۈپ تۇراتتى، ئۇ بەكلا جۈدەپ كەتكەنىدى. ئىككىنچى كۈنى كېلىپ قارىسام، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى قوتاندا ئوت يەپ تۇرۇپتۇ، سوغۇق كۈچەيگەندە تامنىڭ دالدىسىدا تۈگۈلۈپ تۇراتتى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى پۇتى بولالمايلا قالغان بولۇپ، ئاقساپ يۈگۈرۈپ، تىمىسقىلاپ ئوت يەيتتى... ئۇنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ، گۈرجەك بىلەن قار ئاستىدىكى ئوتنى چىقىرىپ بەردىم، ئۇ يېيىشكە باشلىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئىككى پۇتى يېغىر بولۇپ، ماڭالمايلا قالدى. ئاخىرقى كۈنى قارىسام، پادىلار قوزغالغاندا، ئۇ ياتقىنىچە جان ئۈزگەنىدى.

بۇ ئىش ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى: كىچىككىنە جانۋار ھاياتلىق ئۈچۈن مىڭبىر جاپادا ئوتلىغىلى باراتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولاتتىم. ھازىر بەزىلەر بىنادىن ئۆزىنى تاشلىۋالىدۇ ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئاجىز بىر پاقلان چېغىدا قار ئۈستىدە ئاقساپ يۈرۈپ ئوت يەۋاتىدۇ. ئاشۇنداق ھاياتىي قەيسەرلىك، ئاشۇنداق تەسىرلىك ئىشلار ئىنتايىن كۆپ.

ياشانغان چارۋىچىلار: ئىمكانقەدەر ھاياتلىق يولى قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك، ھايۋانلارغا نىسبەتەن يايلاقتا كۈن كەچۈرۈشمۇ ئاسان ئەمەس، ئامال بار ئۇلارنى ئۆلتۈرمىگەن تۈزۈك، دېيىشەتتى. يايلاقتا تىرىكچىلىك تەس ئىدى، ھەر بىر ھايات كىشىنى تەسىرلەندۈرەتتى.

نۇرغۇن چارۋىچى كۈزدە مالنى سەمرىتىۋېلىشقا بىخەستىلىك قىلىشقا بولمايدۇ، دەيتتى. شۇڭا، مەن تاڭ يورۇغان ھامان پادىلارنى ھەيدەپ چىقاتتىم. قويلار غەلىتە كېلىدۇ، سەن ھەيدەپ بەرسەڭ ئوتلايدۇ، بولمىسا يېتىۋالىدۇ، شۇڭا ھەيدەپ بېرىشىڭ كېرەك. ئۇ، يەيدىغان بولسا قارنى ئېتىلىپ كەتكۈچە يەيدۇ. ئاشۇنداق قىلىپ سەمرىتىۋالمىساڭ، پادىلارنىڭ يېرىمى ئاجىز-ئورۇق بوپقېلىپ، قىشتىن چىقالماي قالىدۇ.

چارۋىچىلار سېنىڭ ماللارنى ياخشى باققان-باقمىغانلىقىڭنى ئاجىز-ئورۇق ماللىرىڭنىڭ سانىغا قاراپ ئايرىيدۇ. سېنىڭ ھەر بىر كۈنلۈك ئەمگىكىڭ ھەر بىر ھاياتلىققا ھاياتلىق ئىمكانىيىتىنى ئۇلاپ بېرىش بىلەن تەڭ. شۇڭا، مېنىڭ ئەمگىكىم ھاياتلىق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. چارۋىچىلار مال باققاندا ناھايىتى ئەستايىدىل ئىدى. ئەگەر ماللار ئۆلۈپ، چوڭ ئاپەت كېلىپ چىقسا، سەنمۇ ھالاك بولماي قالمايسەن.

## ئالماقنىڭ بەرمىكى بار

**مۇخبىر:** سىزنىڭ بۇ رومانىڭىزنى يېرىم بىئوگرافىك ئەسەر دېيىشىدىكەن، سىز بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟

**جياڭ رۇڭ:** شۇنداق دېيىشمۇ بولىدۇ. كىتابىمدىكى بارلىق ئىنچىكە دېتال ۋە ئىشنىڭ كېلىش مەنبەسى بار، ھەممىسى دېگۈدەك راست بولغان ئىشلار. قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن غەربنىڭ بەزى ئېپوسلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم. ئېپوس يىلنامە ئەمەس، ئېپوستا ۋەقەنىڭ ئەۋجىدىن ھالاك بولۇشقىچە بولغان ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ. شۇڭا مەن رومانى بىر يىل ئىچىدىكى تۆت پەسىلگە سىغداپ يازدىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشلار يايلاقنىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئېكولوگىيە ھالقىسىنىڭ تەسۋىرى. يايلاقنىڭ ھاياتلىق زەنجىرىدە ئالدىدا تۇرىدىغىنى يايلاق، ئاندىن جانلىقلار ۋە ئادەملەر، ئاندىن بۆرە. بۆرە ھەممىدىن يۈكسەك تۇرۇپ، ئېكولوگىيە زەنجىرىنىڭ نېرۋا تۈگۈنىگە ئوخشاش رول ئوينىغان. ئەگەر بۆرە بولمىسا بۇ زەنجىر ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

يايلاقتا بۆرە كۆپ، يەر شەكلى مۇرەككەپ، ھاۋا ئۆزگىرىشچان، بۆرىگە ئائىت يېڭى ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۆرە موڭغۇللاردا تاماقتىن كېيىنكى پاراڭنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. ئۇلار بۆرىدىن قوغدىنىش، بۆرە ئوۋلاش

تەجرىبىلىرىگە ئائىت بارلىق ئامىلنى نەزەرگە ئېلىشاتتى. كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ھەر كۈنى دېگۈدەك بۆرە بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ، ئەقىل- پاراسىتىنى، خاراكتېرىنى، سەۋر- تاقىتىنى تاۋلايدۇ. بۆرىنىڭ مۇنداۋەر پەزىلىتى ھەر زامان ئادەملەرگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. يايلاقتا ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بۆرە، بۆرىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ئادەم، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش قەلبنى لەرزىگە سالىدۇ. مەن نېمىشقا يايلاق مىللەتلىرىنى ھەربىي مىللەت سۈپىتىدە ھېس قىلىمەن؟ چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھوشيارلىقى بەك يۇقىرى بولۇپ، كېچە- كۈندۈز شۇنداق يۇرۇشكە كۆنۈپ كەتكەن.

مەن «بۆرە توتېمى» نى سېلىشتۇرما كوئوردېنات قىلىپ، تېرىم مىللىتى بىلەن يايلاق مىللىتىنىڭ ئوخشىمىغان مەدەنىيەت خاراكتېرى ۋە روھىي ساپاسىنى سېلىشتۇردۇم.

**مۇخبىر:** ئەينى ۋاقىتتا، قانداقىسىگە بۆرە بېقىپ قالغانىدىڭىز؟

**جياڭ رۇڭ:** رومانىدىكى بۆرە كۈچۈكىگە ئائىت ھېكايە راست بولغان ئىش. مەن بۆرىگە مەستانە ئىدىم، ئۇ شۇ قەدەر ۋەھشىي ھەم شۇ قەدەر قۇۋ ئىدى. يەنە بۆرە بالا ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، بۆرىنىڭ ئانىلىق خىسلىتى كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. مەن مۇشۇ ھەقتىكى سىرلارنى ئاچسام دەپ بۆرە كۈچۈكىدىن بىرنى بېقىۋېلىشنى ئويلاپ يۈردۈم. بۆرە كۈچۈكىدىن بىرنى بېقىۋالغىنىمدا، ئۇنىڭ جۈغى ئالقانچىلىك بار ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخى ئېچىلمىغان بولۇپ، كۆز پەردىسى كۆپكۆك ئىدى، سارغۇچ تۈۋىتلىرى ئارىسىدىن كۆلرەڭ موي ئۆسۈشكە باشلىغانىدى. مەن ئۇنىڭغا سۈت بەردىم، گۆشلۈك ئۇماچ بەردىم، ئوغلۇمنى باققاندەك باقتىم. بۆرە بېقىش جەريانىدا بۆرىگە ئىشقىم چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كىشىلەر تېخى بايقاپ يېتەلمىگەن نۇرغۇن ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدىم.

بۆرىنىڭ ھاياتىي كۈچى زور بولىدىكەن. مەن ئۇنى باققان يېرىم يىلدىن كۆپ ۋاقىتتا ئۇ ئەسلا ئاغرىپ باقمىدى. يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئۇ چىلىق- چىلىق ھۆل بولۇپ، بەدىنى تىترەپ كېتەتتى، ھاۋا سۈزۈلگەن ھامان ئۇنىڭ مويلىرى قۇرۇپ، تېتىكلىشىپ، سەكرەپ ئوينايتتى، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمايتتى. بۆرىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئادەمدىن ھەسسىلەپ زور ئىدى. پادا بېقىپ قايتىپ كەلسەم، ئۇ شەپەمنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا تىكىلەتتى، تاقلاپ يۈگۈرۈيتتى. ئۇ مېنىڭ سىلاپ قويىدىغانلىقىمنى، يەيدىغان نەرسە بېرىدىغانلىقىمنى بىلگەچكە؛ مېنى كۆرسە خۇشھال بولۇپ، ئېڭىكىمنى يالاپ كېتەتتى. بىراق، مەن بۆرە كۈچۈكىنى قانچىلىك ياخشى كۆرمەي، ئۇ قېچىشنىلا ئويلايتتى. ئۇ ئىمكانىقەدەر ئادەم، كالا، قوي يوق يەرلەرگە كېتەتتى. بەختكە يارىشا مەن ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلەتتىم. ئۇ ھامان قېچىشنى ئويلايتتى، زەنجىرنى ئۈزىمەن دەپ بويىنىنى يارا قىلىۋالاتتى- دە، قان كۆپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ھايات قېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەندە، كالتەك

بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە توغرا كەلدى. ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان چاغدا بەك ئازابلاندىم. لېكىن يەرلىك چارۋىچىلار: «بۆرە دېگەن ئەركىن روھ، ئۇ جەڭدە ئۆلۈشى كېرەك، ئۇنىڭ روھىغا مەدەت بەر». دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ گەپ قەدىمقى چاغلاردىن كەلگەن بولۇپ، چاغلار جەڭدە ئۆلۈشنى خالايتتىكى، كېسەل تارتىپ ئۆلۈشنى خالىمايتتى. بۆرە دەل مۇشۇنداق روھنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

**مۇخبىر:** يەتتە بۆرە كۈچۈكىنىڭ سىز تۇيۇپلى ئۆلگەنلىكىنى يېزىپتىكەنسىز، بۇ قانداق ئىش؟

**جياڭ رۇڭ:** بۆرە بەك ئاۋۇپ كەتسە بولمايتتى، شۇڭا، ئۇنى مەلۇم ساندا چەكلەشكە توغرا كېلەتتى. بۆرىلەرنىڭ كۆپىيىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە چارۋىچىلار بۆرە ئۇۋىسىنى قازغىلى باراتتى. ئۇلار بۆرە كۈچۈكلىرىنى ئاسمانغا ئاتاتتى: ئاسماندا قالغىنى بۆرىنىڭ روھى، يەرگە چۈشكىنى بۆرىنىڭ تېنى ئىدى. چارۋىچىلار ئارتۇق بۆرە كۈچۈكلىرىنى ئاشۇنداق ئۇسۇلى بىلەن ئۆلتۈرەتتى، شۇ ئارقىلىق بۆرە ئاپىتىنى تىزگىنلەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا مەن بىر ئۇۋىنى قازسام، بۆرە كۈچۈكىدىن يەتتىسى چىقتى، ئۇلاردىن بەشىنى ئۆلتۈردۇق، قالغان ئىككىسىدىن بىرىنى بىر چارۋىچى بېقىۋالدى، بىراق، ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ياۋا تەبىئىتى ئۆزگەرمەي، ئادەم چىشلىگەچكە، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئويلاپ باقسام، يەتتە بۆرىنىڭ جېنىغا زامىن بوپتىمەن.

**مۇخبىر:** ئادەم بىلەن بۆرىنىڭ كۈرىشىدە، (موڭغۇللاردا) ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تېنىنى بۆرىگە يەم قىلىپ دەپنە قۇت قىلىدىغان ئىشلار بار ئىكەن، بۇنداق ئادەت راست بارمۇ؟

**جياڭ رۇڭ:** بار. يەرلىك چارۋىچىلار جەسەتنى بۆرىگە تاشلاپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىش يوق. ئالەم بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ قوشۇلۇشىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە، موڭغۇللارنىڭ ئاشۇ خىل ھاياتلىق قارىشىنى ھەقىقىي ئۆرنەك دېيىشكە بولىدۇ. ئادەم ئاخىرى بۆرىنىڭ يېمىكىگە ئايلاندى، ئالماقنىڭ بەرمىكى بار دېگەن شۇ- دە، بۇنى موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئۆزىنى تۆھپە قىلىش ھاياتلىقتا بولغان بىر خىل ھۆرمەت. موڭغۇللارنىڭ ئەقىدىسىدە بۆرىنىڭ ئاسمانغا قاراپ ھۇۋلىشى ئۇنىڭ تەڭرى بىلەن بولغان سىرلىق مۇناسىۋىتىدىن كەلگەن ئىش. يايلاق مەدەنىيىتىدە بۆرە تەڭرى تەرىپىدىن يايلاقنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن، بۆرە ئۆلسىمۇ، ئۇنىڭ روھى ئاسمانغا قايتىدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ جەسىتى بۆرىگە يەم قىلىپ بېرىلسە، ئۇنىڭ روھى بۆرە بىلەن بىرگە ئاسمانغا چىقىپ كېتەلەيدۇ.

**مۇخبىر:** كەچۈرمىشلىرىڭىزنى دۇنيا قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىش دېسەك بولامدۇ؟

**جياڭ رۇڭ:** شۇنداق. تېرىقچىلىق مىللەتلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ھەممىشە بىر پارچە يەر، ئۇلار كۈن بويى زىرائەت بىلەن ھەپىلىشىپ، نەزەر دائىرىسى تارىيىپ كېتىدۇ. ئۇسسۇملۇك ھايۋانلارغا نىسبەتەن تۈۋەن دەرىجىلىك جانلىق، ھايۋانلار

ئۆسۈملۈككە نىسبەتەن ئالىي جانلىق. چۈنكى، ئۇلاردا قان بار، گۆش بار، ھېسسىيات بار، ئۇلار ماڭالايدۇ، يۈگۈرەلەيدۇ. يايلاقتىكى كەچۈرمىشلىرىم مېنى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ كۆمۈلۈپ كېتىشىگە ئېچىندۇردى. جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى يېرىم يايلاق، يېرىم دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتتى. خۇاشيا مىللىتى ئەمەلىيەتتە يايلاق مىللىتىدىن كېلىپ چىققان، خەنزۇلارمۇ باشقا نۇرغۇن مىللەتنىڭ يۇغۇرۇلمىسى. ئەگەر يېرىم نىسبەتتىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قان سىستېمىسىنى چىقىرىۋەتسەك، خەنزۇ مىللىتى دېگەن گەپ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. مەن بۇ ئەمەلىيەتنى ئوتتۇرىغا ياپغاندىن كېيىن، نۇرغۇن تار پىكىرلىك چوڭ خەنزۇچى مەندىن ئاغرىندى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارمۇ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ قېنىدا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قېنى چورت يوق دېيەلمەيدۇ. يەنە- خۇاڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ چارۋىچى مىللەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم ئىدى.

شۇڭلاشقا، مېنىڭ بۇ كىتابىم نوقۇل كىتاب مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى، سىستېما مەسىلىسى، ئورۇن مەسىلىسى. دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە ئورۇن بېرىلىپلا قالماستىن، يايلاق مەدەنىيىتىگىمۇ ئورۇن بېرىش كېرەك، بۇ ئورۇن بىز بىلەن باراۋەر ھالدا نەچچە مىڭ يىل تۇرغان.

غەرب مەدەنىيىتىمۇ يايلاق مەدەنىيىتىدىن كەلگەن. يېقىندا مەن ئەنگلىيە، ئامېرىكىلىق يازغۇچى ۋە مۇخبىرلاردىن سىلەر «بۆرە توتېمى» نى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن يايلاق مەدەنىيىتىنى غەرب مەدەنىيىتىگە يېقىنراق كۆردۈڭلارمۇ ياكى جۇڭگو مەدەنىيىتىگە يېقىنراق كۆردۈڭلارمۇ، دەپ سورىغاندىم، غەرب مەدەنىيىتىگە يېقىندەك كۆردۇق دەپ جاۋاب بېرىشتى. كېيىن مەن باشقىلارغا بۇ ئەسەرنىڭ غەربلىكلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭدا «جۇڭگونىڭ قىسسىسى، غەربنىڭ روھى» بار دېگەنىدىم.

## گۈبىگىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش

**مۇخبىر:** «بۆرە توتېمى» جىق مۇنازىرە قوزغىدى. گېرمانىيىلىك خەنزۇشۇناس گۈبىك بۇ كىتابنى قاتتىق تەنقىدلەپ، ئەگەر بۇ كىتاب گېرمانىيىدە چىققان بولسا «فاشىزم» دەپ ئەيىبلەنگەن بولاتتى دېگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىكەنسىز. سىز بۇ مۇنازىرىگە قانداق قارايسىز؟

**جياڭ رۇڭ:** «فاشىزم» دېگەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» چە قالپاقتا مېنىڭ ئىنكاسىم مۇنداق: گۈبىك ئەپەندى «فاشىزم»نىڭ نېمىلىكىنى ئانچە ئۇقمايدىغان ئوخشايدۇ. فاشىزم دېگەن نېمە؟ فاشىزم دېگەن ئۆز مىللىتىنى ئۇلۇغلاپ، باشقا مىللەتلەرگە تازىلاش ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدىغان سىياسەت بولۇپ، ئۇ، ئىنسانىيەتكە قارشى مۇستەبىتلىكتۇر. فاشىزم ئۆز مىللىتىنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، باشقا مىللەتلەرنى تۆۋەن دەپ كەمسىتىدۇ. ئۇلارچە، بۇ «مۇنەۋۋەر» مىللەت «تۆۋەن» مىللەتنى خالىغانچە قۇرۇتۇپ، يەر- زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە مۇتلەق بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن مەن «بۆرە توتېمى» دېگەن رومانىمدا جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە تەنقىد يۈرگۈزدۈم، خالاس. مېنىڭ قارىشىمچە، خەنزۇلارنىڭ خاراكتېرىدە چوڭ كەمتۈكلۈك بار بولۇپ، ئۇلار «قوي» ۋە «ئۆي ھايۋىنى» خاراكتېرىدىكى مىللەت. ئەجەبا، ھىتلېر فاشىستلىرى گېرمان مىللىتىنى «قوي» دەپ ئەيىبلىگەنمىدى؟ يەنە كېلىپ «بۆرە توتېمى»دا مەن يايلاق مىللەتلىرى بىلەن خەنزۇ مىللىتىنى قېرىنداش دەپ سۈپەتلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشىنى، ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەتنى تەشەببۇس قىلدىم. كىتابتا، چارۋىچىلار خەنزۇ زىيالىي ياشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتى ھەم دوستى قاتارىدا كۆرىدۇ، خەنزۇ ياشلارمۇ موڭغۇل قېرىلارنى «ئاپا»، «دادا» دەپ چاقىرىدۇ. ئەجەبا، فاشىستلارنى «دادا» دەپ چاقىرغانمىدى؟ چارۋىچىلار بىلەن كەلگۈندىلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت توقۇنۇشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قان تۆكۈلۈش بولمىغان، ئىرقىي تازىلاش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق تېخىمۇ بولمىغان. روشەنكى، «بۆرە توتېمى» فاشىزمغا تامامەن ئوخشىمايدىغان ماھىيەتكە ئىگە. ئەجەبا گېرمانىيە فاشىزمنى ئوبدان چۈشىنىدىغان گۈبىك مۇشۇنچىلىك پەرقىنى ئايرىيالماسمۇ؟ ئەكسىچە ئۇ باشقىلارنى فاشىزم نامى بىلەن قارىسىغىلا ئەيىبلىدى. ئەگەر بۇ ئىشنى گېرمانىيە قانۇن سىستېمىسىغا قويساق، بۇ پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭ نام- شەرىپىگە دەخلى قىلىش جىنايىتىگە ياتىدۇ. مەن گېرمانىيە سوت كوللېگىيىسىگە ئەرز قىلىش ھوقۇقۇمنى ساقلاپ قالىمەن.

يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، مېنىڭ كىتابىمدا دارۋىنىزمچە خاھىش بار ئىكەن. مېنىڭچە، ئۇلار دارۋىنىزمنى يۈزەكى چۈشىنىدىكەن. تۇرمۇشتا ئىككى خىل دارۋىنىزم بار. بىرى، شەرتسىز ھالدا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدىغان ئىجتىمائىي دارۋىنىزم؛ يەنە بىرى، ئىجتىمائىي رىقابەت مەنىسىدىكى دارۋىنىزم. مېنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىم كېيىنكى دارۋىنىزم، يەنى رىقابەت دارۋىنىزمى. خەلقئارادا، جەمئىيەتتە كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدۇ دەپ يۈرۈپ رىقابەتنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك. رىقابەت ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدا كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى يېيىشىگە باراۋەر ئەمەس. پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى داشقازان تامىقى ئىجتىمائىي دارۋىنىزمنىڭ قارشى تەرىپى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رىقابەتنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىنكار قىلغاچقا، ھاياتىي كۈچى يوق بىر تۈزۈلمە بوپقالغان ھەمدە جۇڭگونىڭ قالاق بوپقېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغان. بۈگۈنكى دۇنيا رىقابەت بىلەن تولغان بولۇپ، قالاقلىقنىڭ دەككە يېيىشى ئۆزگەرمەس قائىدە. بىر مىللەت ئاجىز بوپقالسا، باشقىلار ئۇنى بوزەك قىلىدۇ ھەم تارىخ تەرىپىدىن شاللىنىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، يەر شارى ئېڭىغا ئىگە بىر مەسئۇلىيەتلىك كۈچلۈك دۆلەت قالاق دۆلەتلەرگە ياردەم قىلىدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق قالاقلىق ئىنسانىيەت ۋە يەر شارىغا زور ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

**مۇخبىر:** «بۆرە توتېمى» ئىككى گەپكە چېتىلىدۇ. بىرى، دۇنيانىڭ گېپى، يەنە بىرى، جۇڭگونىڭ گېپى. دۇنيانىڭ گېپى

ئەسەردىكى سۆزلەرنى تاللاش ئاپرېلماس ئالاھىدە سۆز ئۇسۇلى سىگىشىپ كەتكەن. مەسىلەن، خاس ۋە ئورتاق تەقدىر ھەققىدىكى قاراش. جۇڭگونىڭ گېپى بولسا سۆزلەرنىڭ سىرتىدا قانات يايغان بىر نۇقتىئىنەزەر ھەققىدىكى مۇزاكىرىدۇر. سىزنىڭ ئەسىرىڭىز ھەققىدىكى مۇنازىرە ئەمەلىيەتتە مۇشۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدەيدۇ. جۇڭگو ھەققىدىكى گەپ خەلقتە (ئېنىقنى دېگەندە خەنزۇلاردا) بۆرە خۇسۇسىيىتى كەم دېگەن مەسىلىگە مەركەزلەشتى. سىز دەۋاتقان بۆرە تەبىئىتى (بۆرىلىك خۇسۇسىيەت) نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

**جياڭ رۇڭ:** مەن بۆرىگە قارىتا تۇپتوغرا ئون نەچچە يىل ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم، ھەتتا ئۆز قولۇم بىلەن بۆرە ئۇۋلاپ، بۆرە باقتىم، يېقىندىن كۆزەتتىم. ئاخىرى بۇ يەردە مەدەنىيەت ۋە تارىخ مەسىلىسىنىڭ ياتقانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. بۇلارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن خەلق ئارىسىدىكى بۆرە ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى يىغدىم، ئىككى يۈزچە ھېكايە قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى. ئاخىرىدا ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ 500 مىڭ خەتلىك «بۆرە توتېمى» رومانىمنى يېزىپ چىقتىم. ئەڭ ئەمەلىي، ئەڭ تىپىك ھېكايىلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە «بۆرە تەبىئىتى»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولدۇم. تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن بۆرە يامانلىق ۋە ۋەھشىيلىكنىڭ سىمۋولى، بۇ، سېپى ئۆزىدىن نادانلارچە قاراش.

مېنىڭ قەلىمىمدىكى «بۆرە تەبىئىتى» نەچچە مىڭ يىل مابەينىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ «بۆرە تەبىئىتى» گە بولغان خاتا چۈشىنىشىنى يېمىرىپ تاشلىيالايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، خەنزۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى بۆرىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەي تۇرۇپ بۆرە ھەققىدە قالايمىقان گەپ قىلسا بولامدۇ؟ يايلاقتىكى بۆرە تەبىئىتىدە ھۇجۇمكارلىق ۋە ياۋۇزلۇق بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق، كۈچلۈكلۈك ۋە ئىلگىرىلەش روھىغا، رىقابەت، پۇرسەت، ئۆز توپى بىلەن ھەمكارلىشىش، مېھرىبانلىق، قوۋمىغا مەسئۇل بولۇش خىسلەتلىرىگە ئىگە. مەن بايقاپ يەتكەن «بۆرە تەبىئىتى» كونا ئۇقۇملاردىن، بالىلار ئۇقۇشلۇقلىرى تىپىدىكى تونۇش رامكىسىدىن ھالقىپ، بۆرىگە ئادىل باھا بېرىشكە يۈزلەنگەن. «بۆرە توتېمى» ھەققىدىكى تەنقىدلەردە مېنىڭ دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلىرىم ۋە خۇلاسىلىرىم كونا قىممەت ئۆلچەملىرى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئەندىزىلىرى بويىچە ئىنكار قىلىندى. بۇ، يېرىم كىلوگرام يىمەكنى جۇڭگونىڭ 16 سەرلىك كونا تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ، كەم بېرىپتۇ، دەپ ئۆكتە قوپۇش بىلەن ئوخشاش ئىش ئەمەسمۇ. كىتابىمنى ئوقۇغان نۇرغۇن ئوقۇرمەن بۆرە ھەققىدىكى قاتمال تونۇشىنى ئۆزگەرتىپ، بۆرىگە چوقۇنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا يۈزلەندى.

**مۇخبىر:** ھە، مۇنداق ئىكەن ـ دە. سىز قەيت قىلىپ ئۆتكەن يايلاق مىللەتلىرىنىڭ «بۆرە تەبىئىتى» نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ھوقۇقى ئىستىلاچىلىق ۋە ھۆكۈمرانلىق دەپ چۈشىنىلگەنچىكە، قىزغىن خاتا مۇنازىرىلەر يۈز بەردىمۇ؟

**جياڭ رۇڭ:** مېنىڭ يايلاق مىللەتلىرىنىڭ «بۆرە تەبىئىتى» دېگىنىم يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداشتەك ھاياتلىق ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ يەنە باتۇرلۇق ۋە ئىنتىپاقلىق بىلەن چېكەتكە، بوران، قار، پاشا، بۆرە ئاپەتلىرى قاتارلىق ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتتىن غالىب كېلىدىغان تېز پۇكمەس مىللىي خاراكتېرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇنداق خاراكتېر بولمايدىكەن، يايلاق ۋە يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلىنىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تارىختا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ «بۆرە تەبىئىتى» تېرىقچىلىق مەدەنىيىتىگە تەھلىكە سالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ يايلاقنى قوغداش، تېرىقچىلىق رايونلىرىنىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنى توسۇش قاتارلىق تۆھپىلىرىمۇ بار. يەنە ئۇ مىللىي سىڭىشىش ئارقىلىق خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئاجىز خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش رولىنىمۇ ئوينىغان. دېمەك، يايلاق مىللەتلىرىنىڭ «بۆرە تەبىئىتى» نى پۈتۈنلەي تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئىستىلاچىلىققا باراۋەر قىلىپ قويۇش بىلمەسلىكتىن كەلگەن مىللىي خۇراپاتلىقتۇر.

**مۇخبىر:** ئەسىرىڭىزنىڭ «ئاساسىي ئېقىم» ئەدەبىياتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن قانداق تەسىراتتا سىز؟ ئەسىرىڭىزنى «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا قاتناشتۇرۇشنى نېمە ئۈچۈن خالىمىدىڭىز؟ باھالاش تۈزۈلمىسىگە پىكرىڭىز بارمۇ ياكى بۇ خىل باھالاش تۈرىنىڭ نەزەرىيىۋى ئۇقۇمىغا پىكرىڭىز بارمۇ؟

**جياڭ رۇڭ:** ئاتالمىش «ئاساسىي ئېقىم»نىڭ ئىككى مەنىسى بار: بىرى، جۇڭگودىكى «ئاساسىي ئېقىم»، يەنە بىرى، خەلقئاراۋى «ئاساسىي ئېقىم». يەر شارىلىشىش دەۋرىدە خەلقئارادىكى ئاساسىي ئېقىمنىڭ ئۆزىلا ھەقىقىي ئاساسىي ئېقىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئاتالمىش ئاساسىي ئېقىملار ئەمەلىيەتتە تارماق ئېقىمدۇر. مەن 2007 ـ يىلى نويابىردا خەلقئارادىكى ئاساسىي ئېقىم ئەدەبىياتى تەسىس قىلغان «مان ئاسىيا ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتىم. غەربنىڭ ھەر قايسى غوللۇق مېدىيىلىرى ئەسەرلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ، يۇقىرى باھا بەردى.

چاڭجياڭ نەشرىيات گۇرۇھى «بۆرە توتېمى»نى بۇ قېتىملىق «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا قاتناشتۇرۇشتىن ئاۋۋال مېنىڭ پىكرىمنى ئالمىدى. شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك خەۋەرنى گېزىتتىن كۆرۈپلا، باھالاش ئىشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدىم. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب، مەن مۇستەقىل، ئەركىن روھنى ياخشى كۆرىمەن. ئەسىرىمنى باھالاشقا قاتناشتۇرماسلىق مېنىڭ تاللاش ئەركىنلىكىم.

---

«جەنۇب ئازنىسى» گېزىتىنىڭ 2008 ـ يىل 2 ـ ئاپرېل سانىدىن.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن** تەرجىمىسى. تىلماچ: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور



# «سلماچلار چارخانسى»دىكى ھېكمەتلەر

## تەپەككۇر چېقىنلىرى

—«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق سانلىرىدىن ھېكمەتلەر

▲ ھۆكۈمەت ئادەمنىڭ ئاشقازىنىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلالمىساق، ئاندىن ئۇ ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ دېگەن گەپ.

— جىن ۋېيجۇن

▲ زامانىمىزغا نەزەر سېلىڭ — ئەرلەر ئاياللىشىۋاتىدۇ، ئاياللار باللىشىۋاتىدۇ، باللار ئەرمەك ھايۋانلىشىۋاتىدۇ، ئەرمەك ھايۋانلار ئىنسلىزادىلىشىۋاتىدۇ، ئىنسلىزادىلەر لۈكچەكلىشىۋاتىدۇ، لۈكچەكلەر مەدەنىيەت بىلەن ئوينىشىۋاتىدۇ، مەدەنىيەت سودىلىشىۋاتىدۇ.

— چېن ساڭ

▲ ھەممە كىشىنىڭ ئۆز يولى بار، ھەممە ئادەمنىڭ يولى ئۆزىگە توغرا. ھازىر (دۇنيادا) بەش مىليارد ئادەم بولسا، بەش مىليارد توغرا يول بار دېگەن گەپ. كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭغۇسى كەلمەي، ھەمىشە باشقىلارنىڭ يولىدا مېڭىشنى ئويلايدۇ.

— توماس بوئىنخاد

▲ كىشى ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىدا ئاتا ـ ئانا، مۇئەللىم، كىتاب، جەمئىيەتتىن ئىبارەت تۆت تەرەپنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىدىكەن. لېكىن قىزىقارلىق يېرى، تۆتىنچىسى ھەمىشە ئالدىنقى ئۈچىگە قارشى ھەرىكەت قىلىدىكەن.

— «سەيلە قىلىۋاتقان كالا»

▲ ھازىرقى ئەڭ چوڭ كرىزىس ئىنساننىڭ قەدىرسىزلىكىدۇر. ئىنسان پەقەت ئىقتىسادىي ھايۋان سۈپىتىدىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرماقتا. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىز روھ ئۆلۈۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز، شۇنداقلا ئۇ مەدەنىيەت تېز تامىقى دەۋرى. مۇنداق ئەھۋالدا ئادەملەر تۇترۇقسىز، جىلخور ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

— شۈي جىيۈەن

▲ دۇنيادىكى بارچە مەسىلە، ئەخمەقلەر بىلەن ئەسەبىيلەرنىڭ ئىشەنچكە تولۇپ تاشقانلىقى، دانالارنىڭ شۈبھە ئىچىدە قالغانلىقىدىن باشلانغان.

— لۈلىڭخەن

▲ بىر ئاتوم ئېنېرگىيىسى ئالىمى ئاتوم فىزىكىسىنى تەتقىق قىلىۋاتقاندا ئۇ زىيالىي ئەمەس، پەقەت يادرو قوراللىرىغا قارشى تۇرۇش خېتىگە ئىمزا قويغاندىلا ئاندىن زىيالىي ھېسابلىنىدۇ.

— سارترىي

▲ تەڭرىنىڭ قائىدىسى ئاۋۋال ئازاب سېلىپ، ئاندىن چىقىش يولى ئاتا قىلىش، ئىبلىسنىڭ قائىدىسى ئاۋۋال ئاۋارىچىلىك پەيدا قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئەقلىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتۇر.

— ليەن يۇ

—ئاۋغۇست (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانى 1 ـ بەت

▲ بىزنىڭ مائارىپ ئەندىزىمىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىمەكتە: پادا بېقىش شەكلىدىن قوتانغا سولاپ بېقىش شەكلىگە، ئەڭ ئاخىرىدا كىشەنلەش شەكلىگە.

— تيەن جىنگو

▲ بەھس ـ مۇنازىرىنىڭ ئوندىن توققۇزىنىڭ نەتىجىسى ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىگە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئىشىنىش بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ.

— لى دېڭمىڭ

▲ ھاياتلىق ھەرگىزمۇ بىر قېتىملىق مەۋسۇملۇق ئىمتىھان

## ھەيرانباغ تەرمىلىرى

ئەمەس، بەلكى ھەر كۈنى داۋام قىلىدىغان تۈيۈقسىز سىناق.

— ئان كرىتىدىن

▲ دۇنيادىكى بارچە تەجرىبە- ساۋاقنى ئىدىمىقىلەر يەكۈنلەپ بولغان، بۈگۈنكىلەر ئۇنى پەقەت يىغىلاپ قويىۋۋاتىدۇ، خالاس.

— يۈيى

▲ ئەركىنلىك دېگەن خالىغاننى قىلىش ئەمەس، بەلكى نېمىگە مەيلى بولمىسا، شۇنى قىلماسلىقتۇر.

— كاڭدې

▲ رەھبەرلەر بىلەن بىزنىڭ پەرقىمىز: ئۇلار قىزىل پاياندازدا ماڭىدۇ، بىز ئالابالداقلىق يولدا.

— ليەن يۇ

▲ سۇغۇرتا — ئىشلىتىلمىگەندە ئازابلايدىغان، ئىشلىتىلگەندە تېخىمۇ ئازابلايدىغان نەرسە.

— بەي مىجۇ

▲ جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر يىللىق كىتاب سېتىۋېلىش پۇلى يانفوننىڭ قىسقا ئۇچۇر ھەققى بىلەن ئاساسەن تەڭلىشىپ قالىدۇ. مانا بۇ ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت مەسخىرىسى بولۇپ، ئۇ، جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى كەمتۈكلۈكنى مەسخىرە قىلماقتا.

— جۇداكى

▲ بىر ئەلنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچ ئىشقا قارىساقلا كۇپايە: بىرى، ئۇلارنىڭ بالىلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى، بىرى، ئاياللارغا قىلغان مۇئامىلىسى، يەنە بىرى، بوش چاغلىرىدا كىتاب ئوقۇش- ئوقۇماسلىقى.

— خۇشى

—ئىيۇل (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانى 1-بەت

▲ سىياسىيونلار باشقىلاردىن پايدىلىنىدۇ، مائارىپچىلار باشقىلارنى ئۆزگەرتىدۇ، سەنئەتكارلار باشقىلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

▲ ئادەم دېگەن ئىقتىسادنىڭ ھايۋىنى، ئىدىيىنىڭ قۇلى، ئىجادىيەتنىڭ خوجايىنى.

— لىن كەي

—ئىيۇل (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانى 33-بەت

▲ تەقدىر پەقەت قارتنى ساناشقىلا مەسئۇل، لېكىن قارتنى ئوينايدىغىنى ئۆزىمىز.

—FIY

▲ ئەڭ دانا كىشىلەر، بىر نەرسە دېيىشتىن ئاۋۋال قايتا-قايتا ئويلىنىپ، ئاندىن ھېچنېمە دېمىگۈچىلەردۇر.

— سى ۋۇ

—يانۋار (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانى 1-بەت

▲ نىكاھ دېگەن مۇھەببەتنىڭ قەبرىستانلىقى— ئەگەر ئۆيىڭىز بولمىسا قەبرىستانلىققىمۇ كىرەلمەيسىز.

▲ كومپيۇتېرنىڭ قىتئۇېلىشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى، ھۆججەتنى ساقلاپ قويمىغانلىقىڭىز. بۇ خۇددى تۇرمۇشقا ئوخشايدۇ: مەغلۇبىيەت قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق تەجرىبە- ساۋاقنىڭ يەكۈنلەنمەسلىكى.

— «ئاددىي ئىنسان»

▲ تۇنجى تەسىر بەك مۇھىم، بىراق تۇنجى تەسىرگە تايىنىۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ بەك ئىشەنچسىز. چۈنكى ساختىلىق سەممىيەتنى نىقاب قىلسا، قوپاللىق نەپىسلىكتە ئورۇنۇۋالىدۇ.

▲ قىسمەن ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن ئېلىشقان بولسا، ھازىر شەھەرلەر بىلەن ئېلىشماقتا.

—مارت (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانى مۇقاۋىسى

▲ ھۆكۈمەتنىمۇ تەنقىدلىگىلى بولامدۇ؟ باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرى بىزگە ئۇنداق ئۆگەتمىگەن تۇرسا!

— شياۋشياۋ

▲ جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات دەرسى ئەمەلىيەتتە سىياسەت دەرسىدۇر.

— ۋاڭ شياۋفىڭ

—ئۆكتەبىر (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانى 1- بەت

▲ تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر تراگېدىيە ئىكەن، بىز تېخى مېڭىشنى بىلمەستىن تۇرۇپ سەھنىگە ئىتتىرىپ چىقىرىلىدىكەنمىز، ئويۇن تېخى ئاخىرلاشماستىن تۇرۇپ يەنە قوغلاپ چۈشۈرۈلىدىكەنمىز.

—نويابىر (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانى مۇقاۋىسى

▲ ھېچقانداق بىر تالانت ئىگىسى دەرىخانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇنى دەرىخانىدا ئۆلۈپ قالغان.

— ماچاڭشېن

▲ زىيالىي دېگەن دۇنيانىڭ تۈزى، لېكىن مەسىلە، تۈزنى قورۇمىلارغا سېپىشتىمۇ ياكى يارا ئېغىزىغىمۇ.

—WNNIEJ

▲ جۇڭگولۇقلارنىڭ رايىشلىق، بوشاڭلىق، ئەخمەق قىياپەتكە كىرىۋېلىش، گاللاڭ بولۇۋېلىش، سۈكۈت قىلىش، تەركىدۇنيا بولۇۋېلىش، كۆن ئۆتكۈزۈش، قول ئۇچىدا ئىشلەش، بىمەنىلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك قاتارلىق قىلمىشلىرى ئەمەلىيەتتە بىر خىل شەكلەن بويسۇنۇش بولۇپ، ئۇ، ئاجىزلارنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

— چىن ساڭ

—سېنتەبىر (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانى مۇقاۋىسى

▲ نيۇ-يورك بەش خىل ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان: يەنى، ھاۋا، تۇپراق، سۇ، ئوت ۋە دوللار، ئۇنىڭ ئىچىدە دوللارنىڭ ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ئەڭ چوڭ.

— ۋىليام كراين

▲ كۈتۈپخانىدىكى بارلىق بىلىم ھەقسىز، لېكىن قاچىنى ئۆزىڭىز تەييارلايسىز.

— مەلۇم كۈتۈپخانىنىڭ ئەسكەرتمىسى

▲ بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك كۆرسەتكۈچى يېرىم ئەسىر ئاۋۋالقىدەك بايلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قاراشمۇ ئەمەس، ھازىرقىدەك بايلارنى تەربىيىلەشمۇ ئەمەس، بەلكى بايلارنى قويۇۋېتىپ، كەمبەغەللەرنى يۆلەش بولۇشى كېرەك.

— جاڭ پىڭ

▲ دۆلەتنىڭ بايلىقى پاختا ۋە ئالتۇن بولماستىن، بەلكى خەلقتۇر.

— ھاۋىي

▲ ۋارقىراپ ئىشەندۈرەلمىسىڭىز، كۇسۇلداپ سۆزلىسىڭىز ئىشىنىدۇ، يۇز تۇرانە دەپ ئىشەندۈرەلمىسىڭىز، كەينىدىن دېسىڭىز ئىشىنىدۇ؛ ئۆزىڭىز دەپ ئىشەندۈرەلمىگەندە، باشقىلارغا دېگۈزسىڭىز ئىشىنىدۇ، دۇرۇس سۆزلەپ ئىشەندۈرەلمىسىڭىز، ئەپسانە گەپلەرنى ئارىلاشتۇرسىڭىز ئىشىنىدۇ.

ــ مەنسەپدارلار سورۇنىدىكى ئالاقىلىشىش سەنئىتى

▲ شان ـ شەرەپ بىر گۈزەل مەنزىرىدۇر، ھۇزۇرلىنىشقىلا بولىدۇ، خۇددى كۆكتىكى بۇلۇتتەك؛ يېتىۋالسىڭىز بولمايدۇ، يېتىۋالدىڭىزلا چۈشۈپ كېتىسىز.

ــ يۇمنخۇك

▲ جۇڭگولۇقلار دەۋاتقان «چەت ئەللىك دوست» سۆزى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي دوستى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدىكەن. مېنىڭ چۈشەنچەمدە، جۇڭگولۇقلار كۆرۈشۈپ باقمىغان كىشىلەرنى «دوست» دەيدىكەن. مەسىلەن: كىتابنىڭ «ئوقۇرمەن دوست»ى، رادىئو ئىستانسىسى پروگراممىلىرىنىڭ «رادىئو ئاڭلىغۇچى دوستلار»ى بولىدىكەن، باللار ئەزەلدىن «كىچىك دوست »ئىكەن.

ــ بىر «چەت ئەللىك»نىڭ بايقىشى

▲ بايلىققا دۈچ كەلمىگىنى ئىنسابلىق؛ ئاشنا ئويناپ باقمىغىنى دۇرۇس؛ سۆگەك غاجاپ باقمىغىنى ياخشى ئىت؛ خىيمخەتەرنى كۆرمىگىنى قەھرىمان ئىكەن.

ــ «تورداش»

ـ ئۆكتەبىر (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانى 1 ـ بەت

▲ كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يەيدىغان جەمئىيەتتە بەزىلەر پەقەت بۆرە بىلەن قوي بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىللا تاللىشىمىز بار دەيدىكەن. لېكىن، مېنىڭچە، ئۈچىنچىسى، يەنى مالچى ياكى مال ئىتىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى نەسىللىك قويلارنى قوغداشلا، خالاس. ھالبۇكى، سانى تېخىمۇ كۆپرەك بولغىنى تاماشىبىنلار بولۇپ، ئۇلار قىلچە تەۋرەپ قويمىغاننى ئاز دەپ، تېخى يەنە «ئادەم قېنىغا چىلانغان ھورنان»نى ياكى «قوي قېنىغا چىلانغان ھورنان»نى يەيدۇ.

ــ شۇشياۋبىڭ

ــ دېكابىر (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانى 1 ـ بەت

# چوڭلار ۋە باللار

▲ باللار ئۆز دۇنياسىدا ياشايدۇ، چوڭلار باشقىلارنىڭ دۇنياسىدا.

▲ بارچە بالا تالانت ئىگىسىدۇر، پەقەت چوڭلارلا ئۇلارغا ھەر كۈنى بىر دۆۋە دەرسلىكنى يۈكلىمىسىلا.

▲ باللارنىڭ ھەممىسى سېھىرگەرلىكنى ياخشى كۆرىدۇ، چوڭلار بولسا ئالدامچىلىقنى.

▲ ئويۇنچۇق باللارنىڭ ھاياتى، سودىگەرلەرنىڭ بولسا تىجارىتىدۇر.

▲ باللار بىر سەبىي دۇنيادا ياشايدۇ، چوڭلار ھەر كۈنى تالىشىدىغان دۇنيادا.

▲ چوڭلار باللارنى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ دەپ قارايدۇ، بىراق چوڭلار ھەممىنى چۈشەنگىنى بىلەن باللارنى چۈشەنمەيدۇ.

▲ باللارنىڭ بىردىنبىر بېسىمى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېسىمىدۇر.

▲ باللار تەۋەككۈلچىلىكنى خىيال قىلىدۇ، چوڭلار بولسا بىخەتەرلىكنى.

▲ ئەمەلىيەتتە باللارنىڭ ھەممىسى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەر قانداق ئالىمدىنمۇ بەكرەك تەجرىبە روھىغا ئىگە. بۇنداق دېگىنىمىز، ئۇلار قوللىرىدا تۇتقان ھەر قانداق نەرسىنى تەجرىبە قىلالايدىغانلىقىدا.

▲ باللار خىلمۇ خىل ئويۇننى ئوينايدۇ، چوڭلار بولسا پۇل ئويۇنىنىلا.

▲ «مەن پەقەت بۇ گۇللەرنى سۇغىرىپ قوياي دېگەنتىم» دەيدۇ ــ گۇللۇك كىرلىككە سىيىپ قويغان بىر بالا.

▲ ئاپتاپتىن، شامالدىن، يامغۇردىن، مەينەتچىلىكتىن قېچىشقا باشلىغىنىڭىز ــ باللىقىڭىزنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى.

▲ باللارنىڭ ھەممىسى ھايۋاناتلار بىلەن، گۈل ـ گىياھلار بىلەن، شامال ـ بۇلۇتلار بىلەن، ئاي ـ يۇلتۇزلار بىلەن پاراڭلىشالايدۇ ــ ئىشقىلىپ بۇلار ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىلەن پاراڭلاشقانغا قارىغاندا قىزىقارلىق.

▲ يالغۇز بالا تەسەۋۋۇرغا تېخىمۇ موھتاج. چۈنكى ئۇ پەقەت ئۆزى بىلەنلا ئوينايدۇ.

▲ باللارنىڭ تۇنجى سودىسى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن نومۇرغا سوۋغات ئالماشتۇرۇشتۇر.

▲ باللار دۇنيادا خىلمۇ خىل جادۇ ـ سېھىرنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، چوڭلار پەقەت خىلمۇ خىل ئاساسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، دەۋا قانۇنى ۋە شىركەت قانۇنىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا.

▲ ھەر بىر بالا بەخت پەرىشتىسىدۇر، تاكى چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر غەملىرى بىلەن ئۇلارنى پانىي ئالەمگە چۈشۈرۈۋەتكەنگە قەدەر.

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما »ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىل ئىيۇل (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىدىن.

**نۇرشاد مەمتىلى** تەرجىمىسى. ئىشلەمچى: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

# ھېكمەتلەر

▲ بىراۋنى قايىل قىلماقچى بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ غېمىنى قىل؛ ئۇنىڭغا مەنپەئەت يەتكۈز.

▲ دۈشمەنلىرىڭنىڭ قىممىتىنى بىل. چۈنكى ئۇلار سەۋەنلىكىڭنى ھەممىدىن بۇرۇن بايقىغۇچىلاردۇر.

▲ گۇناھنى خوتۇنۇڭنىڭ كالتە پەملىكىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ كىمگە ياتلىق بولغانلىقىدىن كۆر.

▲ بالاڭنى بايلىقىم بولسۇن دېسەڭ، ئۇنىڭغا بايلىق قالدۇرما.

---

«نەزەر»ژۇرنىلى 2009 ـ يىل 9 ـ سانىدىن **مەمتىمىن ئىسمائىل** تەرجىمىسى. ئىشلەمچى: يېڭىشەھەر ناھىيە يېمەكلىك ـ دورا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خادىمى

# ھېكمەتلەر

▲ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ چىشىغا تېگىپ باقمىغان كىشىنىڭ ئۇلار بىلەن سىرداشلاردىن بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى

زىيادە مۇلايىملىق ۋە ئەپۇچانلىق ئىنساننى تۆۋەن ۋە جاسارەتنى بەربات قىلىدۇ.

▲ نۇرغۇن كىشى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى بىر تالاي تۇرمۇش تەجرىبىسىگە يىغىنچاقلايدۇ. ھالبۇكى، باشقىلارغا كۆرە ئېيتقاندا ئۇ تەجرىبىلەر ئەبەدىي خوپ كەلمەيدىغان كونا كىيىملا، خالاس.

ھەزرىتىئەلى تۇراق تەرجىمىسى. تىلماچ: يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

## «كەتكەننى كەتتى، كەلگەننى كەلدى» دېمە

### ئا. سادىق ئوسمان ئوغلى

ئەرزۇرۇمدا بىر چومچى بار ئىكەن. يىللاردىن بېرى چوم تىكىپ سېتىپ تاپقان ئالتۇنلىرىنى بىر كونا چومنىڭ ئىچىگە تىقىپ، دۇكاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇپ ساقلايدىكەن. بىر كۈنى چومچى ناماز ئوقۇغىلى مەسچىتكە كەتكەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بۇ چومنى بىر كارۋانبېشىغا ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋېتىپتۇ. شاگىرتلار ئۇستىسى دۇكانغا كېلىشى ھامان خۇددى سۆيۈنچە ئالماقچى بولغاندەك ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ «ئۇستام، ھېلىقى كونا چومنى سېتىۋەتتۇق، خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭدىن ئاخىرى قۇتۇلدۇق» دېيىشىپ كېتىپتۇ. شاگىرتلار ئۈچۈن سۆيۈنچە بېرىلىدىغاندەك بۇ كاتتا خەۋەر ئۇستىسىنى ئېغىر دەردكە مۇپتىلا قىپتۇ. لېكىن دەردىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھال چومچىنى تىكىۋاتقان چوملىرىغا ھەر بىر مىخ قېقىۋاتقاندا «كەتتى دېگىلى بولمايدۇ» دەپ پىچىرلاشقا ئادەتلىنىدۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى ئوغلى ئۇنىڭغا «دادا، بۇ نېمە ئىش؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەر بىر مىخ قاققىنىڭىزدا «كەتتى دېگىلى بولمايدۇ» دەيدىغان بوپقالدىڭىز. بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟» دەپ سورىغانىكەن، دادىسى «ئوغلۇم، بۇنداق دېمەي قانداق قىلىمەن؟ تىلىم مۇشۇنداق دەپ ئادەتلىنىپ قاپتۇ، پەقەتلا تاشلىيالمايۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى چومنى سېتىۋالغان كارۋانبېشى دۇكانغا كىرىپ «ئۇستام، بۇ چومنى مۇشۇ دۇكاندىن ئالغانىدىم. بىراق تۆگىنىڭ دۈمبىسىگە پېتىپ يىغىر قىلىپ ئارام بەرمىدى. بۇنى باشقا چومغا ئالماشتۇرۇپ بېرىڭ» دەپتۇ. چومچى تولىمۇ سۆيۈنۈش ۋە ھاياجان بىلەن «ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئالماشتۇرۇپ بېرەي» دەپ ئۇنى يېپيېڭى بىر چومغا ئالماشتۇرۇپ بېرىپتۇ. چومچى بۇ كونا چومنى قولىغا ئېلىپ تەكشۈرۈپ كۆرگىنىكەن، ئالتۇنلىرى ئۆز جايىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئاللا ماڭا نېسىپ قىلغان رىزقىمغا كىم ئىگە بولالايتتى؟» دەپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كېتىپتۇ. چومچى شۇنىڭدىن كېيىن تىككەن ھەر بىر چومغا مىخ قاققاندا «كەلدى دېگىلى بولمايدۇ» دەپ پىچىرلايدىغان بوپقاپتۇ.

تۈركچىدىن مۇھەممەت ئىمىن چوپانىي تەرجىمىسى. تىلماچ: جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاغىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ خادىمى

## ئەڭ ئېسىل بايلىق نەدە؟

### ئابدۇغەنى توختى توغرۇل

بىر زىيالىيدىن:
— ئەڭ ئېسىل بايلىقىمىز نەدە؟— دەپ سورىدىم.
— كىتابخانىدا،— دېدى زىيالىي.
بىر تېۋىپتىن سورىدىم:
— ئەڭ ئېسىل بايلىقىمىز نەدە؟
— تەن ساقلىقتا،—دېدى تېۋىپ
بىر ئارخېئولوگدىن سورىدىم:
— ئەڭ ئېسىل بايلىقىمىز نەدە؟
— يەر شارىدا، بولۇپمۇ ئىنسانىيەت ئاياغ باسمىغان تاغ-ئېدىر، چۆل-جەزىرىلەردە،— دېدى ئارخېئولوگ.
بىر جاھانكەزدىدىن سورىدىم:
— ئەڭ ئېسىل بايلىقىمىز نەدە؟
— پادىشاھنىڭ خەزىنىسى بىلەن باي-غوجاملارنىڭ ئامبارلىرىدا،— دېدى جاھانكەزدى.
بىر ئوقۇغۇچىدىن سورىدىم:
— ئەڭ ئېسىل بايلىقىمىز نەدە؟
— ۋەتەن-مىللەتنى سۆيىدىغان قابىل ئوقۇتقۇچىلاردا،— دېدى ئوقۇغۇچى.
بىر ئۆلىمادىن سورىدىم:
— ئەڭ ئېسىل بايلىقىمىز نەدە؟
— تىلىمىزدا، دىلىمىزدا، ئېتىقادىمىزدا،—دېدى ئۆلىما.

دۇنيادىكى نوپۇزلۇق تىل-يېزىقتىن بىرقانچىنى بىلىدىغان، ھەمىشە ئانا تىل-يېزىقتىكى كىتاب-ژۇرناللاردىن سىرت باشقا تىل-يېزىقتىكى كىتاب-ژۇرناللارنىمۇ قويماي كۆرىدىغان بىر دوكتور ساۋاقدىشىمدىن:
— ئەڭ ئېسىل بايلىقىمىز نەدە؟— دەپ سورىدىم.
— خەلقچىل مۇھەررىرلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ قان-تەر بەدىلىگە روياپقا چىققان ۋە چىقىۋاتقان كىتاب-ژۇرناللاردۇر،—دېدى دوكتور ساۋاقدىشىم.

ئاخىرىدا، خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان خەلقپەرۋەر بىر مۇھەررىردىن:
— ئەڭ ئېسىل بايلىقىمىز نەدە؟— دەپ سورىدىم.
— ئەقلىمىزدە،— دېدى مۇھەررىر كېسىپلا.

مەن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ بۇ سوئال ھەققىدە ئەمدى يەنە باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشنىڭ قىلچە ئورنى قالمىغانلىقىنى تولۇق چۈشەنگەندەك بولدۇم.

ئاپتور: ئۈرۈمچى «توغرۇل» كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى



# مەن كۆرگەن پروفېسسورلار

ـ ئاپتورنىڭ يېقىندا نەشرگە تەييارلانغان «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابىدىن پارچە

**زۇلپىقار بارات ئۆزباش**

1

ئۆزىمىز تونۇش بىر ئۆيگە كىرسەك ، ئۆيدە يېڭىدىن پەيدا بوپقالغان چىراغ، رەسىم، سائەت دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوڭايلا بايقىۋالىمىز. ئەمما، ئۆزىمىزگە تونۇش ئۆيدىن يىتكەن نەرسىلەرنى بايقاش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. كۆزلىرىمىز، قۇلقىمىز يېڭىدىن پەيدا بولغان ئادەملەرگە، نەرسىلەرگە سەزگۈر؛ لېكىن ئارىمىزدىن يىتكەن ئادەملەرنى، نەرسىلەرنى دەرھال ھېس قىلماق ئاسان ئەمەس. بەزىدە مەلۇم قىممەتلىك ئادەم ياكى نەرسە ئارىمىزدىن يىتىپ نەچچە ھەپتە، نەچچە ئاي، ھەتتا نەچچە يىل ئۆتكەندىمۇ بىز ئۇلارنىڭ يوقلۇقىنىڭ قانچىلىك بوشلۇق پەيدا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرەلمەيمىز.

بۈگۈن ئۇيغۇرلار قىممىتىنى دەرھال ھېس قىلالمايۋاتقان، ئەمما يوقلۇقى بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تېيىز ـ چوڭقۇرلۇقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ئىجتىمائىي توپ بار. بۇ ئىجتىمائىي توپ دەل ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، شەرىپىددىن ئۆمەر، خەمىت تۆمۈرىي، تۇرسۇن ئايۇپ... قاتارلىق ۋاپاتى بىلەن ھەم مۇنبەردە ھەم مەتبۇئاتتا زور يوقىتىش پەيدا قىلغان كلاسسىك زىيالىيلار توپىدۇر. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئىلىم ھەم پەزىلەت بابىدا يېتىلگەن پروفېسسورلارنىڭ، زىيالىيلارنىڭ رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان ۋاقتىم دەل زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ۋە ئورنى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان چاغلىرىم بولغاچقا، مەكتەپتە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپلا يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ باشقا پروفېسسورلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرىدىم.

تۇنجى بولۇپ يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم، ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلار يېتەكچىسى، پروفېسسور سۇن كىچەي بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ــ ئامېرىكىدىكى ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولغان ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان، چىرايىدىن ھەمىشە يېقىملىق تەبەسسۇم كەتمەيدىغان، 45 ياشلار چامىسىدىكى سالاپەتلىك ئادەم ئىدى. مەن ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىشتىن بۇرۇن ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى پروفېسسورلارنىڭ سېھرىي كۈچى، پەزىلىتى، بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى ھەققىدە نۇرغۇن ئىجابىي باھا، تەرىپنى ئاڭلىغاندىم. كورىيە قان سىستېمىسىدىن بولغان، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تاكى ئۇنىۋېرسىتېتقىچە ئامېرىكا مائارىپىنى قوبۇل قىلغان يېتەكچى پروفېسسورۇم سۇن كىچەيدە تەسەۋۋۇرۇمدىكى پروفېسسورلارنىڭ جىمى ئالاھىدىلىكى تېپىلاتتى . پەقەتلا ئۆكى

ئۇستاز سۆيىتى

ۋە كورىيە فىلىملىرىدە جىق كۆرگەن مۇلايىم، ئېغىر - بېسىق، كىنو چولپانلىرىغا خاس سالاپىتى ئۇنى خىيالىمدىكى ئاق تەنلىك پروفېسسورلاردىن سەل پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى.

هاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى» غا مەسئۇل خادىم تېپىپ بەرگەن ئېلخەت ئادرېسى بويىچە پروفېسسور سۈن كىچەيگە خەت يازدىم. پروفېسسور ئەتىسى ئەتىگەندىلا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. جاۋاب خەتتە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋاقتىمنىڭ بار- يوقلۇقىنى سوراپتۇ. ۋاقتىم بارلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يېزىۋەتتىم. چۈشكە يېقىن سىم- سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. مەن بالكونى ئوچۇق ئاشخانىمىزغا بالدۇرراق چىقتىم- دە، چۈشلۈك تاماققا تەييارلىق قىلغاچ پروفېسسور مەندىن سوراپ قېلىش ئېھتىمالى بار سوئاللارنى پەرەز قىلىپ خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئەمما سەل- پەل جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. سەۋەبى: بىرى، مېنى هاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا تاللىغىنى دەل مۇشۇ پروفېسسور بولۇپ، سوئالغا لايىقىدا جاۋاب بېرەلمەي قالسام سەت بولارمۇ دەپ ئەندىشە قىلاتتىم. يەنە بىرى، تۇنجى ئۇچرىشىش مەن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، سۆھبەت داۋامىدا ئۆزۈمنى قانچىلىك دەرىجىدە كۆڭۈلدىكىدەك ئىپادە قىلالىشىم ۋە ئۆزۈم تاللىغان «كىملىك ۋە شەھەرلىشىش» تېمىسى ھەققىدە قانچىلىك تونۇش ھاسىل قىلغانلىقىم پروفېسسورنىڭ ماڭا بولغان چۈشەنچىسىدە مۇھىم رول ئوينايتتى. يەنە كېلىپ، جىددىيلىشىشىمگە ئۆرۈمچىدىكى چېغىمدا پىسخىكامدا تەبىئىي ھالدا يىلتىز تارتقان ئامېرىكا پروفېسسورلىرىنى چوڭ بىلىش ھېسسىياتىمۇ سەۋەب بولۇۋاتاتتى.

يېتەكچى پروفېسسورۇم بىلەن ئۆتكۈزگەن تۇنجى قېتىملىق سۆھبىتىمىز ئۆزۈم ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك تەبىئىي ۋە ئوڭۇشلۇق بولدى. پروفېسسورنىڭ مېنى قىزغىنلىق بىلەن ئاشخانىسىغا باشلىشى بىلەن جىددىيلىكىم سەل پەسەيگەندەك بولدى. مېنى ھەيران قالدۇرغان نۇقتا شۇ بولدىكى، مۇلايىملىق ۋە سىلىقلىق ئاياللارنىلا ئەمەس ئەرلەرنىمۇ ئاجايىپ زور سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدىكەن. پروفېسسور سۈن كىچەينىڭ چىرايىدىكى تەبىئىي كۈلۈمسىرەش، گەپ- سۆزى، يۈرۈش- تۇرۇشىدىكى سىپايىلىك تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا ماڭا بۆلەكچە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى ھەم جىددىيلىكىمنى سەل- پەل بولسىمۇ پەسەيتكەنىدى.

— ئاۋۋال بىر ئىستاكاندىن قەھۋە ئىچەيلى، — پروفېسسور بىر دەمدىلا ئىككى ئىستاكان قەھۋە دەملەپ بىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا، بىرنى ئالدىمدىكى شىرەگە قويدى.

— سىز تولۇق كۇرستا جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئوقۇماپتىكەنسىز، — دېدى پروفېسسورۇم قەھۋەدىن ئوتلىغاچ، — ئەمما شەخسىي بايان (Personal Statement)[1] ىڭىزدىكى بەزى قاراشلىرىڭىز ۋە خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن قىلغان ئىشلىرىڭىز مېنى قىزىقتۇردى. بەلكىم، «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى» غا مەسئۇل دوكتور كىم سىمول سىزگە دېگەن بولۇشى مۇمكىن، سىزنى مەن تاللىغان.

— رەھمەت، — دېدىم مەن تەمى قىرتاق، ئەمما باھاسى قىممەت قەھۋەنى (باھاسىنىڭ قىممەتلىكىنى كېيىن ئۇقتۇم. ئۆرۈمچىدىكى چېغىمدا ھەرقانچە قىلىپمۇ قەھۋە ئىچىشكە كۆندۈلمىگەنىدىم) بايقىماستىن گۇپپىدە ئىچىپ سېلىپ، — مېنى سىزنىڭ تاللىغانلىقىڭىزنى كىم سىمول ئەپەندىم ماڭا ئېيتقان.

— «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىش ئاسان قولغا كېلىدىغان پۇرسەت ئەمەس. سىزنىڭ بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەپ ياخشى ئوقۇيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

— رەھمەت، — دېدىم پروفېسسورنىڭ گېپىدىن ئىلھاملىنىپ، — جەمئىيەتشۇناسلىق بىز ئۇيغۇرلاردا بىر بوشلۇق. بىزدە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن جاۋاب ئىزدەيدىغان تېمىلار بەك جىق. بۇرۇن جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئوقۇمىغان بولسامۇ، «فورد ئوقۇش مۇكاپاتى» نامزاتلىقىغا تاللانغاندىن كېيىن بۇ ھەقتە خېلى ئىزدەندىم، تىرىشىپ ئوقۇيمەن.

جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى كىملىك تەتقىقاتىغا قىزىقىدىغانلىقىمدىن پروفېسسورنىڭ خەۋىرى بار ئىكەن. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا قايسى نۇقتىنى تۇتقا قىلىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن «شەھەر ئۇيغۇرلىرى ۋە كىملىك» دېگەن تېمىدا ئىزدىنىشنى پىلانلاۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. ئەسلى پروفېسسورمۇ كىملىك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن ۋە بۇ ساھەدە «كىملىكنى تاللاش» (Choosing Identity) دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇرغانىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ھازىر بىرەر تۇغقىنى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى بىرەر مىللەتتىن بوپقالسا، ئۆزى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى شۇ مىللەتنىڭكىگە ئۆزگەرتىۋېتىدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر بوپقالغىنىدىن پۇشايمان قىلىدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇ بۈگۈنكى تۈرلۈك جىددىي كرىزىس ئالدىدا تەمتىرەپ قېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىك كاپىتالى نۇقتىسىدىن ئاجىز كېلىۋاتقانلىقى ۋە بۇ ھادىسىنىڭ شەخسنىڭ سۇبيېكتىدا سىڭدۈرۈلۈشتىن ئۆتۈپ ئىجتىمائىي رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ ھەقتىكى بايانلار پروفېسسور سۈن كىچەينىڭ يۇقىرىقى كىتابىدا بار بولۇپ، ئامېرىكىغا كەلگەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئامېرىكىلىق بولۇشقا نېمە ئۈچۈن كۆچەيدىغانلىقى، ئەمما ئامېرىكانلارنىڭ دۇنيانىڭ نەرىگە بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز كىملىكىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كىملىك ھادىسىسىنىڭ چوڭقۇر سەۋەبلىرى تەھلىل قىلىنغانىدى. كىملىكنى تاللاش ئەمەلىيەتتە ھوقۇق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىدى.

پروفېسسور سۈن كىچەي بىلەن يېرىم سائەتكە يېقىن پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر پىكىردىن كۆرە ئادەمگە ئۇنىسىز تەربىيە بېرىدىغان سىپايىلىكى ۋە كۆڭۈلچەكلىكى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بىرەر نۇقتىدا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغىنىمدا ياكى ئۆزۈمگە تازا تونۇشلۇق بولمىغان تېمىلاردا ئويلىنىپ قالغىنىمدا، پروفېسسور مېنى

خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن گەپنىڭ تېمىسىنى مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مەزمۇنغا يۆتكەيتتى. بۇ ھالدا مەنمۇ ئۆزۈمنى دەرھال ئوڭشىۋالاتتىم ـ دە، يەنە بىر تېمىنى چۆرىدەپ بولۇۋاتقان پاراڭغا دەرھال كىرىشەلەيتتىم. ئارىلىقتا ئائىلە ئەھۋالىم، قىزىقىشىم، ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەندىن كېيىنكى تۇرمۇشۇم خۇسۇسىدا پاراڭلار بولۇندى. سۆھبىتىمىز ئاخىرلىشىدىغان چاغدا مەن ئۈرۈمچىدىن ئېلىپ كەلگەن بىر داپ بىلەن بىر ئايالچە دوپپىنى خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدە پروفېسسورغا سۇندۇم:

ـ ئاددىي بولسىمۇ قوبۇل قىلىڭ. بۇ چالغۇنىڭ ئىسمى داپ، ئۇيغۇر سەنئىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان چالغۇ. بۇ باش كىيىمنىڭ ئىسمى دوپپا، ئۇنى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆز قولى بىلەن تىككەن. بۇ دوپپىنى ئايالىڭىزغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەندىم .

پروفېسسور «نېمىدېگەن چىرايلىق!» دەپ دوپپىنى سىلاپ كەتتى ۋە ماڭا قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتقاچ داپنى تاراڭشىتىپ باقتى. پروفېسسور دوپپىنى سىلاۋاتقان شۇ دەقىقىدە ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» ناملىق كىتابىدىكى، دوپپىلارنىڭ ياپونىيىگە كەلگۈچە بويىقى چىقىپ، ئادەمگە بەرگۈسىز بوپقالغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار ئېسىمدىن كېچىپ ئۆلگۈردى. پروفېسسور دوپپىنى كىتاب جاھازىسىغا تىزدى، داپنى ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا ئاستى ۋە ھېسسىياتلىق قىلىپ «مەن ئۇيغۇرلارنى بىلىمەن! سىز جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ھەم مېنىڭ قولۇمدا تەربىيىلىنىدىغان تۇنجى ئۇيغۇر بولدىڭىز. سىز بەرگەن بۇ يادنامىلار ماڭا ئۇيغۇرلارنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ» دېدى. ئامېرىكانلار ئادەمنى گەپ ئارقىلىق خۇش قىلىشنى بىلەتتى. يېتەكچى پروفېسسورنىڭ يۇقىرىقى گېپى مېنى خۇشھال قىلدى.

خوشلىشىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم. پروفېسسور ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىققاچ نېمە ئىش بولسا تارتىنماي ئۆزىگە دېيىشىمنى تاپىلىدى ۋە گېپىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئۆزۈم قىزىققان «شەھەرلىشىش ۋە كۆچمەنلىك» دېگەن تېما ھەققىدە قورقماي ئىزدىنىشىمنى ئېيتتى. پروفېسسورۇمنىڭ ئىشخانىسىدىن جىددىيلىكىم يوقالغان، ئىلھام ۋە كۈچكە تولغان ھالدا روھلۇق يېنىپ چىقتىم. قايتقۇچە بىر پروفېسسوردىكى پەزىلەت ۋە سېھرىي كۈچنىڭمۇ ئوقۇغۇچىغا تەسىر قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلاندىم. پروفېسسور پەزىلەتنىڭ ئۈنسىز تەربىيىدىكى رولىنى ماڭا ئوخشىمىغان نۇقتىدا ھېس قىلدۇرۇپ تۇردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 2007 ـ يىلى ماينىڭ ئاخىرىدا ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا قىلغان ياخشىلىقى مەندە يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى .

2007 ـ يىلى 22 ـ ماي ـ مەن يازلىق تەتىلدە ئائىلەمدىكىلەرنى يوقلاش ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتىدىغان كۈن ئىدى. ئايروپىلان ھونولۇلۇ ۋاقتى سائەت بىردە ئۇچاتتى. يۈك ـ تاقلىرىمنى تەكشۈرۈۋېتىپ، تۇيۇقسىز يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمدىن خەت ئېلىۋالمىغانلىقىمنى بايقىدىم. ئادەتتە ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ زىيارەتتىكى ئىلىم ئىگىلىرىگە بېرىلىدىغان J ـ 1 تىپلىق ۋىزىسى يىلدا بىر بېرىلىدىغان بولۇپ، قايتىشىمدا يەنە ۋىزا ئىلتىماس قىلىشىم كېرەك ئىدى . ۋىزا ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان ھۆججەتلەر قاتارىدا فاكۇلتېتنىڭ خېتىنى ئېلىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. جىددىيلەشتىم. بۇ چاغدا ئەتىگەن سائەت توققۇز بولغان بولۇپ، ئايروپىلان ئۇچۇشقا يەنە تۆت سائەت قالغانىدى. قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە جىددىي ئويلاندىم. ئېلخەت يازسام ئۈلگۈرمەيتتى. نائىلاج پروفېسسورنىڭ يانفونىغا تېلېفون بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم .

ـ ياخشىمۇسىز، پروفېسسور؟ـ دېدىم تېلېفون ئۇلانغاندىن كېيىن، ـ سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان جىددىي ئىشىم بار ئىدى .

ـ مەن ئىشخانىدا ئەمەس، ـ قارشى تەرەپتىن جاۋاب كەلدى، ـ نېمە ئىشتى؟

ـ قايتىشىمدا ئامېرىكىنىڭ جوڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىغا كىرىپ قايتىدىن بىر يىللىق ۋىزا ئېلىشىم كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن فاكۇلتېتنىڭ مېنىڭ بۇ يەردە ئوقۇۋاتقانلىقىم ھەققىدە تونۇشتۇرۇش خېتىگە موھتاج ئىدىم .

ـ نېمىشقا بۇرۇنراق ئالاقە قىلمىدىڭىز؟ ـ دېدى پروفېسسور تېلېفوندا ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا .

ـ ئالدىراشلىقتا ئۇنتۇپتىمەن، ـ دېدىم مەن ئوڭايسىزلىنىپ ۋە ئۇنتۇغانلىقىم ئۈچۈن ئىچىمدە ئۆزۈمگە كايىپ، ـ كەچۈرۈڭ پروفېسسور ، بۇنداق قىلمىسام بولاتتى .

ـ مەن ھازىر ئۆيدە، ـ دېدى پروفېسسور، ـ ئۆيۈمدىن مەكتەپكىچە 15 مىنۇتلۇق يول، ئىشخانىغا بېرىپ ، تونۇشتۇرۇش خېتىنى چىقىرىپ بېرەي .

«رەھمەت» دەپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويدۇم. پروفېسسورنىڭ ئىشخانىسىدىن كومپيۇتېردا ئۇرۇلۇپ تامغا بېسىلغان خەتنى ئېلىپ ياتىقىمغا قايتقۇچە پەزىلەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كىشىگە ئۈنسىز تەربىيە بېرەلەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم. ئۈرۈمچىدىكى بەزى كەچمىشلىرىم ئېسىمدىن كەچتى. ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئالدانغانلىرىمدا، خاتا چۈشىنىلگىنىمدە ياكى ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغىنىمدا ئەتراپىمدىكى ئاز بىر قىسىم ئادەمدىن ئۈمىدسىزلەنگەنىدىم ۋە تەبىئىي ھالدا: «ئەسكى ئادەملەر ئارىسىدا ياخشى پۇقرا بولۇش ئەخمەقلىقمۇ نېمە!» دېگەندەك ئويلاردىنمۇ خالىي بولالمىغانىدىم. شۇ تاپتا پروفېسسور ئاددىي ھەرىكەتلىرى بىلەن بۇ ئويۇمنىڭ تەلتۆكۈس خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، پەزىلەتنىڭ كۈچى ھەققىدە ئۈنسىز دەرس ئۆتۈۋاتاتتى. بۇ قېتىملىق كەچۈرمىش ماڭا ئەسكىگە ئەگىشىپ ئەسكى بولۇشنىڭ ياكى جەمئىيەتتىن قاقشاپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشنىڭ ئۆزلۈكىگە قايتىش، چىن تۇيغۇلىرىنى تېپىۋېلىش يولىدا

ئىزدىنىۋاتقان بىر ئادەم ئۈچۈن ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

## 2

مەن بىۋاستە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، دەرسىنى ئاڭلىغان ئىككىنچى پروفېسسور ماڭا كۈزلۈك مەۋسۇمدە «جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىدىن ئومۇمىي بايان» دېگەن دەرسنى ئۆتكەن ئايال پروفېسسور، دوكتور نانددىتا شارما. ئىسمىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ، ھىندى قان سىستېمىسىدىن بولۇپ، 40 ياشلار چامىسىدىكى ۋۇجىك، پاكار ئايال ئىدى. ئۇ، دۇنيادىكى مەشھۇر 100 ئۇنىۋېرسىتېت تىزىملىكىدە (2006 - يىلدىكى ستاتىستىكا) 19 - ئورۇندا تۇرغان كانادا تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بولۇپ، ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىشتىن بۇرۇن كانادا يورك ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، «دۆلەت ئىچى ئىگىلىكى» (Home Economics) دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغانىدى. دوكتور نانددىتا شارمانىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا كاناداغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ چىرايىدىن ھىندىلارنىڭ تىپىك چىراي ئالاھىدىلىكى تېپىلاتتى. تۇرقىدىن قارىسا ھېچكىمنىڭ پروفېسسور دېگۈسى كەلمەيدىغان بۇ ۋۇجىك ئايال چاققان كىيىنىشلىرى، ياغاچ يۈزى ۋە ئەرلەردەك كۆڭلەك، ئىشتان كىيىپ يۈرۈشلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. تۇنجى قېتىم دەرس تىزىملىكىدە شارما دېگەن ھىندىچە ئىسىمنى كۆرۈپ سەل ئۈمىدسىزلەندىم. سەۋەبى، ھىندىلارنىڭ ئىنگلىز تىلىدا ئۆز دۆلىتى ۋە تىلىنىڭ پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئاسان ئۇققىلى بولمايتتى؛ يەنە كېلىپ مەن ئاق تەنلىك پروفېسسورلاردىن دەرس ئاڭلاشنى بەكمۇ خالايتتىم. ئۇنىڭ بىرىنچى سائەتلىك دەرسىنى ئاڭلاپلا بايىقى ئەندىشەمنىڭ ئورۇنسىز ۋە ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. دوكتور نانددىتا شارما ئىنگلىز تىلىنى ساپ ئامېرىكا تەلەپپۇزىدا ناھايىتى ئوچۇق ھەم چىرايلىق سۆزلەيتتى؛ پات - پاتلا قىلىۋاتقان گېپىدە ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلمەيدىغان تىرەن پىكىرلەر بىلەن كالالامنى ئېچىپ، مېنى خىياللار قوينىغا غەرق قىلاتتى. كېيىن بىلسەم، بۇ ئوقۇتقۇچىمىز كانادالىق مەشھۇر ئايال جەمئىيەتشۇناس، تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داڭلىق پروفېسسورى، ئاياللار نەزەرىيىسىدە يېڭى يول ئاچقان دوروسى سىمىسنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن. دوروسى سىمىس ئاياللارنىڭ بەدىنى بىلەن سىياسىي ھوقۇقنى باغلاپ، ئۆز ئالدىغا نەزەرىيە سىستېمىسى تۇرغۇزۇپ چىققان بولۇپ، 1996 - يىلى «ئاياللار نەزەرىيىسى (Feminism Theory)» بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى» دېگەن باھا بىلەن ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتىغا نائىل بولغانىدى. دوكتور نانددىتا شارما دەرس ئارىلىقىدا ئۇستازى دوروسى سىمىسنىڭ بايانلىرىدىن نەقىل ئالاتتى. ئىنتوناتسىيىسىدىن ئۇنىڭ ئۇستازىدىن قانچىلىك پەخىرلىنىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دوكتور نانددىتا شارمانىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆتكۈر پىكىر ئىگىلىرىنىڭ، ئىلغار زىيالىيلارنىڭ تەلىمىنى ئالغان ئادەمنىڭ ھامان ئىدىيىدە چاقنايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر پاكىت مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

نانددىتا شارمانىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرى بىر مەسىلىگە بولغان قارىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كۈتمىگەن نۇقتىدىن پىكىر قىلىشىدا ئىپادىلىنەتتى. ئۇ، 2007 - يىلى باھار مەۋسۇمىدە تەشكىللىگەن «مىللەت، ئىرق، سىنىپ» (Nation, Race, Class) دېگەن سېمىنارىيىسى (Seminar)[2]دە ئۆزىنىڭ يېڭىچە، قايىل قىلارلىق قاراشلىرىدىن بىزنى خەۋەردار قىلدى. ئارىلىقتا ئۇنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ھەققىدە ئېيتقان بەزى قاراشلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئادەتتە مەن مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئۆز مىللىتىگە مۇھەببەت باغلاشنىڭ زىيىنى يوق دەپ ئويلايتتىم. ئەمما دوكتور نانددىتا شارما مىللەتپەرۋەرلىك (Nationalism) نى پۈتۈنلەي زىيانلىق پسىخىكا دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— پروفېسسور، سىزنىڭ زىيانلىق دەپ قارىۋالغىنىڭىز مىللەتپەرۋەرلىك ئەمەس مىللەتچىلىك (ethnocenterism) بولسا كېرەك، — دېدىم مەن چۈشەنمەي. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىمىزدا «مىللەتچىلىك» سۆزى سەلبىي مەنىدە، «مىللەتپەرۋەرلىك» سۆزى ئىجابىي مەنىدە ماڭاتتى.

— ياق، مىللەتپەرۋەرلىك، — دېدى نانددىتا شارما، — ھازىرقىدەك ھەمكارلىق تەكىتلىنىۋاتقان بىر دەۋردە ئۆز مىللىتىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى باشقا مىللەتلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن كۆرۈش — بىر چاكىنىلىق ھەم زىيىنى كۆپ پسىخىكا. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بالايىئاپەتلىرى ۋە فاشىزمنىڭ دۇنياغا كەلتۈرگەن زىيانلىرى چاكىنا مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ نەتىجىسى. مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ئۈچۈن مىللەت ئۇقۇمىنىڭ مېغىزىنى چۈشىنىش كېرەك. بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، بېنېدىكت ئاندېرسوننىڭ «تەسەۋۋۇردىكى جامائەتچىلىك» (imagined communities) دېگەن كىتابىنى كۆرۈپ بېقىڭ.

ۋاقىت چەكلىمىسى تۈپەيلى قايىل بولمىغان يەرلىرىم خۇسۇسىدا پروفېسسور بىلەن ئۇزۇنراق پىكىرلىشىشكە مۇمكىن بولمىدى. ئەمما ئۇنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ئەتىسى كۇتۇپخانىدىن بېنېدىكت ئاندېرسوننىڭ «تەسەۋۋۇردىكى جامائەتچىلىك» دېگەن كىتابىنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇدۇم. بۇ كىتابتىكى نۇرغۇن يېڭى قاراش مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. بېنېدىكت ئاندېرسوننىڭ بۇ كىتابى 1983 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان قايتا - قايتا بېسىلىپ، مىللەت ھەققىدە يېزىلغان ئەڭ نوپۇزلۇق ھەم ئەڭ جىق نەقىل ئېلىنىدىغان كىتابلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. كىتابنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى «مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئويلىنىش» دەپ قويۇلغانىدى. كىتابنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى — «مىللەت — تەسەۋۋۇردىكى جامائەتچىلىك» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بېنېدىكت ئاندېرسون ئۆز كىتابىدا قاراشلىرىنى مۇنداق شەرھلەيدۇ: «مىللەت شۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇردىكى جامائەتچىلىك ئىكەنكى، مىللەتنىڭ

ھەممە ئەزاسى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىر ـ بىرىنى تونۇپ بولالمايدۇ. لېكىن ئۇلار خىيالىدا ئۆزلىرىنى مەلۇم بىر توپنىڭ ئەزالىرى دەپ تونۇيدۇ . مىللەتپەرۋەرلەر ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىنى ئەزەلدىن مەۋجۇد دەپ قاراشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مىللەت ــ ھازىرقى زاماندىكى ئىنقىلابلارنىڭ نەتىجىسى. يېزىق، مەتبەئە مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملىشىشى ، ساۋاتلىقلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، ھازىر كىشىلەر ئۆزلىرىنى مەلۇم بىر سىياسىي جامائەتچىلىكنىڭ ئەزالىرى دەپ قارايدىغان بولدى.»

ناندىتا شارمانىڭ ئۆزگىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى شۇ ئىدىكى ، ئۇ ئۆز كۆزقاراشلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن شۇ تېمىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تېخىمۇ ياخشى يورۇتۇپ بېرىدىغان نادىر كىتابلارنى تونۇشتۇراتتى ۋە ئوقۇپ كېلىشىمىزنى تاپىلايتتى . مەن بۇ جەرياندا دوكتور ناندىتا شارمانىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئامېرىكا يالى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەشھۇر پروفېسسورى جەمېس سكوتنىڭ «دۆلەتكە ئوخشاپمۇ تۇردۇ» (Seeing Like a state)، فرانسىيە مۇتەپەككۇرى ئېتيېن باليبار بىلەن ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى ۋاللېر ستەيىنىنىڭ «مەۋھۇم كىملىك» (Ambiguous Identity) دېگەن كىتابلىرى بىلەن ئۇچراشتىم ۋە بۇ كىتابلار بىلەن ئۇچرىشىش داۋامىدا دوكتور ناندىتا شارمانىڭ توغرا قىلىۋاتقانلىقىنى ــ تەييار بىلىمنى سۆزلەش ئەمەس ، مەلۇم تېمىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان كەڭ ئۇچۇر زاپىسىنى تونۇشتۇرۇشنىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ كاللىسىنى ئېچىشى، مۇستەقىل پىكىر قىلىشىغا تېخىمۇ پايدىسى تېگىدىغانلىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ھېس قىلدىم . ئەپسۇس، 2007 ـ يىلى قىشلىق تەتىلدە يۇرتقا قايتىپ ئۆزۈم تونۇيدىغان بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھەتتا ئۆزى ئىگىلىگەن ئىلىم ئۇچۇرىنىمۇ باشقىلاردىن قىزغىنىدىغانلىقىنى، ئارامبەخش ئىلىم سۆھبەتلىرىنىڭ يېقىن ئۆتىدىغان ئىلىم ئىگىلىرى ئارىسىدىمۇ مەنىۋى كەيپىياتقا ئايلانمىغانلىقىنى ئۇقۇپ بىئارام بولدۇم. ئەپسۇسلۇق خىياللار ئىلكىدە قايسىبىر دانانىڭ «مىللەتنى ئاغزىدا سۆيىدىغانلار كۆپ ھالدا قورقۇنچاق زىيالىيلار بولىدۇ» دېگەن گېپىنى، فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى پىئېر بۇردىئۇنىڭ «زىيالىيلار ئورتاق ئىلمىي مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال پائالىيەت ئەخلاقىنى ئۆگىنىشى كېرەك» دېگەن گېپىنى ئەسلىدىم ۋە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ قايسىبىر ھېكايىسىدە «ساراڭ» نىڭ تىلىدىن بېرىلگەن «بەزىلەر مىللەتنى سۆكۈپ داڭق چىقىرىشنى كەسىپ قىلىۋاپتۇ» دېگەن كىنايىنى چۈشەنگەندەك، قايسىبىر تورداشنىڭ «ئۆزلىرىدە بار ئىللەتنى مىللەتكە ئارتىپ قويۇپ مىللەتنى سۆككەن ئەدىب بىچارىدۇر» دېگەن گېپىدىكى دارتىملارنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. دوكتور ناندىتا شارمانىڭ لوگىكىسى بويىچە بولغاندا ــ بىر زىيالىيغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىلىم مۇلاھىزىلىرىدە باشقىلاردىن ئۆزى ئىگىلىگەن نەرسىلەرنى يوشۇرۇش، ئىلىم ئۇچۇرلىرىنى پوكىنىغا بېسىۋېلىش ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىناتتى. بۇ

ۋىجىك ئايال ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىر ئىلىم ئىگىسىدە پائالىيەت ئەخلاقىنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى .

مەۋسۇم ئاخىرلىشىپ ئەڭ ئاخىرقى سائەت دەرس ئۆتۈلۈپ بولغاندا، ناندىتا شارما بىزنى ــ ئۆزى دەرس بەرگەن يەتتە ئوقۇغۇچىنى مەكتەپ قەھۋەخانىسىدا مېھمان قىلدى . ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، بۇنى ھەيران قالارلىق ئەھۋال دېيىشكە بولاتتى . بىرى ، ئامېرىكىلىقلار بىراۋنى ئالدىراپ مېھمان قىلمايتتى ، مېھمان قىلغان تەقدىردىمۇ چاقىرىلغۇچى مېھمان چىقىمىنىڭ ئۆزىگە تەۋە قىسمىنى تۆلىشى كېرەك ئىدى . يەنە بىرى ، ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئالاھىدە كۈنلەردە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىرىنى مېھمان قىلاتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى مېھمان قىلىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرىمايتتى .

ــ پىۋا ئىچىدىغانلار بىر چەتكە ، ئىچمەيدىغانلار بىر چەتكە تىزىلىڭلار! ــ دېدى ناندىتا شارما چاقچاق ئارىلاش تەلەپپۇزدا بۇيرۇق قىلىپ،ــ مەن بىرىنچى بولۇپ پىۋا ئىچىدىغانلار قاتارىغا تىزىلىمەن!

سىنىپىمىزدا مېنى قوشقاندا ئۈچ ئوغۇل بار ئىدى ، قالغان تۆتەيلەن قىزلار ئىدى . ئۇچرەتتە تۇرۇش توغرا كەلگەچكە ، ناندىتا شارمانىڭ كەينىدىن ئىتالىيىلىك ئوغۇل ساۋاقدىشىم پرانو، ئامېرىكىلىق ئوغۇل ساۋاقدىشىم ھېنرىي ۋە پەتتى ئىسىملىك قىز پىۋا ئىچىدىغانلار قاتارىغا تىزىلدى. مەن پىۋا ئىچمەيدىغانلار قاتارىغا تىزىلدىم. ئارقامدا ياپونىيىلىك ئىككى قىز ۋە كورىيىلىك بىر قىز بار ئىدى .

ــ سىز نېمىشقا پىۋا ئىچمەيسىز؟ ــ دېدى ناندىتا شارما ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي قولۇمغا 50 دوللار پۇل تۇتقۇزۇپ ، ــ ئۆزىڭىزگە ۋە كەينىڭىزدىكى ئۈچ قىز ساۋاقدىشىڭىزغا خالىغان نەرسىنى ئېلىڭلار.

قىزلار كولا، مېۋە سۈيى، تورت، پىشلاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالدى. مەن سودا سۈيىدىن باشقا نەرسە ئالمىدىم. سەۋەبى، مەن ئاشۇ پىشلاق، تورت دېگەن يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبىگە زادى نېمىلەر قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن بۇنداق ئەھۋاللارغا جىق ئۇچرايتتىم . يېنىمدا پۇلۇم بولسىمۇ، تولا يېمەكلىكنى شۈبھىلىنىپ ئالمايتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئېرىخ فروممنىڭ «ئادەمدىكى كىملىك ئېھتىياجى ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ» دېگەن گېپى ئېسىمگە كېلەتتى .

مەن ئاشقان پۇلنى ناندىتا شارماغا قايتۇرۇپ بەردىم. بىر شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ناندىتا شارما لىق پىۋا قۇيۇلغان ئىستاكاننى سوقۇشتۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈردى :

ــ دەرسىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشقانلىقى ئۈچۈن خوشە!

ــ خوشە! ــ ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن شۇنداق دېيىشتى. مەنمۇ قولۇمدىكى سودا سۈيىنىڭ قۇتىسىنى باشقىلارنىڭكىگە

سوقۇشتۇرۇپ قويدۇم. ناندىنى شارما بىر تىنىقتا ئىستاكاندىكى پىۋىنى خىلىلا يېرىملاتتى. ھەيران قالماي تۇرالمىدىم . ئۇنىڭ رۇمكا سوقۇشتۇرۇۋاتقان ھالىتى يېغىلىشلاردا، زىياپەتلەردە ھاراق ئىچىۋاتقان ئاز ساندىكى ئۇيغۇر قىز- چوكانلارنى ئەسلەتتى. مەن ئۇرۇمچىدىكى چېغىمدا ئىدارىدە كوللېكتىپ زىياپەت بولغاندا بىرەرسىنىڭ ھاراق زورلاپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىمكانقەدەر بۇنداق سورۇنلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم. شۇ تاپتا بۇ يەردە مېنى پىۋىغا زورلايدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. ناندىنى شارمانىڭ بۇ سورۇندىكى ئەركىن قىياپىتى دەرسخانىدىكىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. مەن ئىچىمدە «بۇ يەرنىڭ پروفېسسورلىرى ياشاشقىمۇ نەقەدەر ئۇستا- ھە!» دەپ ئويلىدىم. قايسىدۇر بىر دانانىڭ: «خىزمەتتە جەڭچىمەن، تۇرمۇشتا ئادەممەن!» دېگەن گېپى ئېسىمدىن كەچتى.

## 3

بۇ سالاپەتلىك مويسىپىتنىڭ ئىسمى پېتېر مانىكاس، ئۆزى 60 ياشتىن ھالقىپ پېنسىيىگە چىققان. ئىتالىيان قان سىستېمىسىدىن بولغان بۇ ئادەم فاكۇلتېتىمىزنىڭ پەخرىي پروفېسسورى؛ ھاۋايدا، ھەتتا ئامېرىكىدا داڭقى بار مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس؛ ھازىرغىچە «ئۇرۇش ۋە دېموكراتىيە» (War and Democracy)، «ئەمەلىيەتچىلەرنىڭ جەمئىيەت پەلسەپىسى» (The Realist's Social Philosophy) قاتارلىق 11 كىتابى نەشر قىلىنغان. ئۇ، 2008 - يىللىق باھار مەۋسۇمىدە «بۈگۈنكى زامان جەمئىيەت نەزەرىيىسى» (The Contemporary Sociological Theory) دىن دەرس بەردى. كېيىن ئۇقسام، فاكۇلتېتىمىزدا پېتېر مانىكاس جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ جېنى بولغان جەمئىيەت نەزەرىيىسىگە ئەڭ پىششىق، نەزەرىيە ساھەسىدە ئەڭ ئۆزۈن ئىزدەنگەن پروفېسسور ئىكەن؛ شۇڭا پېنسىيىگە چىققىنىغا نەچچە يىل بولغىنىغا قارىماي تەكلىپ بىلەن داۋاملىق دەرس ئۆتۈۋېتىپتۇ .

پېتېر مانىكاس مەن ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇن خىيالىمدا تەسەۋۋۇر قىلغان سالاپەتلىك پروفېسسورلارغا ھەقىقەتەنمۇ ئوخشايتتى. ئېگىز بويى، ئاقارغان چاچلىرى، كۆزەينەكنىڭ ئاستىدىكى ئادەمگە ئەستايىدىللىق بىلەن تىكىلىدىغان كۆزلىرى تېرەن پىكىرلىرىگە قېتىلىپ ئۇنىڭ سالاپىتى، مويسىپىتلارغا خاس جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغانىدى.

— نېمە بۇ؟ — دېدى ئۇ مەن خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدە تەقدىم قىلغان قامچىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتقاچ . ئەمەلىيەتتە ئۇ قامچىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۇ سوۋغاتنىڭ مەنىسىگە قىزىققانلىق دەپ چۈشىنىپ :

— قامچا— ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ئۈستى مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىسى. ئۇيغۇرلار تارىخىي بوران - چاپقۇنلاردا ئات ئۈستى مەدەنىيىتى ياراتقان خەلقلەرنىڭ بىرى، — دېدىم .

— مەن ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق ئاڭلىغان؛ لېكىن جۇڭگونىڭ قايسى تەرىپىدە ياشايدىغانلىقىنى ئۇقمايدىكەنمەن، — دېدى پروفېسسور .

مەن تامغا ئېسىلغان خەرىتە يېنىغا كېلىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلاشقان جاينى قولۇمدا چىنەپ كۆرسەتتىم. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، شۇنچە جىق دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدىغانلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ بىرەر جەمئىيەتشۇناسنىڭ ئۆزگىچە قاراشلىرىنى سۆزلەۋاتقىنىدا گېپىدىكى بىرەر جۈملە ياكى قاراش ئارىدا ئولتۇرغانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىسا ھاياجانلىنىپ ئالدىدىكى شىرەنى ئالىقىنى بىلەن پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ قوياتتى؛ گاھىدا قانداقتۇر بىر پىكىردىن چەكسىز ھوزۇر ئالغانلىرىدا پۇتلىرىنى لىككاڭشىتىپ بىر چەتكە ياڭداپ قوياتتى ياكى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ چىشلىرىنى چىڭگىمدە چىشلەيتتى. گاھىدا تازا قىزىق سۆزلەۋېتىپ قايسىدۇر بىر جەمئىيەتشۇناسنىڭ قاراشلىرىنى ياقتۇرمىغانلىرىدا «بىكار گەپ! جۆيلۈپتۇ!» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. پىكىر قىلىشنىڭ ھوزۇرىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەم ئۇنى سارائىغا چىقىرىۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. بەزىدە ئۇ ئاجايىپ غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى. دەسلەپتە ئۇنى تازا چۈشەنمەپتىمەن. كېيىن ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئاتىغان، قەلبى قەغەزدىنمۇ ئاق كىشى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. مەن ئۇنىڭ دەرسىدە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئۈچ يول ئاچقۇچىسى بولغان فرانسىيىلىك ئېمىل دۇركىم، گېرمانىيىلىك ماكس ۋېبېر ۋە كارل ماركسنىڭ ئىدىيىلىرى بىلەن تونۇشتۇم؛ جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئۈچ غول نەزەرىيە بولغان «فۇنكسىيىزم نەزەرىيىسى» (Functionalism Theory)، «توقۇنۇش نەزەرىيىسى» (Conflict Theory)، «سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسى» (Symbolic Interactionism)دىن خەۋەر تاپتىم. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بىر خىل نەزەرىيە مودېلى يەنە بىر خىل نەزەرىيىنى ئاغدۇرۇش ئاساسىدا ھازىرغىچە تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتقان، جەمئىيەتكە ئائىت يېڭى تېما، يېڭى مەسىلە بايقالغانسېرى يېڭى نەزەرىيە تېپىلىپ، بېيىپ ماڭىدىغان پەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. بۇ جەرياندا پروفېسسور پېتېر مانىكاسنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىرى چوڭقۇر بولدى .

ئىلمى تەتقىقاتتا ، بولۇپمۇ جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا «نەزەرىيە ئەسلەش» نىڭ تولىمۇ مۇھىم بىر ھالقا ئىكەنلىكىنى مەن پروفېسسور پېتېر مانىكاستىن ئۇقتۇم. خەلقئارا تەتقىقات ساھەسىدە مەلۇم بىر تېما ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى بولغان تەتقىقاتچى بۇ ساھەدە بۇرۇن ئىزدەنگەن نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئەسلەپ ئۆتۈشى ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىنىڭ قايسى تەرىپىگە يېڭى بىر نۇقتىنى ئېلىپ كىرمەكچى بولغانلىقىنى شەرھلىشى لازىمكەن . شۇ ساھەدىكى كلاسسىكلاردىن ياكى نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغانلاردىن مەنپەئەتلىنىپ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى قىسقارتىپ ئەسلەپ چىقىش جەريانى «نەزەرىيە ئەسلەش» (Literature Review) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ھالقىسى ئورۇندالمىغان تەتقىقات ئىلمى تەتقىقاتى ھېسابلانمايدىكەن . ئۈرۈمچىدىكى چېغىمدا ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئائىت خېلى جىق كىتابنى ئوقۇغان

بولسامۇ، ئىلىم تەتقىقاتىدىكى «نەزەرىيە ئەسلەش» جەريانى ھەققىدە ھېچكىمدىن، ھېچ يەردە بىرەر ئۇچۇر ئاڭلىمىغانىكەنمەن. شۇڭا پۈتۈنلەي يېڭى ساھە بولغان «نەزەرىيە ئەسلەش» ھالقىسى مېنى ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتىمدا خېلىلا تەرلەتتى. «زامانىۋىلىق» ھەققىدە يازغان قىسقا ماقالەمنى پروفېسسور قايتۇرۇۋېتىپ قايتا يېزىشىمنى تەلەپ قىلدى. سەۋەبىنى سورۇشتۇرسام، يازمامدا باشتىن ـ ئاخىر دېگۈدەك ئۆزۈمنىڭ شەخسىي قاراشلىرىمنى گەۋدىلەندۇرۇپتىمەن: خېلى جىق بايانىنىڭ مەنبەسىنى ئەسكەرتمەپتىمەن . پروفېسسورنىڭ تەلىپى بويىچە ماقالەمنى قايتا ئۆزگەرتىش داۋامىدا ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى دانىيېل بېل، گېرمانىيە جەمئىيەتشۇناسى ئۇلىچ بېك، ئەنگلىيە جەمئىيەتشۇناسى ئانتونىي گىددېنسلارنىڭ زامانىۋىلىق ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. يەنە بىر چوڭقۇر تەسىراتىم شۇ بولدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ، «نەزەرىيىدىن قورقۇش كېسىلى» ياكى نەزەرىيىنى چۈشەنمەي مەنسىتمەسلىك خاھىشى بىزدىكى پىكىر تېيىزلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىكەن. نەزەرىيىۋى تەپەككۇردا قىيىنالغانلىرىمىدا «بىزنى نەزەرىيىگە ئۆچ قىلىۋەتكەن نەرسە نېمىدۇ؟» دەپ ئويلىغان چاغلىرىممۇ بولدى. بىز ئۇيغۇرلار «نەزەرىيە ساتمىغىنا، نەزەرىيىچى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىمىزنىڭ نەزەرىيە ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنى پاراڭلىرىمىزدا مەنسىتمەسلىك بىلەن ئاشكارىلاپ ئۆتەتتۇق . ئىككى خىل مۇھىتتىكى نەزەرىيىگە تۇتۇلغان قارىمۇقارشى ئىككى خىل پوزىتسىيە مېنى ئويلاندۇراتتى. بىزنىڭ كىشىلىرىمىز قۇرۇق گەپ ساتقانلارنى «نەزەرىيىچى» دېگەن نام بىلەن، مەنىسىز، چۈشىنىكسىز، ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سوزۇلغان گەپلەرنى قىلىشنى «نەزەرىيە سېتىش» دېگەن گەپ بىلەن ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە، نەزەرىيە دېگىنىمىز ئوخشىمىغان ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى شەرھلەپ بېرىدىغان، مۇتەپەككۇرلارنىڭ پىكىر ئەلگەكلىرىدىن ئۆتۈپ مەلۇم مەسىلە، مەلۇم تېمىنىڭ ئىجتىمائىي نېگىزىنى سىستېمىلىق تەھلىل قىلغان ئىدىيە مودېلى بولىدىكەن. بىز نەزەرىيىنى چۈشەنمەسلىكنى مەنسىتمەسلىكىمىز بىلەن يوپۇتماقچى بولۇپ كەپتىمىز. كىمنىڭ دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق، بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئابىستراكت بايانلارنى چۈشەنمەي تىللىغىنىنى «بىلمىگەن نەرسىنى تىللاشنىڭ لەززىتى بىلگەن نەرسىنى تىللاشقا قارىغاندا شېرىن بولىدۇ» دەپ كىنايە قىلغانىكەن . ھازىر بۇ گەپ ماڭا ئۇيغۇرلارنىڭ «نەزەرىيىدىن قورقۇش كېسىلى»گە قارىتىپ ئېيتىلغاندەك تۇيۇلىدۇ .

پېتېر مانىكاسنىڭ سۆزلىگەن دەرسلىرى ئىچىدە بىلىمنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ھەققىدە ئېيتقانلىرى ۋە بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى، ھونگرىيىلىك مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس كارل مەنخايىم[3] (1893 ـ 1947) ھەققىدىكى قاراشلىرى مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى.

ــ كىشىلەرنىڭ ئېڭى ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇقنى ئەمەس، ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇق كىشىلەرنىڭ قانداق ئاڭدا بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ، ــ دەپ قاراشلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى پروفېسسور پېتېر مانىكاس بىر قېتىملىق دەرسىدە، ــ بۇ ئەمەلىيەتتە كارل ماركسنىڭ قارىشى. ماركسنىڭ قارىشىچە بولغاندا، بىر خىل ئىدىيە سىستېمىسى شۇ خىل ئىدىيىنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي رولى، ئورنى، توغرىراقى سىنىپىي ئورنىغا باغلىق بولىدۇ. كارل مەنخايىم بولسا باشقىچە قاراشتا. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بارلىق كۆزقاراش ۋە ئىدىيە شۇ كۆزقاراش، ئىدىيە بارلىققا كېلىۋاتقان تارىخىي، ئىجتىمائىي شارائىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەم شۇ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ھەرقانداق مۇتەپەككۇر ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي مەزھەپكە تەۋە بولىدۇ ھەم مەلۇم دەرىجىدە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ، ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي رول ئۆتەيدۇ . شۇڭا مۇتەپەككۇرنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئورنى ئۇنىڭ دۇنيانى كۆزىتىشى، مۇھاكىمە ئاساسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . ھەرقانداق تەپەككۇر پائالىيىتى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ . بۈگۈنكى دۇنيا سەھنىسىدىكى توقۇنۇشۇۋاتقان ھەرخىل نۇقتئىنەزەر ئەمەلىيەتتە شۇ نۇقتئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىجتىمائىي توپنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . كارل مەنخايىمنىڭ «مەۋجۇدىيەت ئىدىيىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن قارىشى ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى ئىدىيە سىستېمىسىغا سىڭىپ كەتكەن.

پروفېسسور پېتېر مانىكاس گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى مۇھاكىمە قىلىش بىلەن چۈشۈردى ۋە يەنە بىر بىلىم جەمئىيەتشۇناسى، پولەك مۇتەپەككۇرى فلورىيان زنانىنىك (1882 ـ 1958)[4] نىڭ يادرولۇق قاراشلىرىنى ئۆز مۇھاكىمىسىگە يانداشتۇرغان ھالدا مۇنداق چۈشەندۈردى :

ــ بىلىم بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىر ـ بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان. ئاۋۋال ئىنسانلارنىڭ مەلۇم بىر خىل ئىجتىمائىي سىستېمىغا قاتنىشىشى ۋە شۇ ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ چەكلىمىسى ئىچىدە ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ئۇلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بىلىم سىستېمىسىغا ئىگە بولغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . فلورىيان زنانىنكىنىڭ قارىشىچە ، بىرىنچىدىن ، پەقەت تەربىيە كۆرگەن ياكى نەزەرىيىلەرگە پىششىق ئادەملەرلا ئالاھىدە ئىجتىمائىي رول ئۆتەش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئالاھىدە ئىجتىمائىي شارائىتتا مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ يادرولۇق ئەزاسىغا ئايلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، شەخس ۋە بىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تۆرلۈك ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ماسلاشتۇرۇش مەقسىتىگە تەربىيە، ئىلھام بېرىش، كونترول قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي رول ئۆتەۋاتقان بىلىم ئىگىسى ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىنىڭ نەزىرىدە بىر خىل مەنىۋى تۈۋرۈك. ئىلىم ئىگىسى ئۆتەۋاتقان ئىجتىمائىي رول بىلەن ئۇ ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي

توپ ئارىسىدا ئومۇم ھۆرمەتلىنىدىغان قىممەتنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئورتاق ئۇيۇشۇشچانلىق مەۋجۇد. مەسىلەن ، پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى ئۇيۇشتۇرۇۋاتقىنى سىياسىي قىممەتتۇر. سەنئەتكار ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ياكى تەنقىدچىلىرىنى مەركەز قىلغان ئىجتىمائىي چەمبىرەكتىكى ئۇيۇشۇشچانلىق بولسا ئەمەلىيەتتە ئېستېتىك قىممەتتۇر. ئىلىم ئىگىلىرى ئۆتەۋاتقان ھەربىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي رولدا بىر خىل ئىستەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ . تۆتىنچىدىن، زىنانىكىنىڭ قارىشىچە، ئىلىم ئىگىلىرى بىر جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ھەرخىل ئىجتىمائىي رول ئۆتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، تېخنىكىلىق مەسلىھەتچى (Technological Advisors) لەر؛ دانىشمەنلەر (Sages)- يەنى ئاۋامنى ئورتاق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مەلۇم ئىدېئولوگىيىگە باشلايدىغان ياكى قامچىلاپ تۇرىدىغان كىشىلەر؛ دىنىي ۋە ئىلمىي ئالىملار ( Sacred and Secular scholars). بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھەقىقەت بايقىغۇچى (Discoverer of Truth)، ئىلىم تارقاتقۇچى (Disseminators of Knowledge)، تەشكىللىگۈچى (Systematizers)، بېغىشلىغۇچى (Contributors)، ھەقىقەت جەڭچىلىرى (Fighters for Truth)، ئىلىم ياراتقۇچى (Creators of Knowledge)، ھەقىقەت بايقىغۇچى (Fact_finders)، مەسىلە بايقىغۇچى قاتارلىق كونكرېت ئىجتىمائىي روللارنى ئۆتەيدۇ. بەشىنچىدىن ، ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ كۆزقاراشتا توقۇنۇشۇپ قېلىشى قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس. مۇنازىرە ۋە ئوخشىمىغان قاراش بىلىم يولىدا ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ روھىدىكى مەنىۋى كىشەنلەرنى بالدۇرراق پاچاقلاشقا پايدىلىق ...

پروفېسسور پېتېر مانكاسنىڭ شۇ قېتىملىق دەرسى مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى. مەن ئۇنىڭ بىلىم ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئاڭلاش، لېكسىيىسىدىن خاتىرە قالدۇرۇش، خاتىرىلىرىمنى كۆرۈپ ئانالىز قىلىش داۋامىدا ئۆزىمىزنىڭ زىيالىيلىرى ھەققىدە شۇنى ھېس قىلدىمكى، نۇرغۇن ئىلىم ئىگىسى تارىيىۋاتقان ئىمكانىيەتلەرنى باھانە قىلىپ بالدۇر چۆشكۈنلىشىۋاپتۇ. زىيالىيلارنىڭ چۈشكۈنلۈكى ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزلىرى ئۆتەۋاتقان ئالاھىدە ئىجتىمائىي رولىنى سەل چاغلىغانلىق ياكى ئۆزىنىڭ خەلقىنىڭ نەزىرىدىكى مەنىۋى گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىق. بىزدە دەۋر «ھەقىقەت جەڭچىلىرى» بولۇشقا يول قويمىسا «مەسىلە بايقىغۇچى» بولالايدىغان، ئىلىم تارقىتىش ئىمكانىيىتى تارايسا ئۆز ئىجتىمائىي توپىغا مەسلىھەتچى بولالايدىغان، ئىشقىلىپ مەلۇم بىر يول ئېتىلسە يەنە بىر يوچۇقتىن شۇڭغۇپ كىرەلەيدىغان روھ، چېچەنلىك ۋە پىداكارلىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بىر مۇنەۋۋەر زىيالىينىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ئۆزىگە تەۋە بولغىنى بىلەن ، مەنىۋىيىتى ئۆزىگە ھەم ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپقا مەنسۇپ بولىدۇ. ئاجىز ، ئورنى تۆۋەن مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ پېشانىسىگە «دەردمەنلىك» پۈتۈلگەن. ھەقىقىي زىيالىيلار ئۆزى خالاپ تۇرۇپ بۇنداق سۆيۈملۈك دەردمەنلەردىن بولۇشى كېرەك. قىيىنچىلىقنى، تارىيىۋاتقان ئىمكانىيەتلەرنى باھانە قىلىپ كەينىگە داجىغان، چۈشكۈنلەشكەن زىيالىي ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلغان، پىشمىغان زىيالىيدۇر.

4

ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكەن كۈنلىرىمدە يېتەكچى پروفېسسورۇم، دوكتور سۇن كىچېي، دوكتور، پروفېسسور ناندىتا شارما ، پروفېسسور، دوكتور پېتېر مانكاسلار بىلەن ئۇچرىشىش داۋامىدا ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئىدىيەمنى زەرەتلەۋاتقانلىقىنى، ماڭا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. سۇن كىچېيدىن پەزىلەتنىڭ ئۇنىسىز تەربىيىدىكى رولى ۋە پروفېسسورنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغا يوشۇرۇن بىلىم بېرىدىغانلىقىنى، ناندىتا شارمادىن ئۆزۈمنىڭكىگە قارشى قويۇلغان پىكىرنىڭ ئۈنچىلىك قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى، پېتېر مانكاستىن بىر مۇتەپەككۇرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ شاگىرتلىرى ئۈچۈن تۈگىمەس بايلىق ئىكەنلىكىنى ئۆگەندىم. ھالبۇكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كلاسسىك زىيالىيلارنىڭ بارغانسېرى ئازلاۋاتقانلىقى، زىيالىيلاردىكى ئېغىر چۈشكۈنلۈك ئويغاق پىكىرلىك كىشىلىرىمىزگە ئايان رېئاللىق ئىدى. ئەلۋەتتە زىيالىيلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، سۈكۈتكە چۆمۈشى نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئامىلغا مۇناسىۋەتلىك ھادىسە. مەن ئۆزۈم كۆرگەن پروفېسسورلار ھەققىدىكى خىياللىرىمغا ياندىشىپ ھالدا ھەقىقىي زىيالىيلارنىڭ نېمە ئۈچۈن تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقى، زىيالىيلارنىڭ بازار ئىگىلىكى دەۋرىدىكى مەنىۋى دۇنياسى ۋە قىيىنچىلىق، تارىيىۋاتقان ئىمكانىيەتلەر ئالدىدىكى ئىپادىسى قاتارلىق نۇقتىلار ھەققىدە ئويلاندىم .

ئەمەلىيەتتە ئۆتكۈر زىيالىيلارنىڭ ئازلاپ كېتىشى يالغۇز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھادىسە بولماستىن، ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي دەۋردە مۇقەررەر يوسۇندا مەۋجۇد بولىدىغان ھادىسىدۇر. تارىخشۇناس خارولد ستېرنس (1891_1943) بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى چۈشكۈن ئامېرىكا زىيالىيلىرىنى باش تېما قىلغان «ئامېرىكا ۋە ياش زىيالىيلار» ناملىق كىتابىدا «بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز نەگە كەتتى؟» دەپ سوئال قويىدۇ. ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر رۇسسېل جاكوبى ئۆزىنىڭ «ئاخىرقى زىيالىيلار» (The Last Intellectuals) ناملىق كىتابىدا يۇقىرىقى سوئال بىلەن كىتابنى باشلايدۇ ۋە ھەقىقىي زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ يوقاۋاتقانلىقى دۇنياۋى مەسىلە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «سودا مەدەنىيىتى زىيالىيلارنى خىرىسقا دۇچار قىلدى. سانائەتلىشىش تەرەققىياتى ۋە شەھەرلىشىشنىڭ زەربىسى زىيالىيلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى بوغۇپ قويدى. ھازىر بىزنىڭ كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى سايىسى مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقمايدىغان، تەتقىقات قۇلچىلىقىغا بەند بولغان زىيالىيلاردۇر. روھىيىتى چوڭقۇر بولمىغان بۇنداق زىيالىيلار يېزىۋاتقان تېمىسىنى چوڭقۇر پىكىر ئەلگىكىدە

تاسقاشتىن ئۆتكۈزمەيدۇ. تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ سانىغا كۆچەش ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ قويىغان.» رۇسسېل جاكوبى يەنە «زىيالىيلار نېمە ئۈچۈن ئىش قىلىشى كېرەك؟» دېگەن سوئالغا ئۆز قاراشلىرىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كۆزقارىشى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم. زىيالىينىڭ كەچۈرمىشى ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ كەسپىي ھايات دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇلاردىكى روھ تېخىمۇ قىممەتتۇر. قانداق تەقدىرگە دۇچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىش قىلىدىغان زىيالىيلار ماددىي ئىستەكتىن باشقا ئىنتىلىشى يوق تىرىك مۇردىلارغا قارىغاندا ئەھمىيەتلىك ياشىغانلاردۇر.»

ئۇنداقتا، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە زىيالىي دېگەن نېمە؟ ھازىرغىچە جەمئىيەتشۇناسلار بۇ ئۇقۇمغا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىپ تەبىر بەرگەن. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس لېۋىس كوسېر (1913 ـ 2003): «زىيالىي پىكىرگە تايىنىپ ئەمەس، پىكىر ئۈچۈن ياشايدىغان ئادەمدۇر» دېسە، رون ئېيرمەن: «ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەممىسى زىيالىي ئەمەس، زىيالىنى پەرقلەندۈرىدىغىنى ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەرىكەت مودېلى، ئۆزىگە قاراشتىكى ئۇسۇلى ۋە ھىمايە قىلغان قىممەت قارىشى» دەپ كۆرسەتتىدۇ. فرانسىيە مۇتەپەككۇرى، جەمئىيەتشۇناس پىئېر بوردىئۇ (1930 ـ 2003) بولسا: «زىيالىي دېگەن قالپاقنى كىيمەكچى بولغانلار چوقۇم ئالاھىدە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئارتۇقچىلىقنى شۇ ساھەدىن باشقا ئىجتىمائىي ساھەلەردىمۇ جارى قىلدۇرالايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. ئەنگلىيە جەمئىيەتشۇناسى زىگمۇند باۋمەن (1925) بولسا: «زىيالىينىڭ مەنىۋى تۆۋرۈكى ــ ئۆزىنىڭ يانماس ئىرادىسىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدۇر. بىر زىيالىي بولۇش ــ جەمئىيەتكە تەنقىدىي ۋە گۇمانلىق نەزەر بىلەن قاراشتىن ۋاز كەچمەسلىك دېگەنلىكتۇر. زىيالىي ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ساپ، دەرمانسىز ئىدىيە بىلەن كۈچلۈك سىياسىي نوپۇزنى تەنقىد قىلىدىغان، ئىككى تاش ئارىسىغا قىسىلىدىغان ئادەمدۇر. زىيالىيلارنىڭ تەسىرىدە ئاقارتىش ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان جەمئىيەت، تېخىرقاپ ئازاب چەككەنلەرگە ئەقىل نۇرىنى تارقىتىپ بېرىدىغان جەمئىيەتتۇر. زىيالىيلار سىياسىي ھوقۇققا قاتناشسا ، ئۇنداقتا ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە تەنقىدىي ئويلىنىش روھىنى ساقلاپ قالالمايدۇ» دەپ كۆرسەتتىدۇ. پىئېر بوردىئۇ بولسا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «زىيالىي دېگەن تامغا ئەسلىدىنلا كۆرەش قىلىش ئوبيېكتى بىلەن باراۋەر ئۇقۇمدۇر. زىيالىينىڭ ئىدىيىسى ــ ئۇنىڭ كۆرەشلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. ھالبۇكى، زىيالىي ھەم ھۆكۈمران ھەم ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى زىددىيەتلىك نۇقتىنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ. زىيالىيلارنىڭ مۇستەقىللىقىغا كېلىدىغان ئەڭ چوڭ خەۋپ ــ ئۆز چەمبىرىكىدىكى جان باقتى ئالدامچىلاردىن كېلىدۇ» دەيدۇ ۋە زىيالىيلاردىكى ھەمكارلىق روھىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ: «بىلىم چەمبىرىكىنىڭ ئەزالىرى بىلىمنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى!» دەپ چاقىرىق قىلىدۇ.

بىر جەمئىيەتتە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ چاكىنىلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسى ــ زىيالىيلارنىڭ ئەرزىمەس ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىشىدۇر. رېئال مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرغان ھالدا تەتقىقات قۇلچىلىقىغا بەند بولغان زىيالىيلار بيۇروكراتلارنىڭ قولىدىكى تېخنىكلارغا ئوخشايدۇ. ماغزاپ بىلىم تەتقىقاتى، ئىلىم ساختىپەزلىكى، ئەخلەت تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ھەرگىزمۇ ھەقىقىي زىيالىينىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. ئەمما، زىيالىينى جان باقتى قىلىۋېتىدىغىنى يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ماددىي مەئىشەتتىن باشقا ئىنتىلىشى يوق، تۇيغۇسى ماشىنىلىشىپ كەتكەن پۇچەك ئادەملەردۇر. يامان بولغىنى ، بۇنداق پۇچەك ئادەملەر مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ساھەسىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بىر ئىجتىمائىي مۇھىتتا پۇچەكلىكنىڭ جەمئىيەتلىشىشىگە پارنىك بولۇپ بېرىدۇ .

## ئىزاھلار:

[1] ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئىككى ـ ئۈچ بەت ئەتراپىدا بايان يېزىپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ بايان كۆپىنچە ھالدا پروفېسسورلارنىڭ شۇ ئوقۇغۇچىنى چۈشىنىشتىكى ئاساسى بوپقالىدۇ .

[2] سېمىنار ــ گورۇپپا مۇنازىرىسى ئاساسىدا تەشكىللىنىدىغان ، ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلار قاتنىشىپ پىكىر قىلىدىغان دەرس . تىلىمىزدا «سېمىنار» دېگەن سۆز ھازىر مەنىسىنى كېڭەيتىپ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان بولدى .

[3] كارل مەنخايىم ھونگرىيىدە تۇغۇلغان ، 1919 ـ يىلى بۇداپېشتتا پارتلىغان ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندا گېرمانىيىگە قېچىپ كەتكەن . گېرمانىيىدە فاشىزم تىرىلگەندىن كېيىن ، 1933 ـ يىلى لوندونغا بېرىپ لوندون ئىقتىساد پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى بولغان .

[4] فلورىيان زىنانىك ــ پولشادا تۇغۇلغان ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس ، شائىر . 1953 ـ يىلى ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان . ئۇ «مەدەنىي دۇنيا ــ قىممەت قاراش دۇنياسىدۇر ، ھەرگىزمۇ ماددىي دۇنيا ئەمەس» دەپ قارايدۇ ۋە بىلىمنىڭ ، ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىغا يۇكسەك باھا بېرىدۇ .

---

ئاپتور : ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى



تارىم مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى ئۆمەرجان ئىمىن ئەپەندى


《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市南湖东路 165 号石油大厦 16 楼
邮　　编：830011　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：6元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2010 ـ يىل 2 ـ سان (ئومۇمىي 302 ـ سان )
(قوش ئايلىق ئونىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل شەرقىي يولى 165 ـ نومۇرلۇق قورۇ نېفىت سارىيى 16 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون نومۇرى: 2856942(0991)
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ــ 58 باھاسى: 6 يۈەن

## ئەدىبلەر ئالبۇمىدىن



يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر، ئوبزورچى مۇھەممەت پولات،
ئەدەبىياتشۇناس ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان (ئوڭدىن سولغا)
ـ ئادىل ئىسمائىل فوتوسى